

# گۈلىستان

(سوۋيت پروزىسىدىن تەرجىمىلەر)

18

مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

# گۈلىستان

(سوۋېت پروزىسىدىن تەرجىمىلەر)

( 18 )

مىللەتلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇللا ئابلىز
مەسئۇل كوررېكتور: ھەمرا ھاسىل

# گۈلىستان (18)

## (سوۋېت پروزىسىدىن تەرجىمىلەر)

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى
ۋە نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1989 ـ يىل 1 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1989 ـ يىل 1 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 1.90 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

كىچىك مەش .............................ۋ. مىخالىسكى ( 1 )
ھېكايە ھەققىدىكى ھېكايە .....................ۋ. ماكانىن ( 67 )
پەيغەمبەر رەسىمىنى ئۇغرىلاش ئەنزىسى .........ل. يۇنىنا ( 98 )
لىيۇباۋا .................................ۋ. سۇكاچېۋ (175)

# کىچىك مەش

## ۋ. مىخالىسكى

بۇ ھېكايىلىرىم ئارقىلىق مەرھۇم
ئانام دىنائىدا ستېپانوۋنا مىخالىسكاياغا
تەزىيە بىلدۈرىمەن

قۇياش ھەممە ئادەمنى يورۇتىدۇ. قۇياش نۇرى ھەممىگە تەڭ چۈشىدۇ، ئۇ مېنىمۇ يورۇتىدۇ، دۈشمەنلىرىمنىمۇ يورۇتىدۇ. ھەتتا يەر شارىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ياشايدىغان، مەن جۇغراپىيە كىتابلىرىدىنلا بىلگەن ئەمما كۆرۈپ باقمىغان ئادەملەرمۇ قۇياش نۇرىغا چۆمىدۇ. بىزنىڭ كىچىك مېشىمىز ئانام بىلەن ئىككىمىزگىلا ئىسسىق بېرىدۇ. قۇياشنىڭ قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى تېخىچە بىلمەيمەن، كىچىك مەشنى بولسا دادام ئۆيدىن كېتىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ئېلىپ كەلگەنىكەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دادامنىڭ ئىز-دېرىكى يوق ئىكەن.

ئانچە چوڭ كۆرۈنمەيدىغان بۇ مەشكە ئىككى چېلەك كۆمۈر پومى سىغاتتى. ئورۇش ۋاقتىدىمۇ، ئورۇشتىن كېيىنكى خېلى بىرمەزگىللەرگىچىمۇ كۆمۈر يوق ئىدى — ئوۋاق كۆمۈرنى پوم قىلىپ قالايتتۇق. كۆمۈر پومى ياخشى كۆيەتتى، نېمە سەۋەبتىندۇ، مەشكە سېلىش ۋاقتىدا سۇ پۈركۈشكە توغرا كېلەتتى. مەن قالتىس پۈركۈيتتۇم: كارىدوردىكى ياغاچ تۇڭدىن بىر كورۇشكا سۇ ئېلىپ،

www.uyghurkitap.com

ئىسكىكى قوۋزۇمىنى كۆپتۈرۈپ، ”پۇۋ-پۇۋ-پۇۋ“ قىلىپ پۈركۈپ كېتەتتىم.

— پۈركىمىگىنە، ئاندرىيۇشا، پۈركىۋېرەمسەن! — دەيتتى ئانام مېنى توسۇپ. ئۇ چاغلاردا مەن تېخى كىچىك ئىدىم. بىر ئاز چوڭ بولغىنىمدا ئۇ ماڭا:

— پۈركۈشىنىغۇ تازا پۈركۈيسەن، بىراق سېنى ئامباردىن كۆمۈر ئېلىپ چىققىن دېسەم، ساڭا ھار كېلىدۇ، — دەيتتى.

ھار كەلمەيچۇ — بۇ سوغۇقتا ئامبارغا كىمنىڭمۇ كىرگۈسى كېلىدۇ، بولۇپمۇ ئاخشىمى قاراڭغۇدا، توڭلاپ كاللەكلىشىپ قالغان كۆمۈر پومنى قۇرۇق قول بىلەن كوچىلايدىغان گەپ-تە.

بىزنىڭ ئۆيىمىز دېگىنىز ياقىسىغا يىراق ئەمەس ئىدى، قىش كۈنلىرى ئۇۋان لەقەملىك شىمال شامىلى بىر چىققىلى تۇرىدىغان بولسا، بىرنەچچە ھەپتىگىچە توختىماي كېتەتتى. بۇ چاغدا كىچىك مەش بىزنىڭ بىردىنبىر باش پاناھىمىز بولۇپ قالاتتى. ئۆيىمىزدە ئوتۇن بار چاغلاردا، مەشكە سېپىق كۆمۈر پومى قالماي، ئوتۇن قالغان چاغلاردا، ئاغزى ئوچۇق مەشكە قاراپ تۇرۇش ماڭا بەكمۇ راھەت بولاتتى. بۇ مەشنىڭ ئىچى ئاجايىپ، جۇشقۇن، قىزىقارلىق بىر دۇنيا ئىدىكى، ئادەمنى سۆز بىلەن ئېيتىپ بەرگۈسىز دەرىجىدە جەلپ قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ دۇنياغا ئوخشاشلا بىمەنە ئىدى، چۈنكى ئاخىر بېرىپ ھەممە نەرسە كۈل بولۇپ كېتەتتى ۋەسسالام.

ھەتتا ئائىلە دېگەن سۆزمۇ ماڭا يىللىق دېگەن مەنىدە تۇيۇلاتتى، مەن ئۈچۈن ئائىلە ئەزەلدىنلا يىللىقلىق قاپلىغان بىرنەرسە ئىدى. بىزنىڭكىدە ئاۋۋال مېنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىم، مەشنىڭ مەندىن

كېيىن پەيدا بولغانلىقى تەبىئىي ئىدى، مەش بولمىسا، مەن قانداق ياشايتتىمكىن...بۇ ئۆزەمنى مەن دەپ ئاتىماي، ئۇ دەپ ئاتايدىغان، ئانامنى تاتىيانا پېتىروۋنا دەپ ئاتىماي، تانىيە دەپ ئاتايدىغان غەلىتە ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغاندەك بىر ئىش ئىدى.

...تانىيە پۈتكۈل ئۆمرىدە ھېچقاچان ئۆزىنى بۇنىداق لەززەتلەنىشتە، ئەركىن-بىمالاللىقتا، شادىمانلىقتا سەزمىگەنىدى. تانىيە ئۆزىنى گويا تۇغۇت دوختۇرخانىسىنىڭ كېسەلخانىسىدا ياتماستىن، بەلكى بۇلۇت قەرىدە يالىڭاياغ پېتى لەيلەپ تۇرغاندەك، سېخى قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرى تۆۋەندىن بۇلۇتنى يورۇتۇپ، ئۇنىڭ يالىڭاياغ پۇتلىرىنى يىللىتقانغا ئوخشاش تۇيۇلاتتى.

تانىيەنىڭ ئوغلى تولىمۇ ئاجىز تۇغۇلغانىدى، ئۇنى كۆرگەنلا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىپ كېتەتتى. ئەمما چىراي-تۇرقى شۇنىداق چىرايلىق ئىدىكى، تېرىسى خۇددى فارفور قاچىدەك ۋاللىداپ تۇراتتى، كۆپكۆك كۆزلىرى نۇرلىنىپ چاقناپ تۇراتتى، ساپسېرىق چاچلىرى بەك قويۇق ئىدى.

— بىز چىرايلىق بىر بالىنى ئېمىتىدىغان بولدۇق، — دېيىشەتتى سېستىرالار ئۇ ھەقتە.

تانىيە ۋە ئۇنىڭ ئېرى ئاندرېي يېڭى توي قىلغان چاغدىلا، بالىسى قىز تۇغۇلسا، تانىيەنىڭ ئانىسىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، بالىنىڭ ئىسمىنى مارىيە قويۇشقا، ئوغۇل تۇغۇلسا، ئاندرېينىڭ دادىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئىسمىنى ئىۋان قويۇشقا

① تانىيە — ئەركىلەتمە ئىسىم، تاتىيانا پېتروۋنا بولسا رەسمىي ئىسىم، ھۆرمەت نامى.

www.uyghurkitap.com

كېلىشكەنىدى.

كىشىلەردە ئاشۇ يىلى تۇغۇلىدىغان بالىلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇغۇل تۇغۇلىدىغاندەك تەسىرات پەيدا بولغانىدى، مەسىلەن، تانىيە ياتقان كېسەلخانىدا سەككىز تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ھەممىسى ئوغۇل تۇغقانىدى. تانىيەنىڭ كېسەلخانىدىكى ئايال ھەمراھلىرى بالىلىرىغا ئەدۇئارد، ۋالېرى، ۋىتالى دېگەنگە ئوخشاش ناھايىتى چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇشقانىدى، تانىيە بولسا ئۆزىنىڭ شاكىچىكىگە ئىۋان دېگەن قوپال ئاڭلىنىدىغان بىر ئىسىمنى قويۇپ قويغانىدى. ئۇ بۇ ئىسىمنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا نومۇس قىلغاندەك، بالىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتىمايتتى، ئەتىجەدە بالا ئىسىمسىز پېتى تۇرىۋەردى.

لېكىن تانىيە ئاندرېغا يازغان خېتىدە بۇ ئەھۋالنى دېمىدى. چۈنكى ئاندرېي ئۇنجى خېتىدە گويا دۇنيادا باشقا ئىسىم يوقتەكدەك قىلىپ، ئوغلىنى ئىۋانۇشكا① دەپ ئاتىغانىدى.

تانىيە بىلەن بىر ياتاقتا ياتقان تۇغۇتلۇق ئاياللار تانىيەگە تولىمۇ ھېرسىلىق قىلاتتى، چۈنكى ئاندرېي دوختۇرخانىغا بىر كۈندە بىرنەچچە قېتىم كېلەتتى ۋە دېرىزىنىڭ تۈۋىدە خېلىغىچە تۇراتتى.

تانىيە يەڭگىپ بەشىنچى ئاخشىمى بىر پارچە باغاق تاپشۇرۇۋالدى، ئۇنىڭدا: "دوختۇرلار بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇلار سېنى مۇددەتتىن بۇرۇن دوختۇرخانىدىن چىقىرىدىغاندەك تۇرىدۇ، سېنى ۋە ئىۋاننى تەشنالىق بىلەن سۈيىمەن. ئاندرېي" دەپ يېزىلغانىكەن.

باغاق تانىيەنىڭ قولىغا تەگكىنىدە، ئۇ بالىسىنى ئېمىتىۋاتاتتى،

---

① ئىۋاننىڭ ئەركىلىتىپ ئېيتىلىشى.

بوۋاق تازا بېرىلىپ ئېمىۋاتاتتى.

— ئىۋان، — دېدى ئۇ ئاستاغىنا، — داداڭ بىزنى خويمۇ سېغىنىپتۇ جۇمۇ!

تانيە بىرىنچى دېكابىر كۈنى دوختۇرخانىدىن چىقتى. تالا بەك سوغۇق ئىدى، ئۇنى ئېلىپ كەتكىلى كەلگەن ئاندرېي ئوغلىنى يۆگەيدىغان زاكىسنى قويىنىغا تىقىۋالغانىدى. قار قاپلاپ كەتكەن قاراڭغۇ كوچىدا شۇۋىرغان چىقىپ، قار ئۇچقۇنلىرى تانيەنىڭ يۈزىگە ۋە پاچاقلىرىغا ئۇرۇلماقتا — ئۇ ئېپىزغىنا ئۇزۇن يىپ پايپاق كىيگەنىدى.

— ئەمدى بالىنى ئىلاھقا چوقۇندۇرساق بولارمىكىن! — دېدى ئاندرېي شامال ئۇرۇپ تۇرغان كۆزلىرىنى سەل قىسىپ تۇرۇپ.

— نېمە — دەۋا — تىسەن؟

— ئىۋاننى دەيمەن، — دېدى ئاندرېي، بەختىيارلىق تۇيغۇسى ئۇرغۇپ تۇرغان يۈزىنى تانيەگە يېقىن قىلىپ، — بىزنىڭ ئىۋاننىڭ تۇنجى قېتىملىق جەڭگىۋار چوقۇنۇش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزسەكمىكىن!

— شۇنى دېگىنە، شۇۋىرغان چىقىۋاتسا ئەمدى...

شۇۋىرغاندا گەپلىشىش تەس بولغاچقا، ئۇلار يول بويى گەپلەشمەي مېڭىشتى، ئاندرېي بىلەن تانيە دېڭىز ياقىسىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدىن كىچىك بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئالغانىدى. بۇ خېلىلا تۈزۈك ئۆي ئىدى، بىراق كىرسىن ئوچىقى بىلەن ئىسسىتىشقا توغرا كېلەتتى.

— ئۆيگە يېتىپ كەلدۇق! — ئاندرېي دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكىنى دولىسى بىلەنلا ئىتتىرىپ ئاچتى، ئۇلار تاش ياتقۇزۇلغان كىچىك بىر ھويلىغا كىردى.

— بىردەم ئېلىپ تۇرغىنا، — ئۇ ئوغلىنى تانىيەگە بېرىپ، قولۇپىنى ئاچتى. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا سېسىق ئىس دىماغقا گۇپپىدە ئۇرۇلدى، ئۆينى كىرسىن ئىسى قاپلاپ كەتكەنىكەن.

— ھۇ كاساپەت! — ئاندرې ئىتتىك بېرىپ، تۇتەپ كۆيۈۋاتقان كىرسىن ئوچىقىنىڭ پىلىكىنى پەسلىتىۋەتتى، — ھەي كاساپەت! سىلەرگە ئۆينى ئوبدان ئىسسىتىپ قوياي دەپ، ئوچاقنى بىر كۈن ياققاندىم! — ئۇ نائىلاج مۈشتىنى سىلكىپ ھويلىغا چىقتى، — دېرىزىنى ئېچىۋەتسەم قانداق؟

— ياق، ئىس سىرتقا چىقىپ كېتىۋېرىدۇ. بالىنى ئېلىپ تۇرغىن، — تانىيە بالىنى ئۇنىڭغا بېرىپ ئۆيگە كىردى.

ئۇ ئۆينى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن ئىشىكنى يېپىۋالدى، لېكىن ئۆينىڭ ئىسسىقى چىقىپ كېتىپ، كۆيۈك پىلىك بىلەن ئىس ھىدىلا قالغانىدى.

— بۆشۈك تاپقانلىقىڭنى ماڭا نېمىشقا دېمىدىڭ؟ — دېدى تانىيە ئاندرې بالىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرگەندە، مۇغەمبەرلىك بىلەن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ماڭا تۇيدۇرمايلا سوۋغا قىلماقچى بولدۇڭمۇ-يە.

— ئەسلى شۇنداقمۇ ئويلىغانىدىم، بىراق ئۇنداق قىلالمىدىم. بۆشۈكنىڭ يېرىمى ھاۋارەڭ، قالغىنى بولسا — داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈردىن قۇراشتۇرۇلغان. مەن تېخى گەپنىڭ ئەڭ مۇھىمىنى ساڭا دېمىدىم. ئالدىنقى كۈنى بۆشۈكنى سىرلاشقا كىرىشكەنىدىم، ئېلېكتىر لامپىسى بىردىنلا ئۆچۈپ قالدى. ئەتىسى ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، چالىسىنى سىرلاپ بولماقچىدىم. ئىككىنچى كۈنى قايتىپ كېلىپ، ئىشىكنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسام، سىر قۇتىسى پولغا

ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. سىر ئەسلىدە يېرىم لىتىرلىق ئەينەك قۇتىغا قاچىلانغانىدى. قۇتا ئۆرۈلۈپ كېتىپ ھەممىسى تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ، مىلى تەستە ئۇنى پولدىن قىرىپ ئالدىم، قارىغىنا ئىزىنى.

— ھېچقىسى يوق. بىر ئۇبدان كىچىك كارىۋات ئىكەن، بەك ياخشى ئىكەن! ئۇنى ئۆزەڭ ياسىدىڭمۇ؟

— ئۆزەم بولمايچۇ، مەن ياسىماي كىم ياسايتتى؟ زاۋۇتتىكى تارماقلارنىڭ بىرى ئەتسىلىكىدە ماڭا بىر مەش بەرمەكچى بولدى. بىر يىلغا يەتكۈدەك ئوتۇنمۇ تەييارلاپ قويدۇم. ھەممىسنى ھەرىلەپ، يېرىپ قويدۇم، ساڭا ئەتە كۆرستىمەن. ئەڭ مۇھىمى — تولۇق بىر ھارۋا كۆمۈر پومى تەييارلاپ قويدۇم، ئويلاپ كۆر — بىر ئۆيگە لىق كېلىدۇ دېگىنە! زاۋۇتنىڭ ماڭا شۇنچە كۆپ نەرسە تەستىقلاپ بېرىدىغانلىقىنى، شۇ قەدەر ئەتىراپلىق ئويلىنىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن!

— پاھ تولىمۇ ياخشى بوپتۇ! بىزگە ئىككى قىش يېتىدۇ. مېنىڭمىزمۇ بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئۆي ئوتۇن، كۆمۈر تۇرسا، بۇ ئۆي جەننەتتەك بولۇپ كېتىدىكەن-دە!

تانيە كىرسىن ئوچىقىنى يەنە ياقتى. ئوغۇلچاق ئاتا-ئانىسىنىڭ كارىۋىتىدا توغرىسىغا يېتىپ تاتلىق ئۇخلىماقتا ئىدى.

— نېمىدېگەن چىرايلىق-ھە! — ئاندرې ئېڭىشىپ قارىدى ئۇنىڭغا.

— ساڭا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ!... بۈگۈن ھەر ھالدا ئازراق بولسىمۇ بىرنەرسە يېمەگچۇ؟

— بىراق...

— بىراق! — دېدى تانيە ئۇنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ، —

ئۇشكاپتا ھېچنېمە يوق! سەنزە!

— مانا ھازىرلا بارىمەن! — ئاندرېي قىلىچە ئۈككىلەنمەيلا پەلتوسىنى كىيدى، — ھازىرلا بارىمەن!

تانىيە جاۋاب بەرمەي تۇرۇپلا، ئاندرېي ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى. كىرىسىن ئوچىقىنىڭ ئوتى بىردىنلا لىپىلداپ، ئۆچۈپ قېلىشقا تاس قالدى.

”ئەمدى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئاقارتقىلى بولمايدۇ! — دەپ ئويلىدى تانىيە قارىداپ كەتكەن توروُس ۋە تاملارغا قاراپ تۇرۇپ، — مەن بىر ياشقا كىرگىچە خۇددى پىچاق بىلەن بەدىنىمنى تىلغانىدەك چىرقىراپ يىغلايدىكەنمىشمەن، ئەمما بۇ بالا ھە دەپ ئۇخلايدۇ“...

بوۋاق خۇددى قورچاقتەك قىمىر قىلماي ياتاتتى.

— يېمەكلىك دۇكىنىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلگەن ئوخشىمامسەن! — دېدى تانىيە ئاندرېي چوڭ-كىچىك تۈگۈنچەكلەرنى كۆتۈرگەن پېتى ئىشىكتىن كىرگەندە ھەيران قېلىپ ۋە چاۋاك چېلىپ كەتتى.

— ھەممىسى قىممەت باھالىق نەرسىلەر، ئەمدى ھەممە نەرسە تەل بولدى، بۇنىڭ كارى چاغلىق، ئانىسى، تەبرىكلىگەندىكىن، تۈزۈكرەك تەبرىكلىشىمىز كېرەك-تە!

ئاندرېينىڭ ”ئانىسى“ دەپ چاقىرىپ سىلىشى ئۆزىنىمۇ، تانىيەنىمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى. ھەر ئىككىسىنىڭ ھېسسىياتى ئۇرغۇپ، گويا ئۇلار توي قىلغىلى نۇرغۇن يىللار بولغانىدەك، ئەمدىلىكتە نەۋرە كۆرىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدەك تۇيۇلاتتى.

— ھوي، ئاندريۇشا①، ھاراقمۇ ئېلىپ كېلىپسەن-دە! — تانىيە

① ئاندرېينىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

بويۇنداپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا چوككىتە بىرنى سۆيدى-دە، يۈزىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە چىڭ ياقتى. بايا ئۇلار ئاجايىپ ئوڭاي-سىزلىنىپ كېتىشكەنىدى، "ئانىسى" دېگەن سۆزگە ئۇ بەك سۆيۈنۈپ كەتتى، چۈنكى شۇ بىر ئېغىز سۆزدىن ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى بەختىيار تۇرمۇشى ۋە بىر-بىرىگە بولغان پاك-سەمىمىي مۇھەببىتى چاقناپ تۇراتتى.

— ھاراق بولمىسا، بۇنى قانداق تەبرىكلەش دېگىلى بولسۇن! — دېدى ئاندرې مىيىقىدا كۈلۈپ ۋە توڭۇپ كەتكەن قوللىرىنى ھوردىدى، — يەنە كېلىپ بۇنىڭغا تولۇق ئاساسىمىز بار-دە، بۇ ھەم قارشى ئېلىش، ھەم ئۇزىتىش... قىسقىسى... — ئاندرې ئېغىز ئاچالماي قالدى، — مەن ھەربىي سەپكە قوبۇل قىلىندىم.

تانيەنىڭ بەدەنلىرى بوشىشىپ، بالىنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئاندريۇشكا...ۋاي خۇدا! نېمىشقا بۇنداق بولىدىغاندۇ؟ نېمىشقىمۇ بۇنداق بولار! — تانيە چۆچۈپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپلا قالدى ۋە غۇدۇڭشىدى. ئۇ كۆڭلىدە ئاندرېينىڭ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشىنى، بۇ گەپنىڭ راست بولماي قېلىشىنى، بەش ئايدىن بۇيان ئۆزى ھەركۈنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقان ئۇرۇشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي بەختسىزلىكى بولماستىن، ئومۇمىي بەختسىزلىك ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى... ياللا، بىز توي قىلغىلى تېخى بىر يىل بولماي تۇرۇپ، ئايرىلمىقىمىز نېمىسى؟ بۇنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن؟ بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ — بىز ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز؟...دەپ ئويلايتتى.

ئاندرې خوتۇنىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ دولىسىنى

قۇچاقلىدى.

ــ ھېچقىسى يوق، تانىيە، كارى چاغلىق، يىغلىما، بولدى قىل، يىغلاۋەرمىگىن. بۇ، ئۇۋانغا زىيانلىق، يىغلىما!

تانىيە كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، داستىخان سالدى. قىزا، قۇرۇت، قەنت-گېزەك ۋە سۈرلەنگەن بېلىق ــ ئىشقىلىپ ھەممە نەرسە تەييارلانغانىدى، شۇغىنىسى بولكا يوق ئىدى. ئاندرې بولكا ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان، بىراق ماگىزىن ئەتە ئەتىگەندە ئېچىلىدۇدە.

ئۇلار كونىچە ئىككى ياغاچ ئورۇندۇقنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆزلە-رىنىڭ ئىقتىسادىي قۇۋۋىتىدىن ئېشىپ كەتكەن مۇشۇنداق بىر زىياپەت سورۇنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى، داستىخانىغا ياخشى تائام-لارنىڭ ھەممىسى قويۇلغان، پەقەت بولكا، مۇقىم تىنچ تۇرمۇش ۋە ئەتىگە بولغان ئىشەنچلا يوق ئىدى.

قىزىل ھاراق ئىستاكاندا پىلىلداۋاتاتتى.

ــ ئۇۋان ئۈچۈن ئىچەيلى، ــ ئاندرېينىڭ كۆزلىرىدىن كۆچلۈك ھېسسىيات چاقناۋاتاتتى ئىدى.

تانىيەمۇ ئېرى بىلەن قوشۇلۇپ رومكىسىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى.

ھاراق قورساقتا كىرىشى بىلەنلا، ئۇلار ئىسسىپ قالغاندەك بولۇشتى، ئۆيمۇ ئانچە سوغۇق بىلىنمەيدىغان، كەلگۈسىمۇ ئانچە غۇۋا ھېس قىلىنمايدىغان بولدى.

ــ ئۇ يىغلىمايدىغۇ؟ ــ ئاندرې ئەجەبلەندى.

ــ خاتىرجەم بول، ئۇ يىغلايدۇ.

تانىيە گېپىنى قىلىپ بولۇشىغىلا بالا قاتتىق يىغلىغىلى تۇردى.

— ئاۋازى نېمانچە قاتتىق ئۇنىڭ! — ئاندرې قاقاقلاپ كۈلدى، — ئۇ چوڭ بولىدىغان بولسا، جەزمەن چېركاۋدا ئىش تۇتىدىكەن-دە.
— سىيىپ قويۇپتۇ! -دېدى تانيە ئاستاغىنا، ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدىن بەخت نۇرى چاقناپ تۇراتتى، — سىيىپ قويۇپسەن ھە، جېنىم بالام!
ئۇ بالىنىڭ زاكىسىنى چاققانلىق بىلەن ئېچىپ، سۈيدۈك لاتىسىنى يەڭگۈشلىدى-دە، يەنە يۆگەپ قويدى.
— يىغلىمىغىن! جىدەل قىلمىغىن! بولدى، بولدى ئەمدى! بىرنېمە يېگۈڭ كەلدىمۇ؟ شۇنداق بولمايچۇ. سەن، دادام بىلەن ئانام تازا ھۇزۇرلىنىپ غىزالىنىۋاتىدۇ، مەن ئاچ ياتىمەن، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، دېمەكچىمۇ.
تانيە ئىزا تارتقاندەك بۇرۇلۇپ ئېرىگە ئارقىسىنى قىلىپ، بالىسىنى ئېمىتكىلى تۇردى. بالا بىردىنلا جىمىپ، شاپىلدىتىپ ئەمگىلى تۇردى.
ئۇلار كەچكى تاماقتىن كېيىن شاكىچىكنى بۆشۈككە بۆلەپ قويۇپ، ئۆزلىرىمۇ يېتىپ قېلىشتى.
جىمجىت قاراڭغۇ كېچىدە تاختايدىكى كىرسىن ئوچىقىلا ساغۇچ نۇر چېچىپ تۇراتتى، ئوتنىڭ سۇس نۇرى قىراۋ باغلاپ كەتكەن دېرىزىدە پىلىلداپ كۆرۈنەتتى. يوتقان نېپىز بولغاچقا، نەمخۇش تۆشەك بەدەننى سوغۇقتىن ئۆتكۈدەك مۇزلاتماقتا ئىدى.
— سەن بولمىساڭ قانداقمۇ قىلارمەن ئاندرې؟
— ئۇرۇش ئاياغلاشسىلا قايتىپ كېلىمەن.
— ئۇرۇش ئاياغلاشماي قالسىچۇ؟

www.uyghurkitap.com

ــ ساڭا دەپ قوياي، ئۇرۇش ئاياغلىشىدۇ...

تانىيە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىن بەزى سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا رەددىيە بەرمەكچى بولغانىدى، ئۇ سۆيۈۋېرىپ، تانىيەنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇزمىدى. ئۇ خوتۇنىغا بەكمۇ ئامراقلىق قىلدى. ئەمما تانىيە بۇنداق ئامراقلىقنى ياقتۇرمايتتى، چۈنكى ئۇ بۇنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى كېچە ئىكەنلىكىنى سەزگەندەك قىلاتتى.

ئاندرې ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، تانىيە جەينىكىنى تىرەجەپ ئازراق ئۆرە بولۇپ، سۆيۈملۈك ئېرىنىڭ چىرايىگە ھەۋەس بىلەن ئۇزاقىچە سەپسېلىپ قارىدى: ئۇنىڭ پېشانىسى كەڭ، چىراي ـ شەكلى كېلىشكەن، قاشلىرى قويۇق، كىرپىكلىرى قاپقارا ئىدى، كالپۇكلىرىدىن قەيسەرلىكىنىڭ ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى.

ئاندرې ناھايىتى چىرايلىق يىگىت ئىدى. تانىيە ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە سۆز ئاچقان ھامان، ئۇ كۆكۈش كۆزلىرىنى پىرقىرىتىپ، خىجىل بولغىنىدىن قىزىرىپ كېتەتتى ـ دە:

ــ نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ چىرايلىق يىگىت دېيىۋاپسەن ـ دە! قانداق، مەن قىز بالىمىكەنمەن؟ ــ دەيتتى.

"بالىمىز چوڭ بولغاندا ئۇنىڭدەك بولالىسا ياخشى بولاتتىغۇ!" دەپ ئويلايتتى تانىيە كۆڭلىدە. كىرىسىن ئوچىقىدىن بىردىنلا ئىس تۈتەڭگىلى تۇردى، تانىيە كارىۋاتتىن چۈشۈپ پىلىكىنى ئۆچۈرۈپ قويۇپ، يەنە ئىسسىق يوتقىنىغا كىرىپ، ئېرىنىڭ بىر تەكشى تىنىشلىرىنى ئاڭلاپ ياتتى.

تانىيە تۈن بويى كىرپىك قاقماي چىقتى، ئۇ ئاندرېغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ئىشلار ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ 18 يىللىق ھاياتى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنەتتى: بىر قىسمى ئاندرې

بىلەن تونۇشۇشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت، يەنە بىر قىسمى ئاندرىي بىلەن بىللە بولغان ۋاقىت ئىدى... ئەمدىلىكتە ئۇنى ئۈچىنچى قىسىم ۋاقىت يەنى ئاخىرقى بىر قىسىم ۋاقىت كۈتمەكتە ئىدى... بۇ ۋاقىت ئەتە-دىن باشلىناتتى، بۇ پۈتۈنلەي يات بىر ۋاقىت — ئاندرېيسىز... ئاندرېينىڭ تەبەسسۇملىرى بولمىغان، ئاندرېينىڭ ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدەك كۆيۈنۈشلىرى بولمىغان ۋاقىت بولاتتى. بۇ ئۈچىنچى باسقۇچ قاچانغىچە داۋام قىلار؟ توپتوغرا بىر يىل داۋام قىلارمۇ؟ بۇنىڭغا ئۇ چىدالارمۇ؟ ئۇنىڭ 360 كۈننى ئاندرېيسىز ئۆتكۈزۈشكە قۇربى يېتەرمۇ؟!

ئاندرىي قاتتىق ئۇخلىماقتا ئىدى، تانىيە بۇنىڭلىق بىلەن خاپا بولۇپ قالمىدى.

"ئارام ئېلىۋال، — دەپ ئويلىدى ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن، — ئارام ئېلىۋالغىن..."

ئەمما ئۆزى بولسا تۈن بويى كىرپىك قاقماي چىقتى، ئۆزىنىڭ ئەمدىلا باشلانغان كىشىلىك تۇرمۇشنى قايتا-قايتا ئەسلەپ چىقتى.

...ئۇ چاغلاردا ئۇ ئايروپىلانسازلىق زاۋۇتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكۇمدا ئوقۇۋاتاتتى، ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغانىدى.

ئۇنىڭ ئىشى لېكالو (ئەگرى سىزىق سىزىش ياكى ئەگرى سىزىقنى ئۆلچەشكە ئىشلىتىدىغان سىزغۇچ) ياساش ئىدى. تانىيە نەچچە كۈنلەپ جاپالىق ئىشلىگەنىدى، لېكىن ئۇ ھەرقانچە ئەجىر قىلسىمۇ، ئەينەكتەك سىلىق يۈزدە ھامان ئويمان-چوڭقۇرلۇق يوقالمايتتى، بۇنىڭغا ھېچ ئىلاج قىلالمايتتى. شۇ كۈنى ئۇ لېكالونى ئىشلەيمەن دەپ يەنە ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئىشتىن چۈشۈش سىگنالىنى ئاڭلىماي قالغانىدى، شۇنداق قىلىپ، سايمانىنى تاپشۇرۇپ

بىرىشكە ئارانلا ئۇلگۈردى.

ئۇ يۈگۈرگەن پېتى تراللىبۇس بېكىتىگە بارغاندا، ئادەمگە لىق تولغان تراللىبۇس ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى، ئۇ جالىداقىشىپ تاراقلاپ تۇرۇۋاتقان تراللىبۇس ئىشىكىنىڭ تۇتقۇچىنى بىر ئىرغىپلا سول قولى بىلەن چاققانلا تۇتۇۋالدى.

ئۇ پۈتۈن گەۋدىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى سىڭا قولىغا سېلىپ تۇرماقتا ئىدى. تراللىبۇسنىڭ سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلەشتى. تانىيە ئېسىلدىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى، تراللىبۇسنىڭ باسقۇچىدا يولۇچىلار قىستىلىشىپ تۇراتتى، ھەممەيلەن يېقىلىپ چۈشمەسلىكنىڭ كويىدا ئىدى.

— سەل ئالدىغا سۈرۈلسەڭلارچۇ، ئالدىغىراق! ماۋۇ قىزچاق يىقىلىپ چۈشەي دەپ قالدى! — دەپ توۋلىدى تراللىبۇستىكى بىر يىگىت، — ئالدىغىراق سۈرۈلسەڭلار! بىرئاز سىغدىلىشىڭلارچۇ!

قولاقچا كىيگەن بىر ئوغۇل بالا ۋاگونغا قىستىلىپ كىرىۋالدى. ئۇنىڭ قولاقچىسىنىڭ قولاقلىقى تانىيەنىڭ كۆزىنى توسۇۋالدى، سېمىزرەك كەلگەن بىر ھەدىمۇ قىستىلىپ كىرىۋالالىدى-دە، قولدىكى سومكىسىنى كۆپچىلىكنىڭ ئايىغى تەرەپتىن ۋاگونغا تەسلىكتە ئېلىپ كىرىۋالدى. ئاخىردا تانىيەمۇ تراللىبۇس باسقۇچىنى دەسسەپ تۇرۇۋالالىدى.

— ئالدىغىراق سىغدىلىڭلار! يەنە ئازراق سۈرۈلۈڭلەر! — ھېلىقى يىگىت يەنە توۋلىدى.

يولۇچىلارنىڭ دۈمبىلىرى خۇددى بىر تامدەك بولۇپ تانىيەنى توسۇۋالغانىدى، ئۇشتۇمتۇتلا بۇ تامدىن بىر يوچۇق پەيدا بولدى، شۇ يوچۇقتىن بىر ئادەم قولىنى تانىيەگە ئۇزاتتى — ئۇ قول قاپقارا

مايىلىشىپ كەتكەن كۆچلۈك قول بولۇپ، تانىيەنى تارتىپ ۋاگونغا، يىللىق ۋە قىستىلىپ تۇرغان ئادەملەر قاتارىغا كىرگۈزدى.

ئۇ ئۆز ئۆمرىدە بىر جۈپ ناتونۇش كۆزنى شۇ قەدەر يېقىندىن تۇنجى قېتىم كۆرۈپ تۇرماقتا. بۇ كىشىنىڭ قاش-كىرپىكلىرى كۆمۈردەك قاپقارا ئىدى، ئاپئاق چىشلىرى بولسا چىش پاراشوكى قۇتىسىنىڭ ئۈستىدىكى سۈرەتكە تامامەن ئوخشايتتى. ئۇلار ئىككىسى گويا يېسلاش ماشىنىسى بىلەن چىڭدالغاندەك قىستىلىپ بىر يەرگە كېلىپ قالدى. ئۆزىنىڭ كۆزىنىڭ ئۇنىڭ كۆزى بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن قورقۇپ تۇرغان تانىيەنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى...

ترالليبۇسنىڭ ئىچى بارغانسېرى بوشىماقتا ئىدى. ھازىر ئۇلار ئۇدۇل تۇرۇشاتتى، باشقا-باشقا تەرەپكە قارىشىۋالغانىدى. ترالليبۇس تانىيە ئوقۇيدىغان داشۆ تەييارلىق سىنىپىنىڭ بىناسى ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا، تانىيە ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ-لىككىدە چۈشۈۋالدى. ئاشۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە تانىيە ئۇنىڭ ترالليبۇس بېلىتىنى تۇتۇپ تۇرغان ئىنچىكە بارماقلىرىنى، چاپىنىدىكى تۈگمە ئىزىدا قالغان يىپنى ۋە خورمارەڭ بىرزىنت ئايىغىنى كۆردى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى خۇرۇم دەسسىلىپ پاسكىنا بولۇپ كەتكەنىدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تانىيە ئۇنى قايتىلاپ-قايتىلاپ ئەسلەيدىغان ھەتتا چۈشىدىمۇ ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۇ بىردىنلا ئاشۇ سۆيۈملۈك شەھەردە، تېپتىنچ كېچىدە كوچا سەيلىسى قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. تانىيەنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ ئىدىكى، شەھەردە شۇنچە كۆپ پىنھان سورۇنلار بار ئىكەن، شۇنچە

كۆپ تۇخۇمەك، زاراڭ دەرەخلىرى، شۇنچە كۆپ ئازادە ئورۇندۇق-
لار بار ئىكەن. ئۇ قەدىمىي ۋە تىپتىنچ كوچىدىكى ئورۇندۇقنى
تولىمۇ ياقتۇرۇپ قالغانىدى، بۇ ئورۇندۇق كەڭ بولۇپ، ئۈستىنى
ئۆزۈم بارىڭى قاپلاپ تۇراتتى. ئۇ ئاشۇ ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئۇزاق-
ئۇزاق ئولتۇرۇپ ئۇنى ئەسلەيتتى، سىغىناتتى، لېكىن ئۇنىڭ
چىراي-شەكلىنى ئانچە كۆپ تەسەۋۋۇر قىلىپ كېتەلمەيتتى، شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇ تونۇيالماي قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى.

تانىيە ئەڭ ئاخىرىدا لىكالۇنى بىرەر قارا داغ قالدۇرماي ياساپ
چىقتى، ئۇ ئەسۋاب ياسىغۇچى بەشىنچى دەرىجىلىك سىلىساز بولۇپ
باھالاندى. ئوتتۇرا تېخنىكۇمدىكى قىزلارنىڭ ئىچىدە يالغۇز تانىيەلا
كەسىپ جەھەتتە ئاشۇنداق يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشكەنىدى. كېلەر
قېتىم نەزەرىيىدىن ئىمتىھان ئېلىنىدىغان بولغانىدى.

شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ گۇرۇپپىسى سېخنىڭ تازىلىقىغا مەسئۇل
بولغانىدى. تانىيە ئوغۇل باللارنىڭ ھەممىسىنى پۇتبول ئويناشقا
چىقىرىۋېتىپ، ئانچە چوڭ بولمىغان سېخنى ئۆزى يالغۇز تازىلاشقا
كىرىشتى. ئۇ دەرۋازىدىن چىققاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان، ئەتراپ
ئادەمتىن تاشقىرى جىمجىت ئىدى. ئۇ بۇ جىمجىتلىقنى سېزىپ
كۆڭلى يايراپ كەتتى. ئىشتىن چۈشىدىغان چاغدىكى يۇقىرى دولقۇن
ئۆتۈپ كەتكەن، تراللېبۇس بېكىتى قۇرۇقلا قالغانىدى. ماشىنا
كۆتۈش لاپىسىدا، سىم تورغا ئېلىنغان ئېلېكتر چىرىغى خىرە يورۇپ
تۇراتتى، ئۇنىڭ سارغۇچ نۇرلىرى ئادەمنى مەيۈس قىلىدىغان بىر
خىل كەيپىيات پەيدا قىلىپ، ئەتراپتىكى جىمجىتلىقنى تېخىمۇ
كۈچەيتمەكتە ئىدى.

تانىيە ماشىنا كۈتۈش لاپىسى ئاستىغا كەلگەندە، بىردىنلا ئۇنى

سوٛر بىسىپ كەتتى ـــ يىگىتنىڭ بوٗ يەردە، ئۆزىنىڭ يېنىدا توٗرغانـ لىقىنى سەزدى، شوٗنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قىپقىزىل كۆيـوٗپ توٗرغان تاماكا قالدوٗقىموٗ كۆزىگە چېلىقتى. بوٗ چاغدا بوشلا بىر تىرالـلىبوٗس تاراق ـ توٗروٗق قىلىپ بىكەتكە يېتىپ كەلدى ۋە كۆكوٗش ئوٗچـقوٗن چىقاردى. تىراللىبوٗستا ئوٗلار ئىككىسىدىن باشقا يولوٗچىموٗ يوق ئىدى. بېلەت ساتقوٗچى قىز خالتىدىكى تىيىنلارنى شاراقشىتىپ، كىرەكـسىز بېلەتكە نېمىدوٗ بىرنېمىلەرنى يازماقتا، ئېهتىمال هۆكوٗمەتنىڭ كىرىمى بىلەن ئۆزىنىڭ كىرىمىنى هېسابلاۋاتسا كېرەك. ئوٗلار ئىككىسى قوٗپقوٗروٗق تىراللىبوٗستا ئولتوٗراتتى، تانىيە يالغوٗز كىشىلىك ئورۇنـدوٗقتا، ئوٗ يىگىت بولسا ئارىدىكى بوشلوٗقنىڭ قارشىسىدا ـــ ئوڭ تەرەپتىكى كەڭ ۋە ئوٗزوٗن ئورۇندوٗقتا ئولتوٗراتتى.

”ئەخمەق! هەي ئەخمەق، تازا ئۆتوٗپ كەتكەن ئەخمەق ئىكەنـ مەن! ـــ ئوٗ يول بويى ئۆزىنى ئۆزى تىللاپ ماڭدى، ـــ كەڭ ئورۇندوٗقتا ئولتوٗرسام بولماسمىدى! ئەخمەق!

تىراللىبوٗس دېرىزىسىدىن ئوٗلارنىڭ ئۆيى بار كوچا غىل ـ پال قىلىپ ئۆتوٗپ كەتتى.

”هېچقىسى يوق، ـــ دەپ ئويلىدى تانىيە، ـــ ئۆيدە ئولتوٗرغانـ نىڭموٗ مەززىسى يوق، يەنە بىرنەچچە بېكەت ماڭسام، داشۆنىڭ تەييارلىق سىنىپىغا يېتىپ بارىمەن. ئوٗ يەردە ساۋاقداشلىرىم ئوٗچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ئوٗلار ماڭا ئاخىرقى بىرنەچچە تاپشوٗروٗقنى قانداق ئىشلەشنى ئېيتىپ بېرىشى موٗمكىن...“

بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن بېلەت ساتقوٗچى يېقىمسىز ئاۋاز بىلەن بېكەتنى مەلوٗم قىلدى:

ـــ تەييارلىق سىنىپىغا كەلدوٗق.

"ئولتۇرۇۋېرەيا، — دېگەن قارارغا كەلدى تانىيە، — بەربىر سىنىپتا ھېچكىم يوق."

ئۇلار ئىككىسى ئەنە شۇنداق لام-جىم دېيىشمەي، ئايلانما يولنىڭ ئاخىرقى بېكىتىگە كەلدى. ھېلىقى يىگىت ترالليبۇسنىڭ بىر ئىشىكىدىن، تانىيە يەنە بىر ئىشىكىدىن چۈشۈپ، بىرى غەرب تەرەپكە، بىرى شەرق تەرەپكە قاراپ يول ئېلىشتى.

تانىيە كوچىنىڭ دوقمۇشىغا بارغاندا سەل تۇرۇپ، ترالليبۇسنىڭ ئىچىدىكى چىراغ يېنىشى بىلەنلا يەنە يۈگۈرگەن پېتى قايتىپ كەلدى. ئۇ ترالليبۇسنىڭ ئارقىسىدىكى ۋاگونىغا چىقتى-دە، يىگىتنىڭمۇ قايتىپ كېلىپ بىرىنچى ۋاگونغا چىققانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

"ئۇ مېنى كۆرمىدى، — تانىيە ھەم بەھۇزۇر، ھەم مەيۇس ھالدا خىيال سۈردى، — خۇداغا شۈكۈر، ئۇ مېنى كۆرمەي قالدى ياخشى!"

تانىيە ترالليبۇس باسقۇچىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ترالليبۇسنىڭ توپا بېسىپ كەتكەن دېرىزىسىنىڭ ئەينىكىدىن ئۇ يىگىتنىڭ يان تەرىپىگە، ساڭگىلاپ تۇرغان بېشىغا، ئۆزىنىڭ ئېسىدە ئېنىق قالغان قوللىرىغا... كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سەپسېلىپ قارايتتى.

يىگىت بولسا تەشۋىشلەنگەن ھالدا خىيال سۈرۈپ، بىراۋنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

"ئۇ كىمنى ئەسلەۋاتىدىغاندۇ؟ — دەپ سوئال قويىدى تانىيە ئۆزىگە، — مېنى ئەسلەۋاتامدىغاندۇ-يا؟ ئۇ مېنىمۇ ئەسلەرمۇ؟ ئۇ مېنىڭ نېمەمنى ئەسلەيدىغاندۇ؟ بۇنى بىلەلىسەم ياخشى بولاتتىغۇ!"

يىگىت بىر بېكەتتە چۈشۈپ قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى.

تانىيە كېچىدە مۇنداق بىر چۈش كۆردى...

www.uyghurkitap.com

ياز كۆنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى. يىگىت تانىيەلەرنىڭ ئۆيى تەرەپكە كېلىۋاتقۇدەك، ئۇچىسىغا ئاق كاناپتىن تىكىلگەن كۆڭلەك كىيگەن، بېلىگە كاۋكازچە كۆمۈش كەمەر باغلىغان ئىمىش. ئاسماندىكى كۆكۈش ئاي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۈزۈپ كېلىۋاتقۇدەكمىش. تانىيە چاچلىرى چۇۋۇق، يالىڭاياغلا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. يىگىت ئۇنىڭغا بىر تەخسە بەرگەنمىش، تەخسىدە يوغان بىر تىرىسك بېلىق تۇرغۇدەك، بېلىقنىڭ قاسىراقلىرىدىن كۈمۈش رەڭ نۇر چېچىلىپ تۇرغۇدەك. تانىيە ئۇنىڭ قولىدىن تەخسىنى ئېلىپ يەرگە قويۇپتۇدەك. تانىيە ئۇنىڭ ئايىغىنى — ئۇ ھېلىقى تىرالىلبۇستا كۆرگەن خورما رەڭ ئاياغنى سالدۇرغانمىش، ئاندىن ئۆيىدىن بىر داس سۈپسۈزۈك سۇ ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ قويۇپتۇ، بىردىنلا ھېلىقى سۇ قانغا ئايلىنىپ قالغانمىش...

تانىيەنىڭ ئانىسى ھەمىشە ئۇنىڭغا: بەزى چۈشلەر ئوڭىدىن كېلىدۇ، بەزى چۈشلەر تەتۈر كېلىدۇ، دەيتتى، ئۇنىڭ بۇ چۈشى ئوڭىدىن كېلەرمۇ ياكى تەتۈرىدىن كېلەرمۇ؟

ئانىسى كارىۋاتتا ئەمدىلا ئۆرۈلۈپ تۇرۇشىغا تانىيە ئۇنى ئويغاتتى:

— ئانا، مەن ناھايىتى كۈلكىلىك بىر چۈش كۆرۈپتۇمەن! ئانا، چۈشۈمگە تەبىر بېرىپ باقساڭ قانداق!

ئۇ دەرھال ئانىسىنىڭ كارىۋىتىنىڭ چېتىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ چۈشىنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى.

— يىگىت ئېكەن، قىزىم، ئۇ بىر يىگىت ئىكەن! چۈشۈڭدە لايىق يىگىتىڭنى كۆرۈپسەن، قاراپ تۇر قېنى، ئۆيىمىزدە توي بولغۇدەك! — ئانا كۈلۈپ كەتتى، بۇ گەپكە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىشەنمىدى —

www.uyghurkitap.com

تانىيە تېخى كىچىك ئىدى.

— بولدىلا، ئانا! نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسەن! — تانىيەنىڭ يۈزى لاپپىدا قىزىرىپ كەتتى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ مەستانە بولۇپ كەتكەندى — كۆرگەن، چۈشى ۋە ئانىسىنىڭ پەرىزى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى باشقا خىياللىرىنىڭ ئورنىنى ئالغانىدى.

"يىگىت!" دەپ ئويلاپ قالدى تانىيە كۆڭلىدە، ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى، ھەتتا كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

ئۇلار ھەر قېتىم دېگۈدەك ئىشتىن چۈشكەندە ئىككىسى بىر تراللىبۇستا قايتاتتى، تانىيە بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغانىدى. پاتقاقلىق بىر قىشتا، بىر قېتىم ئادەم بىلەن لىق تولغان تراللىبۇس كېتىپ قالدى، لېكىن ئاندرې بىلەن ئىككىسى بېكەتتە قېپقالدى. تانىيە تېخى ئۆزئارا تونۇشمىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ مۇنداق دېدى:

— پىيادە كېتەيلىچۇ!

ئاندرېنىڭ كالىچىدىن شىلىقلىغان ئاۋاز چىقىۋاتاتتى، كالاچلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى پاتقاققا پېتىپ قالدى، ئۇ ھېلىقى بىرزىنت ئايىغى بىلەنلا تانىيەنىڭ كەينىدىن پاتقاق كېچىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى...

"ئۇنىڭ پۇتلىرى جەزمەن توڭۇپ كەتكەندۇ" — تانىيە بۇنى ئويلىغان چاغدا بىردىنلا ھەم قورقتى، ھەم ئىچى ئاغرىدى، — ئۇ چاغدا مەن ئويلىمىغانىكەنمەن! ياق، ئويلىغانىدىم، بىراق ئويۇم توغرا بولمىغان — ئۇ چاغلاردا مەن بۇنى كۈلكىلىك ئىش دەپلا ھېسابلاپتىكەنمەن، گويا ئۇ قارىغۇدەك، يەنە كېلىپ بىردەمچىلىكتە ئۇنى ياخشى كۆرمەيمۇ قالغانىدىم، مەن نېمىدېگەن ئەخمەق-

ھە..." — ئۇ ئاندرېنىڭ پۈتنىي بىرئاز سىلاپ قويغاندىن كېيىن، يوتقاننىڭ چۆرىلىرىنى قىمداپ قويىدى.

شۇ ئەسنادا يەنە بىر ئىش ئۇنىڭ خىيالىغا كېلىۋالدى، بىر قېتىم ئاندرېي بىلەن ئىككىسى دېڭىز ياقىسىدىكى يارنىڭ ئۈستىگە چىقتى (ئۇلارنىڭ زاۋۇتى دېڭىز ياقىسىدا ئىدى)، ئۇلار ناھايىتى يىللىق، ئوت-چۆپلەر ئەمدىلا كۆكەرگەن، ئوتكەن يىلقى غازاڭلارمۇ يېيىلىپ ياتقان يەردە ئولتۇردى. يارنىڭ ئۈستىدە ھەممىلا جاينى يۇمشاق ئوت-چۆپلەر قاپلاپ كەتكەن، ئۇ يۇمران ۋە ئەۋرىشىمسىمان ئوتلارنىڭ غوللىرىغا كىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى قويشاتەك پارلاپ تۇراتتى. دەرەخلەرنىڭ بىخلىرى تېخى يېتىلمىگەن، لېكىن يوغناپ، قىزىرىپ قالغان. تېخى يېتىلمىگەن قىسقا قاناتلىق ھەسەل ھەرىلىرى دەرەخ بىخلىرى ئۈستىدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. ئاسماندا "مۇھەممەت" دېگەن نامدىكى جەنۇب شامىلى چىقماقتا ئىدى.

تانىيە بىلەن ئاندرېي ئاسمانغا زوق بىلەن قارىدى — يېقىملىق ھاۋا دېڭىزى زۇمرەتتەك دولقۇنلاپ تۇراتتى... ئۇلار ئۆزلىرىنى بۇ يېقىملىق دولقۇن بىلەن بىللە ئاسمان گۈمبىزىدە پەرۋاز قىلغاندەك سېزەتتى. تىك يارنىڭ نېرىسىدا، ئاسماننىڭ قەرىدە پايانسىز دېڭىز يالتىراپ تۇراتتى. دېڭىزمۇ خۇددى ئاسمانغا ئوخشاپ باھاردىن دېرەك بېرەتتى. مۇزلار ئېرىپ، سۇنىڭ يۈزىدىن يېقىملىق سالقىن شامال كۆتۈرۈلەتتى.

تانىيە بىردىنلا يىغلىۋەتتى، چۈنكى ئۆزىنى بەختكە چۆمگەندەك سېزىپ، ئالەمنىڭ شۇنچە چوڭ ۋە مەڭگۈ گۈزەل ئىكەنلىكىنى، بۇ گۈزەللىكنى ئۇلار ئىككىسى بىللە بايقىغانلىقىنى ھېس قىلغاندى.

www.uyghurkitap.com

— كەلگۈسىدە سەن يەنە يىغلىساڭ، پەقەت بەختتىن يىغلىغان بولسەن، — دېدى ئاندرې سەممىي ئىشەنچ بىلەن.

ئەمما ئاندرېيۇشا قاتتىق خاتالاشقانىدى... ئادەم ئۆزىنىڭ تەقدىرى ۋە تۇرمۇشىنى ئۆز ئىلكىدە ئەركىن تۇتالىسىدى كاشكى...

تانىيە ئېرىنىڭ ئېغىر ھەم يۇمشاق قوللىرىنى ئۆزىنىڭ كالپۇكىغا يېقىن ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ قوللىرىدىكى قاپارتقۇغا بوشلا سۆيۈپ قويدى. ئۇ گاراڭلىق قىلىپ، ئېرىنى خەقتىن بەك كۆنىدەپ تولىمۇ قىيناپ كەلگەنىدى. ئاندرې زاۋۇتنىڭ مۇنەۋۋەر ستانوكچىسى ئىدى، ھەر ئاينىڭ ئاخىرى ئۇدا بىرنەچچە كۈن سىختىن چىقمايتتى — ئىشلەپچىقىرىش پىلانى بەك جىددىي ئىدى. شۇ كۈنلەردە تانىيە بەكمۇ ھەسرەت چەكتى! ئۇ ئاندرېنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇپ، باشقا يولداشلارنىڭ ۋەزىپىسىنى پۈتتۈرۈشكە ياردەملىشىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئاندرې كەچلىك داشۆنىڭ تۆتىنچى يىللىق سىنىپىنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق دەرسىنى تاشلاپ قويۇپ، كېيىن بىرنەچچە كېچە تاڭ ئاتقۇچە كىتاب ئوقۇغانىدى. تانىيە بولسا ھېچ ئاساسسىزلا كۈنەشلىك قىلىپ، كاللىسىغا بولمىغۇر ئويلارنى كەلتۈرەتتى...

ئاندرېنىڭ ئۆگىنىشى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭكىدىن ياخشى ئىدى، شۇڭا باشقىلار ھەمىشە ئاندرېغا مۇراجىئەت قىلاتتى. ئۇلار ئاندرېنىڭ رەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ھەمىشە ساۋاقداشلىرىنى يولغا سېلىپ قويۇپ، پۈتۈن شەھەرنى كېسىپ ئۆتۈپ، تانىيەنىڭ دېرىزىسىنى يېنىك چېكەتتى. ئاندرې تانىيەنىڭ يېتىپ قالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ھەم ھەسرەت چەككەن، ھەم غەزەپلەنگەن تانىيە دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشاتتى-دە، تاكى

تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ چىقاتتى.

— تانيە، ساۋاقداشلىرىمغا ياردەم بەرمەي تۇرالمايمەن. ياردەم بەرمەسلىككە رايىم بارمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ شۇنداق قىلىمەن. بۇنىڭ ساڭا ئەلەم بولغۇدەك ھېچنېمىسى يوق...

ئۇلارغا بىرمۇنچە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان ھېلىقى ئاخشىمى ئاندرېينىڭ ئېسىگە كەلدى... قىزلارنىڭ سىنىپىدا ئاخىرقى ئىككى سائەتلىك دەرس ئۆتۈلمەيدىغان بولغانىدى. تانيە كەچلىك داشۆگە بېرىپ ئاندرېي بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنى بىكار ساقلاپ قالماسلىقنى ئېيتىپ قويۇش قارارىغا كەلدى. ئۇ كەچلىك داشۆنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقاندا، سىنىپتا دەرس ئۆتۈلۈۋاتقانىكەن. ئالدىنقى زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى قىز بىلەن بىر يىگىت تامغا تام گېزىتى ئېسىۋا-تاتتى. تانيە يوغان بىر تاۋاق ئاق قەغەزنىڭ باش تەرىپىگە يېزىل-غان مۇنۇ سۆزلەرنى كۆردى: "ئالاھىدە سان، ئاندرېي تىبورگىن[①]گە — مەكتىپىمىزنىڭ ئىپتىخارى، سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىش مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونىغا بېغىشلاندى". ئاستىغا: "ئاندرېي تىبورگىندىن ئۆگىنەيلى" دەپ يېزىلغانىدى. ھېلىقى قىز-يىگىتلەر تام گېزىتىنى ئېسىپ بولۇپ، يان تەرەپتىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى، بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىگە "كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتى" دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىقلىق تۇراتتى.

تانيەنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى-دە، ھېلىقى تام گېزىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ھەممە قىسقا ماقالىلەر ئاندرېيغا بېغىشلانغان بولۇپ، پۈتۈنلەي ماشىنكىدا ئۇرۇلغان، ئۇنىڭ-

---

① ئاندرېينىڭ فامىلىسى.

www.uyghurkitap.com

دىكى بىرمۇنچە خاتالىقلار سۆسۇن سىياھدا تۈزىتىلگەن. تىبورگىن — زاۋۇتىمىزنىڭ ئەقلىغە مۇۋاپىق تەكلىپ بەرگۈچىسى. تىبورگىن — ستاخانوۋچە خىزمەتچى①، تىبورگىن — ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچى. تىبورگىن — زاۋۇتىمىزنىڭ بىرىنچى تەنھەرىكەتچىسى. شان-شەرەپ تىبورگىنگە مەنسۇپ! ۋەھاكازا، ۋەھاكازالار. بۇلارنىڭ بەزىلىرى راست شۇنداق بولسىمۇ، بەزىلىرى ئۇنداق ئەمەس ئىدى...

بۇلارنى ئوقۇغانسېرى تانيەنىڭ مەڭز ۋە قۇلاقلىرى قىزىرىپ كەتتى.

قوڭغۇراق چېلىندى، دەرسخانىلارنىڭ ئىشىكلىرىمۇ تەڭلا تاراقلىدى، كارىدورنى ۋاراڭ-چۇرۇڭ، ئىس-تۈتەك ۋە كۈلكە ئاۋازلىرى بىر ئالدى.

تانيە ئالدىنقى زالدىن خىجالەتچىلىكتە تېز قايتىپ چىقىۋالدى. ئۇ تام گېزىتىنىڭ ئالدىغا بىر توپ ئادەم توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئاندرېي زادىلا كۆرۈنمىدى. قوڭغۇراق ئىككىنچى قېتىم چېلىنىپ، تام گېزىتى ئالدىدىكىلەر تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىنلا، ئاندرېي كارىدورنىڭ نېرىقى بېشىدىن ئالدىنقى زالغا كەلدى. ئۇ تام گېزىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن تام گېزىتىنى ئاۋايلاپ سويۇۋېلىپ، تۆت قاتلاپ، يىرتىپ-يىرتىپ ئىشىكنىڭ يېنىدىكى چوڭقۇر شۆپۈك ساندۇقىغا تىقىۋەتتى. ئۇ ھاياجانلىنىپ يۈزى تاتارغان ھالدا ئىشىكتىن چىقتى، ئەمما

---

① سوۋېت ئىتتىپاقىدا مۇنەۋۋەر ئىشچىلارغا بېرىلىدىغان نام. بۇ ئەسلىدە 30-يىللاردا مەيدانغا كەلگەن مۇنەۋۋەر كۆمۈركان ئىشچىسى ستاخانوۋدىن باشلانغان.

تانىيەنىڭ ئۇ يەردە تۇرغانلىقىنى كۆرمەي، ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. تانىيە ھېچنېمىنى چۈشەنمەي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى.

ئاندرې تام گېزىتىنى يىرتىۋەتكەنلىكى سەۋەبىدىن چوڭ ۋە كىچىك يىغىنلاردا تەنقىدلەندى. ئۇنىڭ كەمتەرلىكىگە ھېچكىم ئىشەنمىدى. "بۇرژۇئازىيە كەيپىياتىنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك" دېيىشتى يىغىندا سۆز قىلغۇچى يولداشلار بىر ئېغىزدىن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىمۇ بار ئىدى، ئاندرې ئاشۇلارغا ماتېماتىكا سوئاللىرىنى كېچىلىرىمۇ ئۇخلىماي ئىشلەپ بېرەتتى، ئۇ ئۇلارنى قولىقىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ، بىر يىللىقتىن يەنە بىر يىللىققا ئېلىپ چىققانىدى. ئەمدى بولسا ئۇلار ئۇنى "گۇناھسىنى تونۇش ۋە ئۆستىگە ئېلىش"قا دەۋەت قىلماقتا. ئاندرې بولسا ئۆزىنىڭ خاتالىقىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئۇنىڭغا زادى قايىل بولمايتتى، بىرمۇنچىسى ئۇنىڭ ئىنتىپاقتىن چىقىرىلىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى، بەزىلىرى بولسا ئەھۋال ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر دېيىشەتتى...

ئۇ تالاي-تالاي كېچىلەرنى ئۇزۇم بارىڭى بىلەن پۈركەلگەن ھېلىقى سۆيۈملۈك ئۆزۈن ئورۇندۇقتا تانىيە بىلەن گەپ-سۆز قىلىشماي جىمجىت ئۆتكۈزدى. ئۇلار بەزىدە بىر-بىرىگە قاراپ ئۇن-چىقماي ئولتۇراتتى، بەزىدە كەلگۈسىدىكى تۇرلۇك كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۈستىدە گەپلىشەتتى، بۇ كۈندىن-كۈنگە روشەن سېزىلمەكتە ئىدى. ئاندرېنىڭ شۆيۈەندىكى كۆپچىلىك ساۋاقداشلىرى، دوستلىرى بۇرۇن "ئۆزلىرىنىڭ باشلىقىنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرەتتى". ئەمدى-لىكتە ئۇنىڭ ئالدىدىن يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى.

ئۇستازلىرىمۇ ئۇنىڭ سالىمىنى ئېلىك ئالمايدىغان بولۇپ قالدى.

— ئاندرېيۇشا، ھېچقىسى يوق، "ئۇنىمۇ توگىمەنىدە تارتىلىدۇ" دېگەن گەپ بار، بۇ كۈنلەرمۇ ئاخىر بىر كۈن ئۆتۈپ كېتىدۇ. — تانىيەنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا ئاشۇنداق تەسەللىي بېرەتتى.

ئاندرې ئۇشتۇمتۇتلا موسكۋادا ئۆتكۈزۈلىدىغان زەربىدارلار يىغىنىغا چاقىرتىلمىغان بولسا، بۇ ئىشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاندرې سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئەقلىغە مۇۋاپىق تەكلىپ بەرگۈچىلەر مۇسابىقىسىدا غالىب بولۇش سۈپىتى بىلەن پايتەختتە تىزىمغا ئېلىنىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇ يىغىندىن قايتىپ كەلگەندە، ھاياجانلىق تىنچىسىپ، تۇرمۇش ئاستا-ئاستا ئىزىغا چۈشۈپ قالغانىدى. بارلىق تونۇش-بىلىشلەر، چالىراق تونۇشىدىغانلار ۋە ناتونۇش ئادەملەرمۇ گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئۇنى يەنە ياخشى كۆرىدىغان بولدى. دوستلىرى ئۇنى يەنە سوئال ئىشلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدىغان بولدى، ئۇستازلىرى يەنە تاغدىن-باغدىن گەپ قىلىپ، ئۇنى ماختاپ قويىدىغان بولدى، ئۇنىڭ سالىمىنى ئېلىك ئالمايدىغاندىن بىرىمۇ قالمىدى، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا تەبەسسۇم قىلىدىغان بولدى. قىسقىسى، ھەممە ئىش بالدۇرقى ھالىتىگە كەلدى، پەقەت تانىيە بىلەن ئاندرېنىڭ مۇناسىۋىتىلا بۇرۇنقىدىنمۇ بەك يېقىن بولۇپ كەتكەنىدى...

تانىيە ئورنىدىن قوزغىلىپ، بالىنىڭ بىر پارچە قۇرۇق لاتىسىنى تېپىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ كۆز يېشىدا ھۆللىشىپ قالغان قۇلاقلىرىنى، چاچلىرىنى ۋە بويۇنلىرىنى سۈرتتى.

ئاندرې چۈش كۆرۈپ ئىڭىرىدى ۋە جۆيلۈپ بىرنېمىلەرنى دېدى.

”ئۇ بىر كۈندە بىر ھەپتىلىك يول يۈردى، — دەپ ئويلىدى تانىيە كۆڭلىدە، — ھەم زاۋۇتقا، ھەم قوراللىق كۈچلەر بۆلۈمىگە، ھەم ئانىسىنىڭ يېنىغا، ھەم دورىخانىغا بېرىپ كەلدى... تۇغۇتخانىغا بىزنى ئالغىلىمۇ باردى. يول شۇنچە ئۇزاق! ھاۋا شۇنچە سوغۇق!...“

يېڭىدىن ئىسگە كەلگەن مۇنداق بىر ئىش تانىيەنىڭ يىغىسىنى كۈلكىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى: توي خېتى ئالىدىغان كۈنى ئاندرېي ۋېلىسىپىتكە مىنىپ تانىيەلەرنىڭكىگە كېلىپ، ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىدىن كىچىك بىر چامادانىنى ئېلىپ تانىيەگە بەردى.

— مەڭ، ئۆيگە كىرگەندە ئاندىن ئېچىسەڭ،...مەن سىزنى مۇشۇ يەردىلا كۈتۈپ تۇرىمەن، تېزرەك چىقىڭ!

ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي قالغان تانىيە چامادانىنى ئۆيگە ئېلىپ كىردى، تىرنىقى قايرىلىپ كەتكەچكە، تانىسىنىڭ چىگىسىك يېرىنى چىشى بىلەن تەستە يەشتى-دە، چامادانىنى ئېچىپلا ھەيران قالدى: چامادانىدا يېڭى ئۈزۈلگەن بىر دەستە ئاق ئەتىرگۈل تۇراتتى، بۇ گۈل شۇنداق يېڭى ئىدىكى، ئازراقمۇ پۈرلەشمىگەنىدى.

...ئوغۇلچاق ئۇخلىماقتا ئىدى.

ئاندرېي تاڭ ئاتماستىلا بېرىشكە ماقۇل بولغان ھېلىقى مەشىنى ئالغىلى كەتكىنىچە، تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى.

تانىيە دېرىزىنىڭ قىراۋ باغلاپ كەتكەن ئەينىكىگە بارمىقى بىلەن سىزىق سىزدى-دە، ئۇنىڭ يەنە دېمى سىقىلدى. ئۇ دېرىزىنىڭ يېنىدىن كېتىپ، سەپەرگە ئېلىپ ماڭىدىغان ھېلىقى كونا چامادانىنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى، ئۇ ھۆل لاتا بىلەن چامادانىنىڭ

سىرتىنى پاكىز سۈرتىۋېتىپ، ئىچىگە كېزىت سالدى. چامادانىدىن مېتال ۋە ماشىنا مېيىنىڭ ھىدى دىماغقا ئۇرۇلدى — ئاندرې ئۇنىڭغا سايمان سالاتتى — ئەمما تانىيەگە ئەتىرگۈل پۇرىغاندەك بولۇپ كەتتى...

تانىيە دېرىزىگە قارىغانىدى، ئۇنىڭ كۆزىگە ھېلقى ئامبارچاقنىڭ ئىشكى چېلىقتى، ئاندرې بۇ ئۆينى ياغاچچىلىق ئۆيى دەپ ئاتايتتى. بۇ يىل كۈزدە تانىيە تۇغۇت مۇناسىۋىتى بىلەن دەم ئېلىشنى باشلىغان چاغدا، ئۇلار ياغاچ ماتېرىياللىرى پونكىتىغا بېرىپ، تاشلاندۇق ياغاچ تاختايلاردىن بىرئاز سېتىۋالغانىدى، تاختايلار ھەم ئۇششاق، ھەم نېپىز ئىدى، تانىيەنىڭ نەزىرىدە بۇلار تاختاي ھېسابلانمايتتى. ئەمما ئاندرې بولسا خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك بەك خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇ ماتېرىياللارنى ئۆيىگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنى رەندىلەپ، يېلىم بىلەن چاپلاپ يۇرۇپ، ئۇلاردىن بىر ئىش ئۈستىلى ياسىۋالدى. ئۆينىڭ ئىگىسى ياغاچچى ئىدى، ئۇ ھويلىدا بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، يولىيورۇق كۆرسىتەتتى. ئىش ئۈستىلىنى ياساپ بولغاندىن كېيىن، ئاندرې تانىيەگە بىللە كىنوغا بېرىشقا خۇشاللىق بىلەن ۋەدە بەرگەنىدى — ئۇنىڭ كىنو كۆرۈشكە زادىلا چولىسى تەگمەي كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا ئۇ تۆمۈر - تەسەك يايمىسىدىن كونا ئامبۇر، قول ئۇشكىسى ۋە باشقا تۈرلۈك قورال - سايمانلارنى سېتىۋالدى. ئۇلار بازار ئايلانغاندا، ھامان جاڭجاللىشىپ قالاتتى. تانىيە ئاندرېينى تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىغا كىرىپ "قاراپ بېقىش"قا تارتسا، ئاندرې ئۇنى مىلىچ ماللار ماگىزىنىغا بېرىشقا سۆرەيتتى، ئۇ يەرگە كىرگەندە بولسا ئاندرې ئۇشكە تىغى، ھەرە، ئىسكىنە قاتارلىق سايمانلارغا قاراپ

تويمايتتى، ئۇ سايمانغا خۇمار ئىدى، ئۇ شۇ سايمانلارنى خۇددى ئاياللار زىننەت بۇيۇملىرىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەتتى.

ئەمدى بولسا رەتلىك ئىسقلىق بۇ سايمانلار ئىگە-چاقسىز قالغان...

ئىشىك ئېچىلىپ، ئاندرې ھىلقى كىچىك چۆيۈن مەشنى كانايلىرى بىلەن قوشۇپ كۆتۈرگەن پېتى ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ ئۆيگە كىردى.

— ئاندريۇشا! شۇنچە ئېغىر نەرسىنى...

— نەدە ئېغىر بولسۇن! — دېدى ئاندرې شوخلۇق بىلەن قولىنى سىلكىپ. — مەشنىڭ ئىچىدە بولكىمۇ بار تېخى.

— بولكىنىمۇ ئىسىگىدە تۇتۇپسەن، نېمىدېگەن ياخشى سەن ئاندريۇشا! — ئۇ ئاندرېنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ، نەم پۇراپ تۇرغان پاختىلىق چاپىنىغا چاپلاشتى.

تانىيە چۆيۈن مەشنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، توڭلاپ تاشتەك قېتىپ كەتكەن بىر پارچە قارا بولكىنى چىقارى. ئارقىدىنلا، ئاندرې مىڭ تەستە قولغا كەلگەن مەشنى قۇراشتۇرۇشقا كىرىشتى: مەشنىڭ كانىيىنى بۇرۇن تەييارلاپ قويۇلغان قاڭالتىر كۆزنەكنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆينىڭ سىرتىغا چىقىرىپ، تۆشۈك بىلەن كانايىنىڭ ئارىلىقىدىكى يوچۇققا تاشپاختا پارچىلىرىنى تىقتى. بىر سائەتكە قالمايلا ئوت يېقىپ كۆرۈپ باقتى.

مەش خۇددى ئادەمنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىدىغاندەك، قىلچە كاجلىق قىلمايلا يېنىپ كەتتى، ئىسمۇ يانمىدى، ئوتۇنغا تېزلا ئوت تۇتىشىپ، گۈركىرەپ كۆيگىلى تۇردى. ئۆي بىردەمدىلا ئىسسىدى، قىزىغان مېتال ھىدى، كۆيۈپ تۇرغان پىلىكنىڭ ھىدى ۋە كىرىسىن

ئوچىقىدىن چىققان ئىسسىنىڭ ھىدى ئارىلىشىپ كەتتى.

كىچىك مەش يېپىپىگى ئىكەن ـــ چوڭ ـ كىچىكلىكى مەنچىلىك كېلىدىكەن، خۇددى ئەينى زاماندا دۈمبەمدىكى سىيرىق تۆكلەرنىڭ چۈشۈپ كەتمىگىنىدەك، مەشمۇ پۈتۈنلەي داتلىشىپ، ھەممە يېرىنى توپا بېسىپ كەتكەن، مەشنىڭ سىرتىدىكى قۇم تۆشۈكچىلىرىگە توپا تىقىلىپ كەتكەنىكەن، ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە ماي يۇقۇپ قالغان ـــ ئۇ ماي تۆگىنىڭ يېنىغا قويۇلغانىكەن. دادام ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، ئوت قالاپ ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغىچە، ئۇ ئامبارنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياتقان، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرمىغان، دېمەك، دۇنيادا ئۇنىڭغا ھېچ ئىش يوقتەك بىكار تۇرىۋەرگەنىكەن. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئۇنى مەن بىلەن تەڭ، دەپ بىلىمەن ـــ ھەر ئىككىمىز يېڭى تۇغۇلغانىكەنمىز.

بۇ مەشكە بوۋاق ۋاقتىمدىن تارتىپلا ئاتا-ئانامغا ئامراق بولغاندەك ئامراق بولۇپ قالغانىكەنمەن، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق ۋەقەلەرنىڭ تۇغۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇنى يامان كۆرمەيدىكەنمەن. ئەمما خىلمۇخىل ۋەقەلەر تۇغۇلۇپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ مېنى كۆيدۈرۈپ قويۇش ۋەقەسىلا نۇرغۇن قېتىم يۈز بەرگەنىكەن! بىر قېتىم ئۇنىڭ ماڭا ئۆچمەس تامغا بېسىپ قويغانلىقى ئەڭ ئېغىر ۋەقە بوپتۇ. بۇ مەن ئىككى ياشقا كىرگەن چاغدا يۈز بەرگەن ۋەقە ئىكەن، كارىۋاتتا ئالىشىك دېگەن بىر مۈشۈكنى تۇتىمەن دەپ پالاققىدە يىقىلىپ چۈشۈپتىمەن، پېشكەللىك دېگەن شۇ، يالىڭاچ دولام قىزىپ قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن مەشكە تېگىپ كېتىپتۇ، ئانام مەشنى تىللاپ كېتىپتۇ، ھەتتا يېرىندا بىلەن ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ،

مەنمۇ بىرچەتتە تۇرۇپ ئۇنىڭغا پوپوزا قىلىپتىمەن:
سىنى ئۇيىمەن، سىنى ئۇيىمەن، سەن مەش دېگەننى ئۇيىمەن!
يارام ساقايغاندىن كېيىنلا تارتقان ئەلەملىرىمنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن، يەنىلا ئۇنىڭدىن قورقمايدىغان ھەم ئۇنى يامان كۆرمەيدىغان بولۇپ كېتىپتىمەن. ئۇنىڭغا ۋە ئادەمنى كۆيدۈرىدىغان ئوتنىڭ قىپقىزىل مەشنىڭ ئىچىدە چاراسلاپ كۆيۈشىگە ئىنتايىن ئامراقلىق بىلەن قارايدىكەنمەن.
كىيىملەرنى مەشكە قاقلىسا قۇرۇپ كېتەتتى. مەشكە ھەمىشە ئانام يوپكىسىنى سۆكۈپ ماڭا تىكىپ بەرگەن ئاسما شىم، ئانام ماڭا يۇڭ يىپتا توقۇپ بەرگەن پايپاق، ھەتتا يىما يەنى ئانام ماڭا ئەددىيالدىن قىلىپ بەرگەن كىگىز ئۆتۈك ــ بىز ئۇنى دەپسە دەپمۇ ئاتايتتۇق ــ قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ قاقلاپ قۇرۇتاتتۇق. مەن ئۇ يىمنىڭ ئۇستىگە تۆمۈر تۇمشۇقلۇق تاتارچە كالاچ كىيىۋالسام، ھېچنېمىدىن قورقمايتتىم!
ئۇ مەشتە نۇرغۇنلىغان ياخشى يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ يەيتتۇق! تيۇلىن مېيى سىلىنغان قوناق نېنى، قىزىلچا قاتارلىقلارنى پىشۇرۇپ يەيتتۇق... بىر قېتىم بىز مەشتە ئاپئاق كانادا ئۇنىدا يۇمشاق بولكا پىشۇرۇپ، تاۋۇز مۇرابباسىغا مىلەپ يېدۇق! بىراق مەن ئۆچىرەت تۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن بولكىنى مەشنىڭ ئۇستىگە قويۇپ قاقلاپ يېيىشنى بەك ياخشى كۆرەتتىم... قاتتىق توڭلاپ كەتكەن بولكىنى ئوتقا قاقلىسا شۇنداق ياخشى بولىدىكەنكى، بەك مەززىلىك پۇراپ، ئادەمنىڭ يىگۇسىنى كەلتۇرۇۋېتەتتى، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى يېمەكلىكنى ئۆمۈرۋايەت ئەسلىيەلمەيمەن.
خېلى ئۇزاققىچە، تاكى مەن سەككىز ياشقا كىرگۈچە، ئانام

ماڭا مەشكە ئوت قالاتمايتتى. لېكىن خېلى بۇرۇنسىدىنلا ئانام ماڭا مەشىنىڭ كۆلىنى ۋە داشقاللىرىنى ئېلىشقا سالىدىغان بولغانىدى. مەن خۇشاللىق بىلەن ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن مەشنى پاكىز ئادالاپ، مەشنى ئادەمنىڭ مەسىلىكى كەلگۈدەك كۆيىدىغان قىلىۋېتەتتىم، كۆل ۋە داشقاللارنى داسقا ئېلىپ، ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۆي بىلەن دەرۋازا ئارىلىقىدىكى يەرگە تەكشى يېيىپ قوياتتىم-دە، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەسسىلىپ بىر ئوبدان يول ھاسىل بولغانىدى — شۇنداق قىلىپ، مەشتىن چىققان كۆل-داشقاللار ئانام بىلەن ئىككىمىزگە ئەسقاتقانىدى، — دەرۋازىدىن ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغىچە بولغان ئارىلىق كۆلچەك، پاتقاق ۋە تېيىلغاق مۇز بولمايدىغان بولغانىدى....

— ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم! — دېدى ئاندرې يۈزىدىكى تەرنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ. — ئەمدى ئۇۋانىۇشكا ئىككىڭلار توڭۇپ قالماستىن، ئىسسىقىنا ئۆيدە مېنى كۈتۈپ ئولتۇرىدىغان بولدۇڭلار.

ئاندرې سائەت ئۈچتىن بۇرۇن ئەسكەر ئېلىش پونكىتىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشى لازىم ئىدى.

مەشتىكى ئوتۇن گۇرۇلدەپ كۆيمەكتە، ئۆيدە دىۋىرقاي پۇراپ تۇراتتى. شاكىچىك بۆشۈكىدە بىر تاتلىق ئۇخلىماقتا ئىدى. دېرىزىدىكى مۇزلار ئېرىدى، ئاندرې بىلەن تانىيە كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، كۆن نۇرىدا قارلار پارقىراپ تۇرغان كوچىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى.

— كەتمە! كەتمە! — دېدى تانىيە پەس ئاۋازدا قايتا-قايتا تەكرارلاۋېرىپ، — كەتمىگىن! — تانىيە ئۇنىڭ مەڭزىگە،

كۆچتۆڭگۆر بوينىغا، ئاپئاق دولىسىدىكى قارا مەڭگە مېھرى بىلەن سۆيگىلى تۇردى.

...شۇ يىل يازدا ئۇلار زادىلا ئۆزلىرىنى ئاپتاپقا سالمىغانىدى،... دېڭىز ياقىسىغا بىرەر قېتىم بېرىشنىمۇ چولىسى تەگمىگەنىدى، ئەمما دېڭىز ئۇلارنىڭكىگە يېقىنلا ئىدى، زەڭ قويۇپ قۇلاق سالسا، تىنىماي ئۆركەشلەۋاتقان دېڭىز شاۋقۇنىنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ تاماشا قىلىشقا چولىسى تەگمىدى. ئەتىيازدىلا تانىيەنىڭ ئانىسى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى. تانىيەنىڭ ئاچىسى ۋالىيە ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن دەپ خىزمىتىنىمۇ توختىتىپ قويىدى. ئانىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالاش، ئاچىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن پۇل لازىم بولاتتى.

— بۇ بىز غەم يەيدىغان ئىش، — دەيتتى ئاندرې، — ئىش ۋاقتىنىڭ سىرتىدا ئىشلەپ، پۇلنى كۆپرەك تېپىشىم كېرەك.

ھەر قېتىم ئايلىق بەرگەن كۈنى ئاندرې ئۆيگە قايتىپ كېلىشى بىلەنلا، ئادەتتىكىدەك چارچاپ ۋە قورسىقى ئېچىپ كەتكىنىگە قارىماي، بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپلا مائاشىنى تانىيەنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— تانىيە، بۇ پۇلنى چاپسان ئاناڭغا ئاپىرىپ بەر، — دەپ تاپىلايتتى.

— ئەتە ئاپىرىپ بەرسەم بولماسمۇ... — تانىيە گەپنىڭ ئاخىرىنى قىلغۇچە ئاندرې قۇلاقمۇ سالمايتتى، يەنە كېلىپ تانىيە پۇلنى ئېلىپ ئىشكتىن چىقمىغۇچە، ئاندرې تاماقمۇ ئولتۇرمايتتى...

— كەتمىگىن! — دېدى تانىيە تەكرارلاپ كۆزىگە ياش ئالغان پېتى.

www.uyghurkitap.com

ئاندرې ياتاتتى، خيال ـ ئويلارسىز ياتقاندەك ھۇزۇرلىنىپ، يىللىق تۇتەك ئىچىدە پەرۋاز قىلغاندەك بولاتتى، ئۇنىڭ تانىيەنىڭ نەسھەتىگە بويسۇنغۇسى كېلەتتى، مۇمكىن بولسىلا...

ــ ئاندريۇشا...

ــ نېمە؟

ــ مەن ئۇچۇن...

ــ سەن ئۇچۇن؟ تېخى بىلمەمسەن؟ نېمە قىل دېسەڭ، شۇنى قىلىمەن...

ــ راستمۇ؟

ــ ھەي، دەۋەرگىنە، نېمە كېرەك؟ ــ ئاندرې ئۇنىڭ يۈزىنى سىلىق سىلىۋىدى، تانىيە بۇ پۇرسەتتە ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈۋالدى ـ دە، غەيرەتكە كېلىپ دېدى:

ــ ئاندريۇشا، ئوغلىمىزغا سېنىڭ ئىسمىڭنى قويايلىچۇ. شۇنداق قىلساق، سېنىڭ يوقلۇقۇڭمۇ بىلىنمەس. ئىشقىلىپ، ئۇنى تېخى تىزىملاتمىدۇق. كەلگۈسىدە ئۇرۇش تۈگەپ، سەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىككىنچىسى تۇغۇلسا، ئۇۋان دەپ ئات قويارمىز. شۇنداق بولسۇن، ئاندريۇشا، ماقۇلمۇ؟ شۇنداق بولسۇن!

ئاندرې قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ ماقۇل كەلدى:

ــ خوپ، سەن چىڭ تۇرۇۋالغاندىكىن مەن نېمە دەيتتىم، شۇنداق بولسۇن. ئاندرې قويساق قويايلى. دېمەك، ئاتا ـ بالىنىڭ ئىسمى ئوخشاش بولدى دېگەن گەپ ــ ئاندرې ئاندرېيېۋىچ!

بۇ چاغدا مەن ئۇلارنىڭ مەن توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى

تۇيغاندەك، تېخى بايـﻼ ئـۇۋان ئـدىم، ئەمـدى ئانـدرى بولۇپ قالدىم دېگەندەك، ئاۋاز چىقىرىپتىمەن.

ئىنىم ئىۋانوشكا تېخى تۇغۇلمىغانىدى. لېكىن بىر قېتىم ئىـنىم توغرۇلۇق بولغان گەپ-سۆزلەرنى ئاڭـﻼپ قالغانىدىـم، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تېخى تۇغۇلمىغان ئىنىمنى ئويلايـدىـغان بولۇپ قالـدىم. ئىنىم توغرىـسـىـدىـكى گەپ-سۆزلەرنى مەن يەتـتە ياشـقا كىرگەن چېغىمدا، ئىككىنچى ئايدىكى بىر سىرلىق ئاخشمى ئاڭلىغانىدىم.

"ئىـفان" دەپ ئاتىـلـىـدىـغان شـىمال شامـىلى چىـقـماقـتا ئىدى، دېرىزىمىزنىڭ قاپقاراڭغۇ ئەمما پارقـىراق ئەينىـكـىـگە شامال گويا ئېگىشىۋېتىدىغاندەك ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئۆگزىگە يېپىلغان يىرتىق ماي قەغەزلەر قورقۇنچلۇق ھالەتتە پالاقـلايـتـتى. ئۆيـىنىڭ كېـسەك تاملىرى ئاران چىداپ تۇراتتى، بەزىدە ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغانـدەكلا قىلاتتى، "ئىفان" ناملىق شـىـمال شامـىلى بىزنى تۇتۇۋېـلـىـپ، مۇز قاپلاپ كەتكەن دېڭىزغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىدىغاندەك، بىز ئىككىنـچى قايتىپ كېلەلمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئەمما ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان مەشتىـكى ئوت تازا گۇرۇلـ دەپ كۆيمەكتە ئىدى، شۇڭا بىز بارلـىق شېرىـن ئۈمىدلىرىـمىزنى يوقىتىپ قويمىغانىدۇق. كىـرىـسـىـن چىـرىـغى خىـرە يورۇپ تۇرغان ئۆيدىكى مەش ئىسسىق بېرىپـﻼ قالماستىـن، يورۇقـمۇ بېرەتـتى — قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەن مەشتىن قىزغۇچ يورۇق چىقـىپ، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان سايە مەشنىڭ يېنىدىن لىپىلداپ ئۆتكەنـدەك، مەش نەپەس ئېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

چىراغ يورۇقىدا ئانام بىلەن ۋالىيە ئاچام جوزىدىكى پۇرچاقـنى

www.uyghurkitap.com

ئادالاۋاتاتتى، مەن رەڭمۇرەك پۇرۇچلاردىن ئىشلەنگەن قۇراق يوتقان سېلىنغان كارىۋاتتا گېزىتتىن قىيشىلىنغان كىچىك ئەسكەر-لەرنى ئويناپ ئولتۇراتتىم.

— كادېرنىنا يەنە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، — دېدى ۋالىيە ئاچام، — ئىسمىنى ئىۋان قويۇپتۇ.

— ئۇنىڭ تەلىيى بار ئىكەن، — دېدى ئانام، — ئاندرېي يولغا چىقىش ۋاقتىدا ئاندرىيۇشكاغا① ئۇنىڭ ئىسمىنى قويۇشنى قايتا-قايتا تەلەپ قىلغانىدىم ۋە ئۇنىڭغا سەن قايتىپ كەلگەندە يەنە بىرنى تۇغاي، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىۋان قويايلى دېگەنىدىم.

— نېمشقا تۇغمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم مەن زېرەكلىك بىلەن، بۇ چاغدا ئويىنغۇم كەلمەي قالغانىدى، مېنىڭ بۇ ئورۇنلۇق سوئالىم ئائىلىمىزنىڭ چوڭ-چوڭ ئىشلىرى قاتارىدا مەڭگۈلۈك خاتىرىگە كىرگۈزۈلدى.

— چۈنكى، — دېدى ئانام، بىراق ئاچچىقىدا سۆزىنى داۋاملاش-تۇرالماي قالدى. — ماڭ ئويۇنۇڭنى ئوينا، چوڭ ئادەملەر گەپ قىلىۋاتقاندا كىچىك بالا دېگەن لوقما سالمايدىغان! — دېدى-دە، كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

مەن رەنجىپ مۇشتۇمۇمنى چىڭ تۈگۈپ — مەن رەنجىپ قالغان چاغلىرىمدا شۇنداق قىلاتتىم — توۋلىدىم:

— لوقما سالمىسام سالماپتىمەن، قانچىلىك نېمىكەن ئۇ! ئۇ ئوغۇلنى ئۆزەم تۇغىمەن!

① ئاندرىيۇشكا — ئاندرېينىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى، بۇ يەردە يەتتە ياشلىق ئاندرېي كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئانام بىلەن ۋالىيە هامما ئاچام تازا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

مەن ئاچچىقىمدا يىغلىۋەتتىم، يىغلىغاندىمۇ شۇنداق قاتتىق يىغلىدىمكى، ئۆيىنى بېشىمغا كىيدىم. لېكىن بىر سائەتتىن كېيىنلا تىنچىپ گويا ھېچبىر ئىش بولمىغاندەك ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىر چەتتە ماڭا ئېگىشىپ قاراپ تۇرغان ئانام ئاچىسىغا دېدى:

— نېمە جاپا بۇ، شۇنداقمۇ ئاسان تېرىكەمدىغان، ئەجەب قورقۇتتىا!

ئېھتىمال، ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرىدىغان ھېلىقى غەلىۋە تۆپەيلىدىن بولسا كېرەك، تېخى تۇغۇلمىغان ئىنىم ئىۋاننوشكا توغرىسىدىكى ھېكايە مېڭەمگە ئاشۇنداق مەھكەم ئورنىشىپ كەتكەندى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئېسىمگە كەلسىلا، گويا ھايات ئادەمنى ئەسلىگەندەك بولۇپ كېتەتتىم.

دادامنىڭ كىچىك مېشىدە سېسىق كۆمۈر پومى ئەمەس، بەلكى ئوتتۇن كۆيۈۋاتقان چاغدا، مەشنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغان پېتىم ئىنىمنى ئالاھىدە بەك سېغىنىپ كېتەتتىم. بەزىلەر ناھايىتى بەختلىك ئىكەن، ئۇلار تۇغۇلۇش بىلەن تەڭلا دېگۈدەك دۇنيادىكى قۇياش نېمانداق يورۇق؟ نېمە ئۈچۈن شامال چىقىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئوت كۆيىدۇ؟ دېگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىكەن. ئەمما ئۆزەمنى ئالسام، ئوتنىڭ نېمە ئۈچۈن كۆيىدىغانلىقىنى زادىلا چۈشەنەلمەيتتىم، ھەتتا ھازىرغىچە بىلمەيمەن، ئاددىي قېيىن ئوتتۇنى، ياكى قارىغاي ئوتتۇنىدىن قانداق قىلىپ بېغىررەڭ، سۇررەڭ، توق قىزىل، بېشىل، سېرىق ئوت چىقىدىغاندۇ؟ ئوتتىكى مۆجىزە قانداق كېلىپ چىققاندۇ؟ ھازىر شۇنىسى ئېنىق ئېسىمدىكى، ئۇ چاغدا مەن كۆيۈۋاتقان ئوتتۇننى كۆرسەم، نېمە ئۈچۈندۇ كاللامغا: ئوتتۇن ئوتقا

ئايلىنالىغاندىكىن، نېمىشقا كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىردىنلا ئىنىمغا ئايلىنىپ قالمايدىغاندۇ؟ دېگەن ئويلار كېلەتتى.

بۇرۇن، ياخشى كۆرىدىغان ئەسكەر باشلاپ ئۇرۇش قىلىش ئويۇنىنى ئوينىغان چاغلىرىمدا، بەزى-بەزىدە دۈشمەننىڭ ۋاقتىنچە يېڭىۋېلىشىغا يول قوياتتىم، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇنداق ئىش بولمىدى. يوتقان دۆۋىسىدىن ھاسىل بولغان دۆڭلۈك (ئورمان، تاغ قاپتاللىرى)نىڭ ئارقىسىغا ئىۋانىنوشكىنىڭ قوشۇنى يوشۇرۇنغان بولاتتى، ئەڭ خەۋپلىك پەيتتە، مېنىڭ چاقىرغان ئاۋازىم بىلەن ئۇ خۇددى بىرەر ئىنىم قىلغاندىكىدەك تەرزدە بۆكتۈرۈلگەن ئەسكەرلەرنى جەڭ مەيدانىغا ئەۋەتەتتى-دە، نېمىس ئالۋاستىلىرىنى يېڭىپ چىقاتتۇق!

قىسقىسى، خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان قېۋرالدىكى ھېلىقى گۆڭگۈم ۋاقتىدىن كېيىن، ئىۋانىنوشكىنى زادىلا ئۇنتۇپ قالمىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، كېيىن مەن بىرئاز چوڭ بولۇپ، تۇنجى قېتىم بەختسىزلىككە ئۇچراپ كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولغان چاغدا دادامغا يازغان نۇرغۇن خەتلىرىمنىڭ بىرىدە: "بىرەر ئىنىم بولغان بولسىدى كاشكى..." دەپ يازغاندىم.

— مەن قوپۇپ ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالاي، — ئاندرېي تانسىيەنى ئىتتىرىۋېتىپ، كارىۋاتتىن قوزغىلىپ، خۇددى بىر كېچە قاتتىق ئۇخلاپ ئەتىگەنلىكى قوپقۇسى كەلمىگەن ئوغۇل بالىلارنىڭ دەرس ۋە تۇرلۇك پارچە-پۇرات ئىشلار بىلەن تولغان بىر كۈنلۈك ھاياتنى باشلاشنى خالىمىغىنىدەك، يالىڭاياغ پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئىككى مىنۇتچە بىكار ئولتۇردى.



www.uyghurkitap.com

ئوغۇلچاق ئاندرې جىمىپ قالدى.

مەشىنكى ئوت ئۆچكەندى، پەقەت بىرنەچچە تال ئوتۇنلا ۋىلىلداپ تۇراتتى. ئاندرې يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، پىچاق بىلەن ئوتۇندىن بىرنەچچە پارچە تۇتۇرۇق يېرىپ، ئوتنى باشقىدىن قالاشقا كىرىشتى.

— ئوتۇن پاتلا كۆيۈپ بولىدۇ، — دېدى ئاندرې، — لېكىن كۆمۈر پومىلىرى خېلى ئۇزاققا يېتىدۇ، بىر قىش، ھەتتا ئىككى قىشمۇ قالىشىڭلار مۇمكىن، — ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ بىردىنلا توختاپ قالدى. ئۆزىنىڭ ئىككى قىش ئۆيدە بولالمايدىغانلىقى ئۈستىدىكى گەپنىڭ ئىختىيارسىز ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە ئۆزىمۇ تېڭىرقاپ قالدى بولغاي، دەرھاللا سۆزنى باشقا ياققا بۇرىۋالدى:

— پارتكوم مېنى چاقىرتىپ، ئەقلغە مۇۋاپىق تەكلىپ بەرگۈچى بولغان مېنىڭ ۋەزىپەمنى ساقلاپ قېلىشنى تەكلىپ قىلغانىدى، مەن ئۇنى ملڭ تەسلىكتە ياندۇرۇۋەتتىم.

تانىيە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي قالغانىدى، ئاڭلاپ قالغان بولسا، ئۇ ئىككى قىش دېگەن سۆزنى، بولۇپمۇ خىزمىتىنى ساقلاپ قېلىش توغرىسىدىكى گەپنى ئۆتكۈزۈۋەتمىگەن بولاتتى. نېمىشقىدۇ، تانىيە بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئانىسىنى ئەسلەپ قالدى، ئەسلىگەندىمۇ تازا تەپسىلىي ئەتراپلىق ئەسلىدى: ئانىسى قاراڭغۇراق، دوراپۇراپ تۇرغان ئۆيدە ياتاتتى، كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنى بالىلىرى ئۇنى ياد ئەتمەكتە. ئۇ ۋالىيەدىن: ئۇلارنىڭ ئۇ يەردىكى ھال-ئەھۋالى قانداقتۇ؟ تانىيەنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ ھېلىقى ئوغۇلچاقنىڭ ئەھۋالىچۇ؟ تالا بەكلا سوغۇققۇ! دېگەنلەرنى توختىماي سوراۋاتسا كېرەك.

— ئاندريۇشا! ئاندريۇشا! قارا، پۇتۇڭنىڭ تىرناقلىرىنى، بەك ئۆسۈپ كېتىپتۇ! — دېدى تانيە بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ قالغاندەك، — تىرنىقىڭنى ئېلىپ قويايچۇ.

ئۇ كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى ساندۇقچىدىن قايچىنى ئالدى.

— ئۈلگۈرمەيدۇ، — دېدى ئاندرې بىرئاز ئوڭايسىزلىنىپ، — بولدى ئەمدى، زادى ۋاقىت قالمىدى.

ئاندرې ئۆزىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان تانيەنى دولىسىدىن قۇچاقلاپ يۆلەپ تۇرغۇزدى-دە، ئۇنىڭ قولىدىكى قايچىنى ئېلىۋالدى.

كىمدۇ بىرى ئالدىراشلا ئىشىكنى چەكتى. تانيەنىڭ ئاچىسى — ۋالىيە كىرىپ كەلدى، ئۇ قېلىن كىيىنىۋالغان، رومالىنىڭ ئۈستىگە يەنە پۈركەنچۈك پۈركىۋالغانىدى، تېنى ئاجىز، ئاغرىق چىراي كۆرۈنەتتى.

— ۋۇي، كېلىپ قاپسىزغۇ؟ — ئۇلار ئىككىسى دەررۇ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى، — شۇنچە سوغۇقتا پۈتۈن شەھەرنى كېزىپ ئۆتۈپ كەپسىز! سىز تۈنۈگۈن 39 گىرادۇس قىزىغان ئەمەسمىدىڭىز؟

— ھېچقىسى يوق، مانا مەن مېڭىپ كەلدىمغۇ. ئانام بەكمۇ ئەنسىرەۋاتىدۇ، سىلەر قانداقراق؟ ئۆي نېمانچە قارىداپ كەتكەن! بۇ نېمە بولغىنى؟

— كېرسىن ئوچىقىنىڭ ئىسىدا قارىداپ كېتىپتۇ، — دېدى تانيە قولىنى شىلتىپ.

— مەن بىرئاز چىلىغان بەسەي ئالغاچ كەلدىم، بۇنىڭغا ئامراق ئىدىڭ، ئاندريۇشا! ئىۋاننوۋنالارنىڭكىدىن بىرلىتىر سۈت ئالدىم. ئانام: تانيە چاي ئىچكەندە سۈتنى كۆپرەك قۇياتتى، بۇ بالىغا

پايدىلىق، دىدى. سۇت تۆمۈر قۇتىدا. بالىغىمۇ قىلىن چاپان، پوسما ئالغاچ كەلدىم — بۇلارنى ئانام يىتىپ تۇرۇپ تىكىپ چىقتى، ئوغۇلچاقنى كۆرۈپ باقايچۇ.

يەنە بىر كىم ئىشىكنى قاقتى — ئۆي ئىگىسى موماي كىرىپ كەلدى.

— ئۆيۈڭلەر نىمە بولۇپ كەتتى، ئوت كەتكەنمىدى؟ ۋاي خۇدايىمەي!

— كىرسىن ئوچىقنىڭ ئىسدا قارىداپ كىتىپتۇ، — دەپ ئىزاھلىدى تانىيە.

— نىمانچە شۇنچە بولۇپ كىتىدىغاندۇ! — موماي مەيۇسلەنگەن هالدا كالپۇكلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويۇپ ئۆيگە سىنچىلاپ سەپسىلىپ قارىدى.

— ئاقارتىمەن، ئالا قويماي تەكشى ئاقارتىپ چىقىمەن، — دەپ ۋەدە بەردى تانىيە مومايغا.

— مەيلى نىمە بولسا بولمامدۇ، — دىدى موماي بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — تانىيە سىنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقىڭنى تەبرىكلەيمەن، سىزنىمۇ تەبرىكلەيمەن ۋالىيە، سىزمۇ ئەمدى جىيەنلىك بولۇپسىز! ئاندرىيۇشانى مۇبارەكلەپ بولدۇق، ئۇ بىزنىڭ بوۋاي بىلەن بىللە يىرىم لىتر هاراق ئىچتى تىخى. تۈنۈگۈنلا كەلمەكچىدىم، ئىلىپ كەلگۈدەك بىرنەرسە يوق بولۇپ قالدى. ئاخشام خىمىر ئىتىپ قويغاندىم — بۈگۈن ئوبدان بولۇپ قاپتۇ، بۇ ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى. شۇنداق قىلىپ بىرئاز قىيمىلىق نان پىشۇردۇم، قۇرۇق قوللا تۇغۇت يوقلاشقا بولمايدۇ — ئۇ بەك سەت ئىش بولىدۇ.

موماي تۈگۈنچىكنى ئاچتى، تۈگۈنچەكتە ئىككى پارچە ئىسسىق

www.uyghurkitap.com

قيملىق نان تۇراتتى.

ــ ماۋۇ بىرى ساڭا بولسۇن، بۇنى ئاندريۇشا يولدا يېسۇن، قيمىسى تۇخۇم بىلەن بەسەيدىن قىلىنغان، ــ سەن بىر قېتىم بىزنىڭكىدە يەپ باقىقان، تولىمۇ ئامراقسكەنسەن، شۇڭا شۇنىڭدىن پىشۇرۇپ كەلدىم.

ــ رەھمەت، رەھمەت، كۈزمىنىشنا. ئولتۇرسىلا، ھازىرلا مەشتە چاي قاينىتاي، ــ دېدى تانىيە مېھماننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىۋېتىپ.

ــ ھوي، مېنىڭلار قالتىسىقۇ! ــ دەپ ماختاپ كەتتى كۈز-مىنىشنا، ــ مەن زەن قويماي قاپتىمەن! بۇ ھەقىقەتەن ئويلىمىغان يەردىن چىقتى، يارايسىز، ئاندريۇشا!

ــ نېمىدېگەن ياخشى مەش ـ ھە، ــ ۋالىيەمۇ موماينىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ــ مەنمۇ دىققەت قىلماپتىكەنمەن ــ بۇلارنىڭ ئۆيى نې-مانچە ئىسسىقتۇ، بۇ ئىتتىك مېڭىپ ئىسسىپ تەرلەپ كەتكەنلىكىمدىن بولسا كېرەك، دەپ قاپتىمەن تېخى.

ــ ئوت ئىسسىنۇېلىك، ۋالىيە، ــ دېدى ئاندرې، ــ سىلىمۇ ئىسسىنىۋالسىلا، ئولتۇرسىلا، كۈزمىنىشنا...

ــ ئاندريۇشا، نەدىمۇ ئولتۇرغۇدەك ۋاقتىم بولسۇن؟ ئوغۇلچاقنى ماڭا كۆرسىتىڭلارچۇ، كۆرۈۋېلىپلا چىقىپ كېتەي.

ھەممەيلەن بالىنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىغا كەلدى، موماي يۆگەكنى ئېچىپ، ئېڭىشىپ تۇرۇپ بالىغا سىنچىلاپ قارىدى.

ــ دادىسىغىلا ئوخشاپتۇ، چىراي شەكلى دادىسىنىڭ ئۆزى، دەل ئۆزى!

كۈزمىنىشنا تېخى سىرلىنىپ بولمىغان بۆشۈكتە ياتقان ماڭا قاراپ

تۇرۇپتۇ، مۇبادا شۇ چاغدا بىراۋ ئۇنىڭغا مېنىڭ ئۇنىڭ بۇ ئۆيىنىڭ كەلگۈسىدىكى خوجايىنى ئىكەنلىكىمنى ئېيتىدىغان بولسا، ئۇ جەزمەن چۆچۈپ كېتىدىكەن-دە. ئۇنىڭ بۇ ئۆيى ئىككى ئېغىزلىق بولۇپ، ئۈستى ماي قەغەزدە يېپىلغان، خام كېسەك بىلەن سېلىنغان، ئېرى بىلەن ئىككىسى بەش يىلدا سالغان ئۆي ئىكەن. راست، كېيىن بۇ ئۆينى مەن ئىگىلىدىم (ھۇججەتتە ئىككى ئېغىزلىق خام كېسەك بىلەن سېلىنغان ئۆي، ئومۇمىي كۆلىمى 24 كۋادرات مېتىر، دېڭىز ساھىلى كوچىسى يەتتىنچى نومۇرلۇق قورۇ دەپ ئىشىك دەپ يېزىلغان)، قورۇسى تاشتىن قوپۇرۇلغان (ھۆججەتتە، ئۆي ئەتراپىنىڭ كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىر، دەپ يېزىلغان)، ئۇرۇش باشلانغان يىلى كۈزدە دادام تىككەن بىر تۈپ شاپتۇلمۇ بار ئىدى.

ئۇرۇش باشلىنىپ يەنە ئىككى-ئۈچ يىل ئۆتكەندە، كۈزمىنىشنا ۋە ئۇنىڭ ئېرى بېلىقچىلىق مەيدانىغا ئىشلەپ پۇل تاپقىلى كېتىپتۇ، ئۇ يەر بىزنىڭ شەھىرىمىزگە 70 كىلومېتىر كېلىدىكەن. ئۇلار پۇل تېپىپ كېلىپ ئائىلە قوشۇمچە كەسپى بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغانىكەن: چوشقا، توخۇ، كالا باقماقچى — بۇ ئۇلارنىڭ پىلانى ئىكەن، لېكىن ئۇلار شۇ كەتكىنىچە ھېچبىر ئۇچۇر بولمىغان. ئۇلارنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكى ھەققىدە ئانام ئېيتىپ بەرگەنىدى، ئېسىمدە قالماپتۇ، بەزگەك كېسىلى بىلەن ئۆلگەنمىش دېگەندەك قىلىۋاتاتتى، شۇ چاغلاردا بۇ تەرەپلەردە بەزگەك كېسىلى خېلى كەڭ تارقالغانىكەن، كېزىك كېسىلىمۇ ئەۋج ئالغانىكەن، ئېھتىمال كېزىك كېسىلى بىلەن ئۆلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. ئۇرۇشتىن كېيىنلا ئۆيىمىزنىڭ ئىگىلىرى ھەققىدىكى شۇم خەۋەرنى ئاڭلىدۇق، ئۇلارنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى بولمىغاچقا،

www.uyghurkitap.com

ئۆي بىزگە قالغانىدى. بۇ ئۆيدە ئالاھازەل ئون يىلدەك قانۇنسىز ئولتۇردۇق بولغاي، كېيىن قوراللىق كۆچلەر بۆلۈمى بىلەن زاۋۇت باشقارمىسى ئانامغا رەسمىيەت ئۆتىشىپ بەرگەنىكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆي رەسمىي بىزگە تەئەللۇق بولۇپ قاپتۇ.

سىرتتا كۆلكە ۋە ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئاندرې بىلەن تانىيەنىڭ زاۋۇتتىكى ۋە داشۆسىدىكى بىر توپ ساۋاقداشلىرى بىلەن خىزمەتداشلىرى ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ، ئۆي دەرھاللا سوۋۇپ قاپتۇ، ئۇلار سىرتتىن ئېرىگەن قارنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كىرگەنىكەن، جوزا ۋە كارىۋاتقا چوڭ-كىچىك تۈگۈنچەكلەر توشۇپ كېتىپتۇ.

— ئوت كەتكەنمۇ نېمە؟

— نېمانچە قارىداپ كەتكەن؟

تانىيە سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

— ھەي، ۋارىسڭلارنى كۆرۈپ باقايلىچۇ! — دېيىشىپتۇ مېھمانلار ۋارقىرىشىپ.

ۋاقىت ئالدىراش ئۆتمەكتە ئىكەن.

سائەت ئىككى يېرىمدا مېھمانلار توپ-توپ بولۇپ ئىشىكتىن چىقىپ كوچىغا چىقىپتۇ. بىر كۈن يورۇق بەرگەن قۇياش بىردىنلا قارا بۇلۇتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. "ئىفان" دېگەن شىمال شامىلى سوقۇشقا باشلاپتۇ. كۆپچىلىك (ۋانىيەدىن باشقىلىرى، ئۇ يېرىم يولدىلا خوشلىشىپ ئانىسىدىن خەۋەر ئالغىلى كەتكەنىكەن) ئاندرېنى ئەسكەر قوبۇل قىلىش پونكىتىغىچە ئۇزىتىپ بېرىپتۇ.

— قايتىپ كېتىڭلار، دوستلار، ھەممىڭلارنىڭ ئىشى ئالدىراش، — دەپتۇ ئاندرې ئۇلارنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىپ، — بولدى ئەمدى، قايتىپ كېتىڭلار، ھەي كاساپەتلەر، بارىدىغان

يەرگە يېتىپ بېرىپلا سىلەرگە خەت يازىمەن، ھە!

— كېتەيلى، كېتەيلى، — قىزلار سۆزنىڭ تېگىگە يېتىشكەن، — ئۇلار ئىككىسى بىرنەچچە مىنۇت بولسىمۇ يالغۇز قېلىپ، بىر-بىرىگە قېنىشىۋالسۇن، يۈرۈڭلار، كېتەيلى!

كۆپچىلىك كېتىپ قاپتۇ، توغرىراقنى ئېيتقاندا، ئۇلار خۇشال-خۇراملىق بىلەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، تېيىلغاق ۋە قاراڭغۇ كوچا بىلەن كېتىپتۇ، دۇنيا قۇرۇقدىلىپ قالغاندەك بولۇپ قاپتۇ.

— مەن دەرھال خەت يازىمەن، بارىدىغان يەرگە بېرىپ، شۇ كۈنىلا خەت يازىمەن. ئىشۋاننوشكىغا ئوبدان قارا...ھە، ئاندرېيۇشكىغا، — ئۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا سۆزىنى تۈزىتىۋاپتۇ، — ئاندرې ئاندرېيېۋىچ!

دادام مېنى توڭۇپ قالمىسۇن دەپ، يۈزۈمگە پۈركەپ قويغان يۆگەكنىڭ بىر بۇرجىكىنى ئىككى بارمىقى بىلەن قايرىپ تۇرۇپ، كالپۇكلىرىنى سوزۇپ يۈزۈمگە يېقىپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆرە بولۇپ، بىر بارمىقىنى چىقىرىپ مېنى قورقۇتماقچى بولۇپتۇ:

— پەخەس بول، ئاناڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىغىن جۇمۇ! — دەپتۇ-دە، بىزگە تەتۈر قارىۋاپتۇ ۋە بېشىنى سىلىپ، ئەسكەر قوبۇل قىلىش پونكىتىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى سۆزى ئىكەن، گەرچە بىز كېيىن بىرنەچچە قېتىم سۆزلەشكەن بولساقمۇ — پۈتكۈل بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىمدە...

مەن بىرىنچى سىنىپتا خەت تونۇغاندىن باشلاپلا دادامغا خەت يېزىشقا كىرىشتىم:

"سالام، دادا!

خەير، خوش!

1948-يىل."

"سالام، دادا!
مەن سېنى سۆيىمەن.
خەير، خوش.

1948-يىل."

"سالام، دادا!

تۈنۈگۈن ئوقۇتقۇچىمىز بىزنى "پ" ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان سۆزلەرنى ئېيتىپ بېرىڭلار، دېدى. باشقىلار 'خوراز' ۋە 'پاراۋوز'① دېگەن سۆزلەرنى ئېيتىپ بەردى. مەن بىرىنچى بولۇپ: 'دادا'②، 'مەش'!»③ دېگەن سۆزلەرنى ئېيتىپ بېرىۋىدىم، ئۇ مېنى يارايسەن، دېدى. بىراق دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا رېيژى سېنى زادىلا يوق ئادەم، دەۋاتىدۇ، چۈنكى ھېچكىم سېنى كۆرمىگەنىكەن. مەن ئۇنى بىر مۇشت قويدۇم! ئەمدى ئۇنداق دېمەيدىغان بولدى. يەنە شۇنداق دەيدىغان بولسا — ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. ئانام يىغلاپ سالدى. مەن ئۇنىڭغا: ئۇرۇش تۈگىگەندە دادام جەزمەن قايتىپ كېلىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ بىزنى ياخشى كۆرىدۇ، دېدىم.

ئوغلۇڭ ئاندرېي

1948-يىل."

بىر قېتىم مەن ياز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى بالىخانىغا چىقىپ، كونا گېزىت، ژۇرنال، كىتاب ۋە تۈرلۈك ئەسكى-تۈسكىلەر ئىچىدىن بىر دۇنيا ئاتلىسىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ھېچقانداق بىر كىتاب

①②③ بۇلار "پ" ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان رۇسچە سۆزلەر.

مېنى ئاشۇ ئاتلاستەك ئۆزىگە جەلپ قىلمىغانىدى. مەن ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭدىكى سىياسىي خەرىتە، جۇغراپىيە خەرىتىسى، ئىندېكس ۋە پايدىلىنىدىغان ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم، بالىخانىغا پۈتۈنلەي قاراڭغۇ چۈشكىچە ئوقۇۋەردىم.

— ئانا، ھازىر ئۇ باشقا بىر مەملىكەتتە بولىسچۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن كەچكى تاماق يەۋاتقاندا، — بۇ ئەھۋاللارنى مەن بەزىبىر ئوغۇل باللارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانىدىم.

ئانامنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ، ئېغىر بىر تىنىدى-دە:

— تاڭەي، — دېدى...

ئېھتىمال ئۇ ماڭا، ئۆزەڭنى ئالداپ يۈرمە، دېمەكچى بولۇپ، بۇنداق قىلىشقا كۆڭۈل توختىتالمىغاندۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باشقا پەنلەرگە قارىغاندا جۇغراپىيىگە بەكرەك قىزىقىپ قالدىم ۋە چەت ئەلدىكى دادامغا خەت يېزىشقا باشلىدىم.

”رىسىم

ئا. ئى. تىبورگىنگە تەگسۇن

سالام، دادا!

تۈنۈگۈن مەن تاياق يېدىم. ۋېدە① ئىككىمىز رازۋېدچىك كىنوسىنى كۆردۇق. ئۇ كۈچلۈك ئىدى، يەنە كېلىپ كوچىدا پۈتبولنى ئەڭ ياخشى تېپەتتى. يولدا كېتىۋېتىپ ۋېكتور دېگەننى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىسا، غالىب دېگەنلىك بولىدۇ، دەۋەردى. يەنە: مەن كەلگۈسىدە رازۋېدچىك بولىمەن، دېدى. كېيىن بىز بىر توپ

---

① ۋېدە — ۋېكتورنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

www.uyghurkitap.com

چوك-چوك باللارغا يولۇقۇپ قالدۇق. ئۇلار بىزنى ئېگىز سەكرەشكە زورلاپ تۇرۇۋالدى. سەكرىسەك، يانچۇقىمىزدىكى تىيىنلار شاراقشىپ كېتەتتى. ۋېدە سەكرىۋېدى، ھېچنېمە شاراقشىمىدى. مەن سەكرەشكە ئۇنىمىسام، ئۇلار مېنى ئۇردى. شۇنداق بولسىمۇ زادىلا سەكرىمىدىم. كېيىن ۋېدە: مەن ئۇلارنى قايمۇقتۇردۇم — پۇلۇمنى ياغلىققا چىگىپ قويغانىدىم، شۇڭا شاراقلىمىدى، دېدى، بۇرۇن مەن ئۇنىڭدىن قورقاتتىم، ئەمدى قورقمايدىغان بولدۇم. دېڭىز سۈيى يىللىپ قالدى.

ئوغلۇڭ ئاندرې

1949-يىل.“

”ۋارشاۋا

ئا. ئى. تىبورگىنگە تەگسۇن

ئانام توي قىلدى. خاپا بولمىغىن، سۈرىتىڭ يەنىلا ئۆز جايىدا ئېسىقلىق تۇرىدۇ. ئانام ئۇنى پاكىز سۈرتۈپ تۇرىدۇ. پەلتويۇڭمۇ ئىشكاپتا ئۆز جايىدا تۇرىدۇ. ئەندىشە قىلمىغىن — ھەممە نەرسەڭنى ئوبدان ساقلايمەن. ئانام ئۇ ئېرىنى ياخشى ئادەم دەيدۇ. ئۇنىڭ يۈزى سالپىيىپ تۇرىدۇ، مەن ئۇنىڭغا ئۆچ. ئۇ، يازدا مەشنى مېنىڭ ئۆيۈمدىن يازلىق ئاشخانىغا يۆتكەيمەن دەۋاتىدۇ. ئۇنى مىدىرلىتىپ باقسۇنچۇ قېنى! تۈنۈگۈن ئانامنىڭ ئىدارىسىدىن ماڭا يېڭى يىل سوۋغىسى تەقدىم قىلدى. ئۇمۇ ئۆز ئىدارىسىدىن سوۋغا ئېلىپ كەلدى. لېكىن مەن ئۇنى تاشلىۋەتتىم. ئەتە يېڭى يىل بولىدۇ. يېڭى يىلىڭنى تەبرىكلەيمەن، سۆيۈملۈك دادا! مەن سېنى كۈتىمەن. مەن سېنى مەڭگۈگە كۈتىمەن ۋە مەڭگۈ ئۆيلەنمەيمەن.

ئوغلۇڭ ئاندرې

1950-يىل.“

"مارسېل
ئا. ئى. تبورگنگه تهگسۇن
سالام، دادا!
ئهجهب پهيزى بولدى دېگىنه! ئانامنىڭ ئېرىنى قوغلىۋەتتىم. ئۇ مېنى ئۇرماقچى بولۇۋېدى، مەن ئۇنىڭ قولىنى چىشلىۋالدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن ئانامغا، ئۆيدىن قېچىپ كېتىمەن، دېدىم، ئۇ قورقۇپ يىغلاپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر-بىرىنى تىللىشىپ كەتتى. كېيىن ئۇ كەتتى. مەن: ئۇ قايتا كېلىدىغان بولسا، جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويىمەن ياكى دېڭىزغا غەرق بولىمەن، دېدىم. ئانام ئەمدى توي قىلماسلىققا ۋەدە بەردى. مانا ئەمدى ھەممە ئىشىمىز ياخشى بولۇپ كەتتى. سەن ئانامغا خاپا بولمىغىن؛ مېنىڭ ساڭا خەت يازغانلىقىمنىمۇ ئۇنىڭغا دېمىگىن. تېزرەك قايتىپ كەلگىن! خەير، خوش.
ئوغلۇڭ ئاندرې
1950-يىل."
"لوندون ئا. ئى. تبورگنگه تهگسۇن
سالام، دادا!
ھازىر مەن قالتىس بولۇپ كەتتىم. مېنىڭ 'دوست 'دېگەن بىر ئىتىم بار. گېرمانىيىنىڭ پادا ئىتى. ئۇنىڭدىن ھەممە ئادەم قورقىدۇ، ھېچكىمنىڭ بۇنداق ئىتى يوق، ئۇ جىلتەمنى چىشلەپ مەكتەپكە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ ھەننىۋا ئىشنى بىلىدۇ، يات! تۇت! سەكرەپ ئۆت! دېگەنلەرنى ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويدۇم. ئۇ ماڭا بەكمۇ ئامراق، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئامراق.
مەن «روبىنسوننىڭ سەرگەردانلىق خاتىرىسى»نى ئوقۇپ چىقتىم. شۇ ئارالدا روبىنسوننىڭ ئورنىدا بىز ئىككىمىز بولغان بولساق

نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى! سەن، مەن ۋە ’دوست‘ بولغان بولساق كاشكى! تېزرەك قايتىپ كەلگىنە دادا.

ئوغلۇڭ ئاندرې

1951 ـ يىل.“

رئو ـ دې ـ جانېيرو ئا. ئى. تىبورگىنگە تەگسۇن

سالام، دادا!

’دوست‘ ئۆلۈپ قالدى.

مەن ئۇنى مال دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ كۆرسەتكەنىدىم. شۇنداق بولسىمۇ ئۆلۈپ قالدى. ’دوست‘ ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ئۆلۈپ قالدى، ئەمدى مەن يالغۇز قالدىم. بىرەر ئىنىم بولسىچۇ كاشكى، تېزرەك قايتىپ كەلسەڭچۇ دادا. تېز!

1952 ـ يىل.“

”پارىژ

ئا. ئى. تىبورگىنگە تەگسۇن

سالام، دادا!

ھازىر مەن پەلەمپەي بىلەن بالىخانىدىكى لاگېرىمىزغا چىقىپ، سىرتقا قارىغۇدەك بولسام، كۈن تاغنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈپ كېتىۋېتىپتۇ. پۈتۈن ئۇپۇق قىپقىزىل بولۇپ كېتىپتۇ.

مەن پەلەمپەيدە كۈننىڭ ئولتۇرۇشىغا قاراپ تۇردۇم، سىنىمۇ غەربتە ئاسماننىڭ يەنە بىر تەرىپىدە كۈننىڭ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن، خۇددى ئىككىمىزنى بىر تام ئىككى تەرەپكە ئايرىۋەتكەندەك، مەن ۋە سەن كۈن ئولتۇرۇۋاتقان ئىككى تەرەپتە تۇرۇۋاتساق كېرەك، دەپ ئويلىدىم. مەن ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتىم ـــ مەنزىرە شۇ قەدەر گۈزەل ئىدىكى، مەن ئۇنى تىل

بىلەن تەسۋىرلەش خىيالىغا كەلدىم. سىنى دەپ ئەمەس، چۈنكى سەن يەنە بىر تەرەپتە تۇرۇپ كۆرۈۋاتىسەن، مۇنداقلا ئويلاپ قالدىم، بۇنىڭدىن مەقسەت ئۇنى ساقلاپ قېلىش ئىدى.

مەن 'كۈن كۆيۈۋاتاتتى' دېگەن سۆزنى ئويلاپ تاپتىم!

راست، مېنىڭ ئويلاپ تاپقىنىم يامان ئەمەستۇ؟ مەن ئەينى ۋاقىتتىلا سېنىڭ جەزمەن ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم. ھەئە، مۇمكىن بولىدىغان بولسا، ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدىغان بىر شېئىر يازماقچى ئىدىم.

خەير، خوش.

ئوغلۇڭ ئاندرې

1953 - يىل. "

مەن بۇ خەتلەرنى بىر قاڭالتىر قۇتىغا سېلىپ، دادام ئۇرۇش-تىن ئىلگىرى تىكىپ قويغان ياڭاق تۈۋىگە كۆمۈپ قويدۇم.

ياڭاقنىڭ شاخلىرى دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى ئاسمان بوشلۇقىنى توسۇپ تۇراتتى، ئاسمان گاھ سۇزۇلۇپ، گاھ تۇتۇلاتتى. مېنىڭ تۇغۇلغان چاغدىكى زۇمرەتتەك كۆك كۆزلىرىم كۈل رەڭ بولۇپ قالدى. ساپسېرىق چاچلىرىمۇ قوڭۇررەڭ بولۇپ قالدى. كۈنلەر ئەگرى-توقايلىق بىلەن ئۆتمەكتە — بىر ئىسسىكەتتە، تۇراقسىز، بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ ئۆتمەكتە.

بۇ ۋەقە يەتتىنچى يىللىق سىنىپتا، نېمىس تىلى دەرسىدە يۈز بەرگەنىدى.

— ئاۋسلاند" — رۇسچە"چېگرا" دېگەن سۆزگە توغرا كېلەتتى. ئەمدى "چېگرىنىڭ" دېگەننى نېمە دەيدۇ؟ ئاۋسلاندىش دېيىلىدۇ. توغرا. ئەڭ ئاخىرقى رەتتىكىلەر، دەرسكە قۇلاق سېلىڭلار! — دېدى

www.uyghurkitap.com

ئايال ئۇقۇتقۇچى بورنى دوسكىغا ئۇرۇپ تاقشىتىپ، — تىبورگىن. ئۇخلىما! ئاۋسلاندىش. سوزۇق تاۋۇش تۇرلىنىدۇ.

— سوزۇق تاۋۇش تۇرلىنىدۇ، ئاۋسلاندىش، سوزۇق تاۋۇش تۇرلىنىدۇ، سوزۇق تاۋۇش تۇرلىنىدۇ! — ئۆگزىدىن ئېقىپ چۈشكەن، قار سۈيى دېرىزە ياقىسىدىكى ئاسفالىت يەرگە چۈشۈپ، مەرۋايىتتەك سۇ شارچىلىرىنى ھاسىل قىلاتتى. مەكتەپ قورۇسىدىكى دەرەخلەر كۆك چىقارغانىدى، يېڭى كەلگەن قارلىغاچلار كۈن نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان ئاسمان بىلەن يەر ئارىلىقىدا يۇقىرى-تۆۋەن شۇڭغۇپ پەرۋاز قىلماقتا، ھەممە جانلىقلار خۇددى بايرام ھارپىسىدىكىدەك، چىراي ئېچىپ جانلانماقتا.

مەن دادامنى ئەسلىمىگەنىدىم، بىراق ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا دەرسخانىنىڭ ئاپئاق ئېگىز ئىشىكىنى ئېچىپ، بىر بارمىقىنى چىقىرىپ مېنى چاقىردى. ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، بارمىقىنى شىلتىدى-دە، ئاندىن ئىشىكنى بوش يېپىپ قويدى.

— سوزۇق تاۋۇش تۇرلىنىدۇ. تىبورگىن، نەگە بارىسەن؟

ئايال ئۇقۇتقۇچى ئالدىمنى توستى.

— مېنى قويۇپ بېرىڭ! — دېدىم-دە، ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپلا كارىدورغا چىقتىم.

ئەكىس سادا ناھايىتى كۈچلۈك چىقتى، يوپيورۇق كارىدور گويا زەررىچىلەرنىڭ كۈن نۇرىدا ئۇچقان چاغدىكى ۋىڭىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلانغۇدەك جىمجىت ئىدى.

پەلەمپەينىڭ بۇرۇلىدىغان يېرىدە بىر ئادەمنىڭ سايىسى غىل-پال كۆرۈنۈپلا يوقاپ كەتتى، ئىككى پۇتۇم ئېغىرلىشىپ كەتتى، خۇددى چۈش كۆرگەنىدىكىدەك، كۆتۈرگىلى بولمايتتى. قاچاي دېسەممۇ

دەرمانىم يوق ئىدى.

"دادا،!" دەپ تازا توۋلاي دېگەنىدىم، لېكىن ئاۋازىم تەستە ئاڭلانغۇدەك چىقتى.

دەرۋازا تاراققىدە يېپىلىپ قالدى.

"يېتىشەلمەيمەنمىكەن؟"

خۇددى كېسەلدىن يېڭى قوپقاندەك، ئاستا بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ مەكتەپتىن چىقتىم.

قارشى تەرىپىمدىن بىر توپ ئەسكەر كېلىۋاتاتتى. توپتىكى بىر لىيەن قوشۇن ئىدى. شاگىدىكىلىك كىچىك بىر قىزىل بايراقنى كۆتۈرۈپ قوشۇننىڭ ئالدىدا ماڭماقتا.

— ناخشا ئېيتىڭلار! — دەپ توۋلىدى قوشۇننىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان لاۋازىمات باشلىقى.

ئاستا-ئاستا پاتتى كۈن ئېگىز تاغنىڭ ئارقىغا،
دەريا سايازلىقىنى تۇتەك ئالدى قوينىغا.

قوشۇن قاتارىدىن بىرى ياڭراق ئاۋازدا ناخشا باشلىدى:

ئۆتتى ئوتلۇق-سازلىقتىن باتۇر سوۋېت جەڭچىسى،
ئۇرۇش ئاياغلاشقىچە قايتماس يۇرتقا ھېچبىرى؛

ئاۋازى ياڭراق يۇزدەك يىگىت ناخشىغا جور بولدى:

يامغۇر يېشىن ھەم ئاپتاپ
ھەربىي كىيىمنى ئۆڭدۈردى،
جەڭچى ئوبدان ئاسرىغاچ
جەڭ بايرىقى ساق تۇردى!

بۇ قوشۇننىڭ ئادىمى كۆپ ئىدى، ناخشىنى تولىمۇ ياخشى ئېيتتى. ئۇلار دادامغا ئوخشىمايتتى، ئاكىلارغا پەقەت چوڭ

ئاكىلارغىلا ئوخشايتتى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى رەتلىك ھەربىي كىيىمىنىڭ رەڭگى ئۆڭمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇپ ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىۋاتقان بولماستىن، تىنچ گۈزەر-مىدىن چىقىپ قوشنا كوچىدىكى مۇنچىغا كېتىۋاتاتتى.

مەن ئۇلارغا، تاكى قوشۇنىنىڭ ئاخىرىدىكى قىزىل بايراق تۇتقان ئەسكەر كوچىنىڭ بۇرۇلىدىغان يېرىدە كۆزدىن غايىب بولغۇچە، ئارقىسىدىن قاراپ تۇردۇم. بۇ چاغدا ئىككى پۇتۇم بىردىنلا يېنىك-لىشىپ قالغاندەك سېزىلدى-دە، يۈگۈردۈم، ئۇدۇل كەلگەن يول بىلەن ئۆي تەرەپكە قاراپ چاپتىم.

يېنىمدىكى ئاچقۇچنى ئېلىپ ئۆيىمىزنىڭ ئىشكىدىكى قۇلۇپنى ئاچتىم-دە، دىققىتىمنى يىغىپ ئىككى ئۆينى كۆزدىن كەچۈرۈپ، كىيىم ئىشكاپىغا قارىسام، دادامنىڭ جىگەررەڭ پەلتوسى ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەلتونى كۈنلەرنىڭ بىرىدە قايتىپ كېلىپ تىنچ ھايات كەچۈرەرمەن دېگەن ئۈمىد بىلەن شۇ يەرگە قويۇپ قويغانىكەن. مەن دادامنىڭ سۈرىتى ئالدىغا كېلىپ، بارمىقىمنى چىقىرىپ، توق قىزىل سۈرەت رامكىسىنى تۇتۇپ كۆردۈم. دادامنىڭ چاچلىرى قاپقارا، كۆزلىرى چوڭ-چوڭ، قوۋۇزىدىكى زىناقلىرى يارىشىملىق بولۇپ، گويا ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ياق، توغرا ئەمەس. بۇ — قۇياش نۇرىنىڭ ئۇنىڭ يۈزىدە جىلۋە قىلىشى.

مەن ئەخمىقانە ئۆي بىلەنلا ھېلىقى ئۇزاقتىن بېرى ئوت يېقىل-مىغان مەشنىڭ ئاغزىنى ئاچتىم — گويا دادام شۇ يەرگە كىرىۋالغان-دەك! سوغۇق كۈل ۋە مەلۇم بىر خىل قۇرۇق خىيال كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى. دادامنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ھالىتىنى مەڭگۈ تەسەۋۋۇر

قىلالمايمەن، ئۇنىڭ ياردار بولغانلىقىنىلا تەسەۋۋۇر قىلىشىم مۇم-كىن. نېمىشقىدۇ، ھامان ئۇنىڭ قانغا مىلىنىپ كۆيۈشۈپ ياتقانلىقىنى تەسەۋۋۇرقىلالىتتىم، ئۇنى قۇتۇلدۇرىدىغان بىردىنبىر ئامىل — بىز-نىڭ ھېلىقى گۈرۈلدەپ كۆيـۈۋاتقان، ئۈستـىگە ھاۋارەڭ چەيـنەك قويۇلغان كىچىك مېشىمىز ئىدى. ھازىر مەن يەنىلا شۇنداق قۇرۇق خىيالدا ئىدىم...

— جېنىم ئوغلۇم، نېمانچە ھاسىراپ كەتـكەنـسەن، نېمە ئىش بولدى؟ — مەن يۈگۈرگەن پېتىم زاۋۇت باشقارمىسىغا بېرىـپ ئانام بىلەن كۆرۈشـكەن چـېـغـىمدا، ئانام مەنـدىن ئەنە شۇنداق دەپ سورىدى.

— ھېچ ئىش يوق، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە...

ئانامنىڭ چىرايىـغا قاراپلا، ئۇنىڭ ھېچنېمىـدىن خەۋىـرى يوق ئىكەنلىكىنى دەرھال بىلدىم.

— نېمىنى ھېس قىلدىڭ؟ بەدىنىڭ تىترەۋاتىدىغۇ. — ئانام مېنى قۇچاقلىدى. — سەن زادى نېمىنى ھېس قىلدىڭ؟

— مېنىڭچە... سەن كېسەل بولۇپ قالغاندەك تۇرىسەن.

— سەنزە! — ئۇ چېكەمـگە بىرنى سۆيـۈپ قويـدى، — دېمەك، مەن ئەمدى كېسەل بولمايدىغان ئوخشايمەن.

ئۇ يەنە بىردىنـلا مېـنى يالغانـدىن شۇنـداق دەۋاتـىدۇ، دەپ ئويـلىدى-دە، كۆلـۈپ كەتـتى ۋە قولـىنى شىلتىـپ ماڭا پـوپۇزا قىلىپ دېدى:

— ھوي، ئاندرې، تازا قۇرۇق خىيالچى بولۇپ كېتىپسەن-دە. سىلەردىن بۈگۈن ئالگېبرادىـن ئىمتىھـان ئېلىنىـدۇ، مەكتەپكە تېز قايتىپ كەتكىن!

www.uyghurkitap.com

مەن كوچىغا چىقتىم، كىتىۋېتىپ ئۆزەمچە چوت سوقتۇم:

"دادام نەگە كەتكەندۇ؟ هازىر نەدىدۇ؟ مەن راستىنلا ئۇنى كۆرگەن تۇرسام، كۆرگەندىمۇ مەن ئۇنى تونىغان، بىر كۆرۈپلا تونۇۋالغان تۇرسام...مېهمانخانىغا چۈشكەندىمۇ-يا، ئانام بىلەن ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇش ئەهۋالىنى بىلمەكچى بولغانمىدۇ؟ يا بولمىسا هازىر قوشنىلارنىڭكىدە ئولتۇرامدىغاندۇ؟ قوشنىلارنىڭ هەممىسى ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن، تاهازىرغىچە هەممىشە ئۇنى ئەسلەيدىكەن، بىراق، ئۇ دەرەخنىڭ كەينىگە ياكى قورۇق تامنىڭ كەينىگە مۆكۈۋېلىپ مېنى ماراپ تۇرامدۇ-يا؟ قورالىنىق كۆچلەر بۆلۈمى "ئىز-دېرىكى يوق" دېگەن بىر ئۇقتۇرۇشنى ئەپكىلىپ بەردى، لېكىن ئۇ هايات ئىكەن، ساق تۇرۇپتۇ، يەنە تېخى قايتىپمۇ كەلدى! قايتىپ كەلدى! ئۇنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم!"

هەممە قوشنىلار ۋە دوستلارنىڭكىنى بىر قۇر ئارىلاپ چىقتىم، لېكىن بىكاردىن-بىكار ئاۋارە بوپتىمەن. كېيىن مەن يەنە مېهمانخانىنىڭ يېنىدا خېلى ئۇزاق تۇرۇپ، كىرگەن-چىققانلارنى زەن قويۇپ كۆزەتتىم، بىراق دادامغا ئوخشايدىغان بىرەرمۇ ئادەم يولۇقمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۆيگە خېلى كەچ قايتىپ كەتتىم...

— نېمە بولدۇڭ، كىچىككىنە بىرەر شەپە بولسىلا تىترەپ كېتىدىكەنسەن، — دېدى ئانام ئەجەبلىنىپ، — هېلىقى شۇملار بىلەن بىللە بالا تېرىدىڭمۇ-يا؟

"دادام ئۇنىڭ ئەرگە تەگكەنلىكىنى بىلىپ قىلىپ، كېتىپ قالغانمىدۇ؟ — دەپ ئويلىدىم مەن ئەنسىرەپ ۋە بىئارام بولۇپ، — شۇنداق بولىدىغان بولسا، هەممە ئىش تۈگىشىدۇ..."

— راست ئېيت، نېمە بالا تېرىدىڭ؟ — ئانام قىستاپ سورىغىلى تۇردى.

— مېنى قىستىما! — دەپ ۋارقىرىدىم مەن، — بالانى تېرىغان ئۆزەڭ! ۋاپاسىز! قاراپ تۇرۇپلا ئەرگە تەگمەكچى بولۇپ قالدىڭ!

— ساڭا نېمە بولدى، ئاندرىيۇشا؟ — ئانامنىڭ يۈزى تاتىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ تېنى قورۇلۇپ قالغاندەك سېزىلدى، — نېمە بولدى ساڭا، جېنىم ئوغلۇم!

— دادام مەكتەپكە بېرىپتىكەن، ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقسام ھېچنەدە يوق، نەگە كىرىۋالدىكىن تاڭ، ئارقىسىدىن قوغلىدىمۇ، يېتىشەلمىدىم.

— نېمە گەپ بۇ، ماڭا باشتىن-ئاخىر سۆزلەپ بەرگىنە.

مەن بىر قۇر سۆزلەپ بەردىم.

— سەن خاتا كۆرۈپ قالغان ئوخشايسەن، بۇ بىر خىل خىيالىي تۇيغۇ بولۇشى مۇمكىن، — ئانام يىغلىدى. — دادا ڭ ئاق چېركاۋنىڭ يېنىدا ئوق تېگىپ ئۆلۈپتۇ، داداڭنىڭ دوستى لاۋرىيەنكو ئۇنىڭ پىلىموت ئوقى تېگىپ ئۆلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ، شۇ قېتىمقى جەڭدە لاۋرىيەنكومۇ يارىدار بولغانىكەن، دوختۇرخانىدا توپتوغرا بىر يىل يېتىپتۇ، مەن بۇ ئەھۋالنى ساڭا ئېيتىشنى خالىمىغانىدىم، سەن داداڭنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ كېلىۋاتاتتىڭ...

"كەچۈرۈڭ مېنى" دەپ ئانامدىن ئەپۇ سورىماقچى بولدۇم، بىراق ئاغزىمدىن بۇ گەپنى چىقىرالمىدىم. مۇبادا ئانام يېڭىلىشقان بولسىچۇ؟ لاۋرىيەنكو يېڭىلىشقان بولسىچۇ؟ شۇنى بىلىش كېرەككى، قورالliq كۈچلەر بۆلۈمىدىكىلەرمۇ ئەخمەق ئەمەس-تە، ئۇلارنىڭ ئۇقتۇرۇشىدا "ئىز-دېرىكى يوق" دېيىلگەنىكەن، دېمەك، ھەممە

www.uyghurkitap.com

ئەھۋال ئىنىق ئەمەس دېگەن سۆز.

ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ رەڭگىرويىغا دىققەت بىلەن سەپسېلىپ يۈردۈم، ئىشىك قېقىلغانلىقىنى ئاڭلىسىلا تىترەپ كېتەتتىم، ئۈمىدىمنى ئۈزمەي كەلدىم. بۇنداق ھېسسىياتىم ئاستا ـ ئاستا سۇسلىشىپ قالدى. بۇنىڭ مەندىكى خاتا تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن چېغىمدىلا، كۆڭلۈمدىكى بۇ ئېغىر كۈلپەتنى ئىچىمگە يۇتتۇم ـ دە، دادام مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغان بولدى، مەڭگۈ، دەپ ئويلىدىم...

دادامغا خەت يازمايدىغان بولدۇم، ياڭاق تۈۋىگە كۆمۈلگەن خەتلەر چىك ئېتىلگەن قۇتىدا تۇرسۇۋەردى. بۇ ياڭاق دەرىخىنىڭ يىلتىزلىرى قۇتىنى مەھكەم ۋە مېھر ـ مۇھەببەت بىلەن چىك تۇتۇۋالغان بولسا كېرەك، قۇتىنى ھېچكىمگە بەرمەيدىغان، مەڭگۈ بەرمەيدىغان بولسا كېرەك...

تانىيە ئېگىز تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا كۈتمەكتە، كۈتمەكتە... ئەھۋالدىن قارىغاندا، تۆمۈر دەرۋازا ئېچىلىپ، يېڭى ئەسكەرلەر ۋوگزالغا ئېلىپ بېرىلغان پەيتكىچە تانىيە كۈتۈپ تۇرالمايدىغاندەك.

"ئۇلار بوگۈن ماڭمايدىكەن! بوگۈن يولغا چىقالمايدىكەن!" دېگەن خەۋەر ئۇزاتقۇچىلار ئىچىدە تارقالدى. ئادەملەر تېزلا تارقىلىشقا باشلىدى، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئانام بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق.

قاپقاراڭغۇ كوچىدا ئېلېكتىر چىراغلار ياندى. شۇۋرغان قۇترىماقتا.

ئانام توگۇپ كەتتى.

بىرچاغدا دەرۋازىنىڭ كەينىدىن بىرنىمىنىڭ شەپىسى كېلىشكە باشلىدى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن دەرۋازا ئېچىلدى. يېڭى ئەسكەرلەر قوشۇنى قورۇدىن كوچىغا چىقتى.

دادام رەتنىڭ ئوڭ قانات ئۆلگىسى بولۇپ، قوشۇننىڭ ئالدىدىكى بىر رەتتە كېتىۋاتاتتى. ئۇ يېڭى ئەسكەرلەر بىلەن پۈتۈنلەي قوشۇلۇپ بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن، ئۇ تەرىنى تۆركەن هالدا ئانامنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى، گويا ئانام ئۇ ئادىمى ئەمەستەك.

ئانام ئۇنى توۋلاپ چاقىردى.

دادام تېيلىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى.

— سەن...ئۆيگە قايتىپ كەت! بىز قوشۇننى تەشكىلىي جەهەتتىن تىۋزۇش پونكىتىغا كېتىۋاتىمىز، بۇ يەردىن يەتتە چاقىرىم يىراقتا!

لېكىن ئانام دادامنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ، تېزلا دادام بار قاتارغا يېتىشىۋېلىپ، دادام بىلەن يانمۇيان ماڭدى.

يېڭى ئەسكەرلەر دادامغا قىزىقىپ قارىدى ھەمدە دادامغا ھېرىسلىق قىلىشتى، چۈنكى ئانام ناهايىتى چىرايلىق ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ قار يېغىۋاتقان قاراڭغۇلۇقتا، كوچا چىراغلىرىنىڭ خىرە يورۇقىدا، مۇز قاپلاپ كەتكەن يولدىكى ئاياغ تىۋىشى قوشۇلۇپ ئۇنى بۇرۇنقىدىنمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەندەك سېزىلەتتى.

— ھەي، ھازىر سەن رەتتىن چىقىپ تۇرغىن! چىقىپ كەتكىن! كېيىن يېتىشىۋالارسەن! — دېدى دادامنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

سەپداشلىرىدىن بىرى ئۈنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپ.

دادام سەپتىن بىر قەدەم سىرتقا چىقىپ، بىزنى قۇچاقلاپ قىمىرلىماي تۇرۇپ قالدى: ئۇ قوللىرى، كۆكرىكى، قولىدىكى چامادان بىلەن بىزنى قار-شىۋىرغاندىن قوغدىدى، ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق مېھرىنى، پۈتۈن ھاياتىنى بىزگە بېغىشلىغاندەك، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ نۇرغۇن يىللارغىچە بالا-قازا ۋە بەختسىزلىكتىن ساقلاشنى ئۈمىد قىلىدىغاندەك بىلىنەتتى.

— قوشۇنغا يېتىشىۋال! — قاراڭغۇ كوچىدا قاياقتىندۇ بىر ئاۋاز كەلدى.

دادامنىڭ پۈتۈن ئەزاسىنى تىترەك بېسىپ كەتتى، ئۇ ئانامنى ئىتتىرىۋېتىپ، قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كەتتى.

ئۇ بىردىنلا توختاپ قالدى.

— ئاچقۇچ! ئاچقۇچنى ئېلىپ كەتكىلى تاس قاپتىمەن! — ئۇ بىر نەرسىنى دەپسىلىپ قېتىپ كەتكەن، توڭلاپ تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن يولغا تاشلىدى.

بۇ ئاچقۇچ ئېلېكتىر چىراغىنىڭ سارغۇچ نۇرى ۋە قار ئۇچقۇنلىرىدىن ئۆتۈپ ئانامنىڭ پۇتىغا چۈشتى. ئۇ ئېڭىشىپ ئاچقۇچنى يەردىن ئېلىپ پەلتويىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالدى — ئۇ بۇ ھەرىكەتلەرنى قىلىۋاتقاندا، كۆزىنى زادى دادامدىن ئۈزمىدى، توغرىراقىنى ئېيتقاندا، بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان قوشۇندىكى كىچىك بىر چېكىتتىن كۆزىنى ئۈزمىدى. شۇ كىچىك چېكىت قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولغاندىلا ئۇ يەنە بىر قولىدا مېنى قۇچاقلاپ، يەنە قوغلاپ يۈگۈردى.

مەن ئويغاندىم. ئۇ مېنىڭ يىغامغا ئېرەن قىلمىدى، مۇز توڭلاپ

كەتكەن يولدا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، ئاغزى-بۇرنى قان بولۇشتىنىمۇ قورقماي، قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋەردى.

مەن بارغانسېرى قاتتىق يىغلىدىم.

ئۇ يېڭى ئەسكەرلەرگە يېتىشىۋالدى.

— توختا! — يېشى چوڭراق ساقاللىق بىر ئوفىتسېر ئۇنىڭ ئالدىنى توستى — ئۇ قوشۇننى باشلاپ ماڭغان ئوفىتسېرلەرنىڭ بىرى ئىكەن، — نەگە يۈگۈرىسەن، بالاڭغا ئىچىڭ ئاغرىسا بولمامدۇ!

بىردەمنىڭ ئىچىدىلا، خۇددى قۇلىقىغا تىقىپ قويغان پاختىنى ئېلىۋەتكەندەك، ئانام بورانىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى، قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ كوچا چىراغلىرىنىڭ قاڭالتىر قالپىقىغا ئۇرۇلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى-دە، شۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ خۇددى ياز كۈنلىرى چىراغ پەرۋانىلىرى يورۇققا ئۆزىنى ئاتقىنىدەك چىراغقا ئۇرۇلغىنىنى بايقىدى، مېنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك يىغامنىمۇ ئاڭلىدى.

بۇ يىغا، بوۋاقنىڭ بۇ چىرقىراق ئاۋازى بورانىنى، قارنى ۋە جىمجىت كېچىنى يېرىپ ئۆتۈپ، قوشۇننىڭ ئۈستىدە ياڭراپ، دەل دادامنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالماقتا ئىدى، كۆپچىلىكنىڭ قەلبىنىمۇ تىترەتمەكتە ئىدى. خۇددى مۇشۇ يىغا ئاۋازىغا ئوخشاش، ئانامنىڭ روھى بۇ قاراڭغۇ زېمىندا، كوچا چىراغلىرىنىڭ سارغۇچ نۇرىدا سوزۇلۇپ، چىڭىپ، بىر تال تاناپتەك بىر ئۇچى ئوغلىغا، بىر ئۇچى ئېرىگە باغلاندى... لېكىن دادام ئالدىغا بىر قەدەم تاشلىغاندا، بۇ تاناپ ئۇنىڭ پۇتىدا ئۈزۈلۈپ كەتتى-دە، شارت قىلىپلا قايتىپ

كېتىپ، ئۇنىڭ يەنە بىر ئۇچى ئوغۇلنىڭ بەدىنىدە قالدى، چۈنكى تاناپنىڭ بۇ ئۇچى كىرمەك سېلىپ چىگىلگەنىدى.

تانىيە ئۆيگە قايتىپ بېرىپ، ئۇخلاۋاتقان ئوغۇلچاقىنى بۆشۈككە بۆلەپ قويۇپ، سۈيدۈك لاتىسىنى يەڭگۈشلەپ قويۇپ، مەشكە ئوت ياقتى، پەلتوسى بىلەن ئۆتۈكنى سېلىشقىمۇ دەرمانى قالمىغانىدى، يوتقان سېلىقلىق تۇرغان كارىۋاتقا ئۆزىنى ئاتتى.

"ھەي، خۇدا! ئاندرىيۇشا! — دەپ ۋايىسىدى ئۇ، — ئاندرىيۇشا! — كۆڭلى پەرىشان بولۇپ ئويلىدى: "ھەي خۇدايىمەي! نېمىشقىمۇ ئۇنىڭ تىرنىقىنى ئېلىپ قويمىغاندىمەن! سول پۇتىنىڭ تىرنىقى ئۆسۈپ گۆشىگە كىرىپ كېتىپتۇ، شۇ پېتى يول ماڭسا، تازا ئاغرىپ ئۇنى ئاۋارە قىلىدۇ-دە!"

ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغان، بوغۇزى سىقىلىپ گەپ قىلىشمۇ قىيىن بولغان ئەھۋالدا، ھە دەپ خىيال سۈرەتتى:

"ئاندرې! ئاندرىيۇشا!..."ئاخىردا ئۇ خامۇشلۇق ئىچىدە چۈش كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ كارىۋاتتا پەلتوسى، بېشىدىكى ياغلىقى، ئېرىگەن قاردا ھۆل بولۇپ كەتكەن ئۆتۈكى بىلەنلا خۇددى ئۆلۈكتەك ياتاتتى.

مەشنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالغانىدى.

ئۆي بارغانچە سوۋۇغىلى تۇردى. ئېغىزدىن چىققان تىنىق ھورغا ئايلىناتتى. دېرىزىدىكى قار-مۇزلاردىن ئەتىرگۈل شەكلى ھاسىل بولغان بولۇپ، بۇ گۈل خوشلىشىش گۈلدەستىسىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

بۇ چاغدا تانىيە ئۆزىنىڭ ئاياللارغا خاس بولغان بەختىنىڭ

نابۇت بولغانلىقنى، ئىرىنىڭ چىڭ قۇچاقلاشلىرىدىن جۇغۇلداپ تىترەپ ھۇزۇرلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغانلىقنى، چارچىغان ۋە يەنە خۇش خۇي ئاندرېي بىلەن ئەمدى يەنە ئۇچرىشالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، ئىرىگە يۈز يۈيۈش ئۈچۈن ئىسسىق سۇ تەييارلاپ بېرىش، ئۇنىڭ يەڭگۈشلىشى ئۈچۈن پاكىز كۆڭلەك بېرىش، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان تاماقلارنى ئېتىپ بېرىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغانلىقنى تېخى بىلمەيتتى.

ئاندرېمۇ تانىيەنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىغا ياردەملىشەلمەيدىغان، ئۇنىڭ كەسپىي ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرەلمەيدىغان بولغانىدى. ئاندرېي ۋەدە بېرىپ: "تانىيە، سېنىڭ ئىقتىدارىڭ بار، مەن سېنى جەزمەن يېتىشتۈرۈپ كېتەلەيمەن، سەن داشۆنى پۈتتۈرەلەيسەن، ماڭا ئىشەنگىن! جەزمەن ئىشەنگىن!" دېگەنىدى. تانىيە ئاندرېيغا ئىشىنەتتى، ئۆزىگە ئىشەنگەندىنمۇ بەكرەك ئىشىنەتتى.

بۇ چاغدا تانىيە شۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ يالغۇز ياشايدىغانلىقنى، ئەمدى ئاندرېي بىلەن پەقەت چۈشىدىلا ئۇچرىشالايدىغانلىقنى تېخى بىلمەيتتى، ئەمما ھەركۈنى ئۇخلاش ئالدىدا بەخت تىلەپ نېمىدۇ بىرنېمىلەرنى دەيدىغان بولۇپ قالغانىدى:

"ئاندرېي، چۈشۈمگە كىرسەڭچۇ...ئاندرېيۇشا، مەن سېنى چۈشۈمدە بولسىمۇ كۆرۈپ تۇرايچۇ! سەۋر-تاقىتىم تۈگىدى، ئاڭلىدىڭمۇ؟ سەۋر-تاقىتىم تۈگىدى دەۋاتىمەن...سېنى چۈشۈمدە بولسىمۇ بىر كۆرسەم كاشكى!"

ئايرىلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى يىللاردا ئۇ ھەمىشە تانىيەنىڭ چۈشىگە كىرەتتى، ھەركۈنى دېگۈدەك شۇنداق بولاتتى، تانىيە

ئويغانغان چاغدا ئۆزىنى بەختلىك سېزەتتى، چۈنكى ھېلىلا، چۈشىدە بولسىمۇ ئانىدرې بىلەن قول تۇتۇشقان، ئاندرېنىڭ كۆزلىرىنى كۆرگەن، قارىغاي-ئارچىلارنىڭ ھىدىنى پۇرىغان، ئۇنىڭ شۇبىرلىغان سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدى...

يىللار ئارقا-ئارقىدىن ئۆتۈۋەردى، ئەمما ئاندرې تانىيەنىڭ چۈشىگە بارغانسېرى ئاز كىرىدىغان بولدى. لېكىن ھەرقېتىم ياخشى چۈش كۆرگەندە، چالا ئۇيقۇدا چۈش كۆرگەندە، ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ بەختىيار سېزەتتى، ھاياجانلانغىنىدىن كۆز ياشلىرى مەڭزىدىن تاراملاپ ئاقاتتى — بەختلىك كۆز ياشلىرى ئەينى زاماندا دېڭىز ياقىسىدىكى تىك ياردا ئاققان ياشقا ئوخشاش ئاقاتتى، شۇ چاغدا چىرايلىق ئېيىقتاپانلار چېچەكلەپ خۇددى قۇياش نۇرىدەك، تىك ياردا يالتىرلاپ تۇراتتى، ھاۋا ۋە دېڭىز مەڭگۈلۈك باھار ھىدىنى بېرىپ تۇراتتى.

كېيىن ھېلىقى رەھىمسىز، دەھشەتلىك بىر يىل ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇ شۇ يىلدىكى 12-ئاينىڭ 2-كۈنىنى — ئاندرېنى ئالدىنقى سەپكە ئۇزاتقان كۈننى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۇ، ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنلا، بۇ كېلىشمەسلىكنى ئوڭشىغىلى بولمايدىغانلىقى ۋە دەرد-ئەلەم تۈپەيلىدىن دەردتە قالىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى...

بۇنىڭدىن يەنە بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندرې يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ چۈشىگە كىرىپتۇ. ئاندرې تانىيەلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بارغانمىش، ئۇنىڭ ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان يىگىت چاغلىرى بولۇپ، ئۇچىسىغا ئاق كاناپ كۆڭلەك كىيگەن، بېلىگە كۆمۈش كەمەر باغلىغان، كۆزلىرى بۇلاقتەك ئويناپ تۇرغان، چىشلىرى

سەدەپتەك يالتىراپ تۇرغان ھالدا كۈلۈپ قولدا تەخسە تۇتۇپ تۇرغانمىش، تەخسىدە بولسا كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان تىرىك بېلىق بارمىش. ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئورغاقتەك يېڭى ئاي ئاسماندا تۇرارمىش.

تانىيە بولسا ئۇنىڭ پۇتىدىكى خورما رەڭ كاناپ ئايىغىنى، ھەتتا ئاياغ كىيىمدىكى بىر پارچە داغىنى ۋە ئۇنىڭغا قونغان توپىلارنىمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپتۇ. تانىيە ئۇنىڭ ئايىغىنى سالدۇرۇپ، پاكىز تازىلىشى لازىم ئىكەن، لېكىن ئۇ قورۇنۇپ ئۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ... ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك ياش تۇرغۇدەكمىش، تانىيە بولسا ئۇنىڭدىن ئايرىلغان يىللاردا قېرى چىراي بولۇپ قالغان... تانىيە ئۆزىنىڭ بوشاپ-سولىشىپ قالغان تېرىسىنى ۋە مۈكچەيگەن بېلىنى، خۇددى بېلىق توردەك قېلىن قورۇق كىرگەن يۈزىنى ئۇنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقۇدەكمىش. ئاندرې ئۇنى كۈتمەكتە ئىمىش، تانىيە بولسا باشقا بىر ئىشىكتىن چىقىپ كېتىپ، قېچىپ بارغانسېرى يىراقلاپ كەتكەنمىش. كېيىن كەينىگە قارىغۇدەك بولسا، سۆيۈملۈكىنىڭ ئۆيى ۋە شۇ يەردە تۇرغان ئاندرې يوق ئىمىش.

كېيىن بىرقانچە يىل ئۆتكەندە، تانىيەنىڭ ئوغلى بولغۇچى مەن بىركۈنى «ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى تارىخى»نى ۋاراقلاپ، ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەردىم:

”...ئالدىنقى سەپتە بىر مېتىر كېلىدىغان جايدا مىنۇتىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بەش پاي ئوق ئېتىلاتتى.“

ئانام ماڭا خۇددى تونۇمايدىغان كىشىگە قارىغاندەك سىنچىلاپ قاراپ قويۇپ، ئاندىن:

— ۋاي خۇدايىمەي، ھازىر سەن ئۇنىڭدىن ئالتە ياش چوڭ بولۇپ قاپسەن-دە، — دېدى.

بۇلارنى تانىيە ئۇ چاغدا بىلمەيتتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوغلى بۆشۈكتە ئويغانغانىدى، تانىيە ئورنىدىن تۇرۇپ، مەشكە ئوت قالىغىلى ماڭغانىدى.

كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قىيىن-مۇشەققەتلىك پەيتلىرىدە، ھېلىقى كىچىك مەش دەردىمىزگە دەرمان بولۇپ تۇرغانىدى.

(«ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى»
ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 1 - سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: رەقىپ ۋاھاپ
تەرجىمە تەھرىرى: ياسىن ھاۋازى

www.uyghurkitap.com

# ھېكايە ھەققىدىكى ھېكايە

## ۋ. ماكانىن

مەن 80 نەچچە بەت كېلىدىغان بەكمۇ ئۇزۇن ۋە بەكمۇ لاۋزا بىر پوۋېست يازغانىدىم، بىراق، كېيىنكى چاغلاردا يوقىتىپ قويدۇم. بۇنىڭغا ئانچە ئېچىنىپ كەتمىگەن بولسامMۇ، لېكىن تۇرۇپ-تۇرۇپ قانداقتۇ بىرنەرسەمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولۇپ يۈردۈم، مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئۇ بەرىبىر مېنىڭ جاپالىق ئەمگىكىمنىڭ نەتىجىسى-دە.

ھېكايە مۇنداق باشلانغان: مەن پلاستىنكا ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ئۆيۈمدە ئولتۇراتتىم (ھېكايىدە: "جىمجىتلىق. مەن مۇزىكا ئاڭلاپ ئولتۇراتتىم" دەپ بەكمۇ شېئىرىي ھېس بىلەن يېزىلغانىدى). پلاستىنكىنى قايتا-قايتا قويۇپ ئاڭلاۋاتاتتىم. بۇ ۋېرتىنسكىنىڭ كونا ناخشىلىرى بولۇپ، ناخشىلارنىڭ نامىلىرى ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى، بۇ ئانچە-مۇنچە كۆپتۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. بۇ «كۆپكۆك ئوكياندا»، «خانىم، دەرەخلەر ياپراق تۆكتى» دېگەنگە ئوخشاش ناخشىلار ئىدى. مەن كۆلۈپ ئۆزەمنى توختىتالمىدىم، چۈنكى ئۆتكەن يازدا سۇغا چۆشكەن بايىقى كىچىككىنە كۆلچەك بىلەن ۋېرتىنسكىگە چوقۇنىدىغانلارنىڭ بىرى — سۇغا چۆشكەندە كېيىدىغان غەلىتە بىر خىل كالتە ئىشتاننى كىيىۋالغان چوڭ ياشلىق ئادەم كۆز ئالدىمغا كەلدى.

يۈزىنى ساقال بېسىپ كەتكەن بۇ ئادەمنىڭ كىيىۋالغان ھېلىقى كالتە ئىشتىنى خۇددى يان تەرەپتىن ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقان دېڭىز لاچىنىغا ئوخشايتتى. بۇ چوڭ ياشلىق ئادەمنىڭ ئۆرىنىڭ بۇ ئىشتىنى بىلەن بەكمۇ پەخىرلىنىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

مەن بىلەن قوشنا ئولتۇرىدىغان بىر چوكان كىرىپ كەلدى. مەن يالغۇز ئىدىم.

— ياخشىمۇ سىز؟

— ياخشىمۇ سىز!

ناماز شام ۋاقتى، ئىمتاسچىلىق. خۇتۇنۇم باللارنى ئېلىپ يېزىغا كەتكەنىدى. ھېكايىدە: ئۆيدە خوتۇنۇم يوق ئىدى، بىز بىلەن قوشنا ئولتۇرىدىغان بىر چوكان كىرىپ كەلدى دەپ مۇنداق تۆپتۆزلا يېزىلمىغان. ھېكايىدە تۇپتوغرا سەككىز بەت ياكى ئون بەت ئاجرىتىپ، يولغا چىقىش ئالدىدا قىلىنغان تەييارلىقلار ۋە مېنىڭ خوتۇن-باللىرىمنى قانداق ئۇزىتىپ پويىزغا سېلىپ قويغانلىقىم ۋە يەنە ئۇلارنىڭ يازغان بىرىنچى پارچە سالام خېتىنى قانداق تاپشۇرۇۋالغانلىقىم — خەتتە ئۇلارنىڭ يېزىدىن قارا تاراقانلار ئۆۋېلاپ كەتكەن ئەمما ھاۋاسى ساپ كىچىككىنە بىر ئۆيىنى تەسلىكتە ئىجارىگە ئالغانلىقى يېزىلغان.

بايا بىر قوشنا چوكاننىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقانىدىم. ئۇ كىرىپلا:

— ئېمىدېگەن ئىقىملىق، گۈزەل مۇزىكا-ھە! — دېدى.

— ياخشى كۆرەمسىز؟

— مەن ئاڭلاۋاتقىلى بىر سائەت بولدى، تۇنۇگۈن قويغان ۋاقتىدىمۇ ئاڭلىغانىدىم.



www.uyghurkitap.com

— پلاستىنكا مېنىڭ ئەمەس، مېھمان بولۇپ كەلگەن بىرى ئۇنتۇپ قېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ، — دېدىم مەن چۈشەندۈرۈپ.

— پلاستىنكىنىڭ ئېتى نىمە؟

— بۇ ۋېرتىنسكىنىڭ ئەسىرى.

— ھە.

ئەتىسى كەچتە باشقىچە بىر ئەھۋال يۈز بەردى: ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. تامنىڭ نېرىسىدا ئۇنىڭ ئېرى ئازابلىنىپ ئىڭراۋېتىپتۇ — يېقىندا ئۇ كوچىدا كېتىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشكەنىكەن. ئىككىسى كىشىنىڭ مەسلىكى كەلگۈدەك، 25 ياشلاردىكى ياش ئەر-خوتۇنلار ئىدى، ئۇلارنىڭ تېخى بالىسىمۇ يوق ئىدى.

مەن بولسام 29غا كىرگەنىدىم.

— ۋايجان، — دەپ ئىڭرايتتى ئۇ، — ۋايجان...ۋايجانەي، ۋايجان...

ئۇلار بوش ئاۋازدا سۆزلىشىۋاتاتتى.

— مېنىڭ ئۇنچىۋالا كۈچۈم يوق، — دېدى خوتۇنى.

— بىرىنى تېپىپ كىرگىن! — دەپ يېلىندى ئېرى.

— قولايسىز، بەك كەچ بولۇپ كەتتى.

ئەھۋال ئېنىقلاشتى، شۇنىڭ بىلەن مەن قىلىچە ئىككىلەنمەستىن پەلەمپەينىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشىكىنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستىم.

— مەن ياردەملەشسەم بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ۋايجان...ۋايجان... — ئەر يەنە ئىڭرىغىلى تۇردى.

دولىسىغا مەلھەم دورا چاپلاپ، ئاندىن تازا قاتتىق ئوۋۇلاپ قويسا، بىرئاز ئارام تاپقان بولاتتى. بىراق، ئۇنىڭ خوتۇنى

www.uyghurkitap.com

قوللىرى سەرەڭگىنىڭ ياغىچىدەك ئىنچىكە كەلگەن ھازىرقى زامان ئاياللىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئىتى ئالىيە ئىدى.

مەن ئۇنىڭ دولىسىغا ئاغرىق پەسەيتىدىغان دورىنى چاپلاپ قويۇپ، ئۇخلىغىلى چىقىپ كەتتىم.

ئالىيە تام تەرەپتە تۇرۇپ:

— سىزگە رەھمەت ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى ماڭا.

— ھېچقىسى يوق، — دېدىم جاۋابەن ئۆگدىگەن ھالەتتە.

— ياخشى چۈش كۆرۈڭ!

— سىز ھەم ياخشى چۈش كۆرۈڭ!

ھېكايىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: بىزنىڭ تېمىمىزدا ئاۋاز ئۆتكۈزىدىغان ناھايىتى ياخشى بىر خۇسۇسىيەت بارلىقى دائىم تەبىئىي ھالدىلا، تىزىپ قويغاندەك يادىمىغا كېلىپ تۇرىدۇ، تۇرمۇشقا دائىر خىلمۇخىل ئۇششاق ئىشلارنىڭ ھەممىسى بۇنى ئېسىمگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

ئالايلۇق، بىر كۈنى ئەتىگەندە بىردىنلا قەھۋە قۇتىسىنىڭ قۇرۇغدىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. "قۇرۇپ كەت! — دەپ ئاغزىمنى بۇزدۇم، — تۈنۈگۈنلا سېتىۋالماقچى بولغان ئەمەسمىدىم، ھەي كاساپەت!"

شۇنىڭ بىلەن، چوكان قوشنام ماڭا بىرنەچچە قوشۇق قەھۋە ئەكىرىپ بەردى. مۇنداق ئىشلار دائىم بولۇپ تۇراتتى. تامنىڭ ئاۋاز ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا كۈندىن-كۈنگە كۆپرەك ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. كىشىلەرنىڭ چوڭ شەھەر تۇرمۇشى كىشىلەرنى بىر-بىرىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بىر كورپۇستا

ئولتۇرغانلارمۇ بىر-بىرىنى قىلچە بىلمەيدۇ، خۇددى ماي ياتقۇزۇلغان ئاسفالىت يولدىكى ئىپتىدائىي ئورمانغا ئوخشايدۇ. 20-ئەسىر دېگەن ئۇنداق بولىدۇ، مۇنداق بولىدۇ دېگەن گەپلىرى ئۈستىدە ئويلاندىم،... ھەرگىز ئۇنداق ئىش ئەمەس! — مەن ھېكايەمدە شۇنداق يازغان. بىزنىڭ بىنادىكىلەرنى ئالساق، ھېچقايسىمىزدا مۇنداق يىراقلىشىپ كەتكەندەك تۇيغۇ يوق، مەن قوشنامنىڭ ھەممە ئىشنى بىلىمەن، ئۇلارمۇ مېنىڭ ھەممە ئىشىمنى بىلىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ تېمىمىزنىڭ ئاۋاز ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىدىن ئىدى.

بۇ دېگەنلىك 20-ئەسىر بىزنىڭ ئالاقىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى، ئىتتىپاقلىقىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتىۋەتتى دېگەنلىكتۇر.

بۇ بىر مەسخىرە، ئەلۋەتتە. يەنى بىزنىڭ مېمارلىرىمىزنى ئەتەي ئەيىبلىگەنلىك. خېلى بۇرۇنلا بىر چاغدا، مەن راستىنلا مېنىڭ ھېكايەمنى ئۆي-ئىمارەت سېلىشقا پايدىسى تېگىدۇ دەپ قارىغانىدىم.

شۇنىڭ كەينىدىن، ھېكايىدە توپتوغرا ئون بەت ئاجرىتىپ ئالىيەنىڭ ئېرىنى كېسەلخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالاش كېرەكلىكىنى، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدىم. چۈنكى ئۇ ئىسپىرت بىلەن زەھەرلەنگەن، ھېچ بولمىغاندا ناھايىتى تېز ۋاقىت ئىچىدە ئىسپىرت بىلەن زەھەرلەنگۈچى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ كوچىدا مەسلىكتىن يىقىلىپ چۈشكەن.

ئۇنىڭ ئۆزى تۇرۇپ داۋالىنىمەن دەيدىكەن، تۇرۇپ داۋالانمايمەن دەيدىكەن، پات-پات رۇخسەت سوراپ، كېرەكلىك نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، كۆپكۈك سومكىسىغا سالىدىكەن-دە، يەنە

يالتىيىپ قالىدىكەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەن تامدىن ئاڭلىدىم. قالغانلىرىنى ئالىيە ماڭا ئېيتىپ بەرگەن. ئىشقىلىپ، قانداقلىكى بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئېتى ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان ئات ئىدى.

ئالىيەنىڭ ئېرىنىڭ ئېتى بولسا مېنىڭ ئېتىم بىلەن ئوخشاش ئىدى.

— ئاتدىشىم، — دەپ پىچىلىدى ئۇ، — مېنى كېسەلخانىغا ئاپىرىمەن دېمەك.

ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى. ئۇ داۋالىنىشتىن قورقاتتى. داۋالىنىشنى ئانچە ياخشى كۆرۈپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەس دەپ پەرەز قىلاتتى.

— ئاتدىشىم، — دەپ تەكرارلىدى ئۇ، — سىزمۇ تىرىك بىر ئادەم، ماشىنا ئادەم ئەمەس...

— خوپ، خوپ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا. مەن بۇ گەپنى تېلېفون بېرىۋېتىپ دېدىم. مەن دوختۇرغا ۋە قانداقتۇ باشقا بىرىگە: مەن ئاغرىق كىشىنىڭ قوشنىسى بولىمەن، مەنمۇ داۋالاش كېرەك، دەرھال داۋالاش كېرەك دەپ قارايمەن، دېدىم. دەسلەپ ئالىيە داۋالاش گۇرۇپپىسىغا شۇنداق دەپ ئېيتتى، كېيىن مەن دېدىم.

ۋىكتور كارىۋاتتا ئىڭراپ ياتاتتى، ئالىيە ھېلىقى كۆپكۆك سومكىغا چىش پاراشوكى، چىش چوتكىسى ۋە سوپۇنلارنى سالدى. كېيىن ئۇ بىردىنلا ئېرىنىڭ كارىۋىتى ئاستىدىن ئاغزى ئېچىلغان بىر شىشە ئۈزۈم ھارىقىنى چىقاردى. بىچارە ۋىكتور ئۆزىنىڭ جېنىدەك كۆرىدىغان بۇ نەرسىگە قادىلىپ قاراپ، خۇددى بەزگەككە تۇتۇپ قالغاندەك تىترەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئالىيە تېرىكمەي-چېچىل-

ماي، ئەمسە مۇنداق بولسۇن، بۇ هاراقنى ھەممىمىز ئىچىپ تۈگىتىۋېتەيلى، دېدى. ئۇ ھايال قىلمايلا، ماڭا بىلىق كۆزى قىلىپ لىق تولدۇرۇپ بىر رومكا قۇيۇپ بەردى. ئالىيە ماڭا قانچە كۆپ قۇيۇپ بەرسە، ئىچىسىگە شۇنچە ئاز قالاتتى ــ بۇ مۇرەككەپ ماتېماتىكا ئەمەس.

يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، كىرا پىكاپى كېلەي دېگەندە، ئۇنىڭ كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالدى.

ــ ياق! ــ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ تاماق ئۈستىدە ئىشلىتىدىغان پىچاقنى قولىغا ئېلىپ. مەن ئۇنىڭغا قاراپ بىر قەدەم مېڭىۋىدىم، ئۇ: "ماڭا يېقىن كەلمەڭ!"دەپ، پىچاقنى قاتتىق سىلكىدى، ئالىيە بىلەن ئىككىمىز قورقۇپ داجىپ تامنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ قاپتۇق.

ئەمما كېيىن ئۇ توختىماي جاۋراۋاتقاندا ۋاقىتنى پايلاپ تۇرۇپ، كاپ قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدىم. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىنىڭ كۈچى تۈگەپ، پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ كەتكەنىدى ــ بارماقلىرى ئېچىلىپ، قولىدىكى پىچاق توككىدا يەرگە چۈشتى.

ــ ئاتىدىشىم، ئاتىدىشىم، ــ دەپ يىغلىدى ۋىكتور، ئۇ ئۆزىنى ماڭا تاشلىدى. دېرىزىنىڭ تېشىغا قاراپ تۇرغان ئالىيە يۈگۈرگەن پېتى كىرا پىكاپىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەتتى. مەن ماڭا ئېسىلىپ خىت-خىت يىغلاپ تۇرغان ۋىكتورنىڭ دۈمبىسىگە يېنىك قېقىپ قويۇپ، ئۇنىڭ سۇنۇق كۆڭلىنى ئۇنى-مۇنى دەپ ئاۋۇتۇپ تۇرماقچى بولدۇم ــ نېمە بىلەن ئاۋۇتاتتىم! مەن ئۇنىڭدىن تۆت-بەش ياش چوڭ. ئالىيەدىنمۇ شۇنچىلىك چوڭ.

ــ شۇنداق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ، بۇنى ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، ــ دېدىم توختىماي.

ئالىيە بىلەن ئىككىمىز ئۇنى كېسەلخانىغا ئېلىپ كىردۇق. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىككىمىز بىللە ئولتۇرۇپ ئۇزاققىچە چاي ئىچتۇق. كارىۋاتتا ياتمىدۇق، ھەتتا بىر-بىرىمىزگە يېقىنراق ئولتۇرمىدۇق، مەن ئۆز ئۆيۈمگە چىقىپ كەتتىم. ئالىيەمۇ ئۆز ئۆيىدە يېتىپ ئۇخلاپ قالدى، ئۇ يېنىككىنە ئۇھ تارتىپ قوياتتى. گويا ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرغاندەك، مەنمۇ بىر پەس ئۇھ تارتىپ ياتتىم. بۇ يىللىق ياز كېچىسى ئىدى.

كېيىن، ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتى مۇنداق بولدى، يازنىڭ تازا پەيزى كۈنلىرى تۈيۈقسىزلا قاتتىق سوغۇق ئېقىم كەلدى. مېنىڭ باللىرىم — بىرى ئىككى ياش، بىرى تۆت ياش — نىڭ شامالداپ قېلىشى ياكى ئاغرىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. مەن قېلىنراق كىيىم-كېچەك ئاپىرىپ بەرمىسەم بولمايتتى. بىراق، مەن ئاپىرىپ بېرەلمەيتتىم.

ھېكايىدە بۇ ھەممىدىن جانسىز يېزىلغان يەر ئىدى. مەن ئۆزەمنىڭ قالتىس ئادەم ئىكەنلىكىمنى، ئىككى كۈن يوقاپ كېتىش بىلەن خىزمەتداشلىرىمغا ۋە پۈتكۈل ئىدارىمىزغا قانچىلىك ئاۋارىچىلىكلەرنى تۇغدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىمنى بىرنەچچە بەتكە تولدۇرۇپ يېزىپ كىتابخانلارغا سىڭدۇردۇم. مەن مۇھىم بىر باشلىق بىلەن تېلېفوندا جىددىي سۆزلىشىش يولى بىلەن بۇ مەقسەتكە يەتمەكچى ئىدىم. مېنىڭ غەزىپىم تۇتتى، شەك-شۈبھىسىزكى، باشلىقنىڭمۇ غەزىپى ئۆرلىدى، ئىش چوڭىيىپ مىنىستىرنىڭ ئالدىغىچىلىك بارغاندەك بولدى. ھەممە كىشى ئەمدى نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەيتتى.

”قانداق قىلىش كېرەك؟“ ئىچىم تىتىلداپ كېتىپ، ئۆيىنىڭ

ئىچىدە ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا ماڭغىلى تۇردۇم.
مېنىڭ ئاياغ تىۋىشىمنى تامدىن ئاڭلىغان ئالىيەمۇ قاتتىق ئازابلاندى.
ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، خىزمەتداشلىرىم مېنى كۆرگىلى كەلدى. ئۇلار قوغدانما رەڭلىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كەلگەنىدى — بۇ مېنىڭ مەلۇم بىر ھەربىي سىناق مەيدانىنىڭ مال زاكاز قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىمال بولغان كاتتا بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. كىچىككىنە بىر ئىش شۇ قەدەر ئېتىبارغا ئېرىشتى.
قەدەم تەشرىپ قىلغان رەھبەرلەر ماڭا شۇنداق قاتتىقلىق قىلدىكى، ھەتتا ماڭا بىر كۆڭلۈمنى رۇخسەت بەرمىدى.
سۆھبەت تۈگىدى. ئالىيە كىرىپ كەلدى.
— ئىشقا بېرىڭ، — دېدى ئۇ ھۆرمەت بىلەن سىلىق ئاھاڭدا، — سىز ئىشىڭىزغا كېتىۋېرىڭ، مەن بالىلىرىڭىزغا پەشمەت چاپان ۋە تىۋىت كۆڭلەك ئاپىرىپ بېرەي.
مەن بوش ئاۋاز بىلەن:
— رەھمەت، كۆپ رەھمەت، ئالىيە، — دېدىم.
— كۆردىڭىزمۇ، ھەل قىلغىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ بىزنىڭ ئىدارىدىن كەلگەن ۋەكىل. ئۇ پۈتۈنلەي ئايدىڭباش بولۇپ قالغان، بەكمۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى.
— ئايال قوشنامغا يالۋۇرسام قانداق بولغىنى...
— بولدى، بۇرادەر، — دەپ كۈلدى ئۇ يەنە.
ئاخشىمى ئالىيە بىلەن ئىككىمىز بالىلىرىمغا پەشمەت چاپان بىلەن

تىۋىت كۆڭلەكىنى تىپىپ تەييارلاپ قويدۇق. مەن كىيىملەرنى چامادانغا تىقتىم. بىراق، كونىراپ كەتكەن بۇ چامادان يىرتىلىپ چۇۋۇلۇپ كەتتى.

— مەندە بىر خالتا بار، ئەسلىدە ۋىكتورنىڭ ئىدى، — دېدى ئالىيە.

شۇنداق قىلىپ، ئالىيە كىيىملەرنى ئاپىرىپ بەرگىلى كەتتى.

يېرىم كېچە، مەن يالغۇز ئۆزەم قالدىم. ئالىيەنىڭ ئۆيىدىنمۇ ھېچبىر ئاۋاز ئاڭلانمايتتى، جىمجىت... بۇ يەردە، ھېكايە كۆزلىگەن تەرەپكە قاراپ غۇلاچ يايدى. ھېكايە بىز ھەربىرىمىزنىڭ باشقا - باشقا تەقلىدتىكى ئالىيەلىرىمىز بارلىقىدىن ئىشارەت بېرەتتى. ئەلۋەتتە، "ئالىيە" — گۈزەللىكتىن، بەختتىن دېرەك بېرەتتى. لېكىن، تۇرمۇشتىكى غەلىتە ئىش شۇ ئىدىكى، "ئالىيە" كۆزدىن يىتكەندە، ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش تامدىن ئاڭلايدىغىنىڭىز تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتەتتى. ئەقلىدىن ئاداشقان موماينىڭ ئۆزىنىڭ مېھرىبانىغا تەزىيە بىلدۈرۈپ، كېچىدە چىرايلىق ۋە يېقىملىق ئاۋازى بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلايسىز. بوۋاقنىڭ يىغىسىنى ئاڭلايسىز. خوتۇنىنىڭ قانداق قىلىپ ئېرىنىڭ قولىدىن ئايلىقىنى تارتىۋېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايسىز. بۇ دۇنياغا ياغدۇرۇلغان لەنەتلەرنى ئاڭلايسىز ۋەھاكازا. قىسقىسى، بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان ئىشلارنى ئاڭلايسىز.

ھېكايىسىنى ئەنە شۇ كۆزلىگەن تەرەپنىڭ ئاخىرىغىچە يېزىپ تۈگەتكەن ۋە پۈتۈن كۈچۈمنى چىقىرىپ يازغان بولسام، نېپىز تام ئارقىلىق ھەممە كىشى باشقىلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىيالايدىغان

بولسا، ھېكايە چوقۇم ناھايىتى قىزىق چىققان بولاتتى. بەزىدە پەقەت بىر-بىرىنى چاقىرىشقان بىر خىللا ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، ياكى ياپراقلا چۈشكەن يامغۇر تامچىسىدەك، ھەممە كىشى توساتتىن تەڭلا ئېغىز ئاچىدۇ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ، ئاللا-توۋا، قولاق يېقىشىپ شۇبىرلاشلار ئاڭلىنىدۇ، بۇنداق چاغدا، ئەمەلىيەتتە ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئېنىق ئاڭلىيالمايدۇ، چۈنكى بۇ ئاۋازلار بىرىكىپ بازار كۈنلىرىدىكى شاۋقۇنغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. 12 ئىشكلىك يوغان بىر بىنا — مانا بۇ ھاياتنىڭ ئۆزى شۇ.

ھېكايىدە بۇ نەرسىلەر ئازدۇر-كۆپتۇر يېزىلغان. ئالايلۇق، كېچىدە قىلىنغان مۇنداق بىر پاراڭ يېزىلغان:

— ياخشىمۇ سىز، — دېدى ماڭا پېترسېرگېيېۋىچ، ئۇ ئەڭ چەتتىكى ئىشىك بىلەن كىرىدىغان ئۆيلەرنىڭ بىرىدە ئولتۇراتتى، — مەن بېلىق تۇتۇشقا بېرىپ ئەمدىلا قايتىپ كەلدىم...

— مەن بېلىق تۇتۇشقا بېرىپ باقمىغان.

— ئەپسۇس. مېنىڭ سىز بىلەن بىللە بېلىق تۇتۇپ ئوينىغۇم بار. قانداقلا دېگەن بىلەن، بېلىق تۇتۇپ ئوينىغانلار بىر-بىرىگە بىر تۇغقان قېرىنداشتەك بولۇپ قالىدۇ.

— بېلىقنى كۆپ تۇتتىڭىزمۇ؟

— ئانچە-مۇنچە.

يەنە شۇنداق جىمجىت بىر كېچە ئىدى، مەن پېتر سېرگېيېۋىچ بىلەن ئۇن تامنىڭ ئۇ قېتىدا تۇرۇپ پاراڭلاشتىم، مەن ئۆز ئۆيۈمدىكى كارىۋاتتا ياتاتتىم، ئالىيە ئۆيىدە يوق ئىدى. پېتر سېرگېيېۋىچ بېلىق تۇتۇپ قايتىپ كېلىپ، كۆپ ئىشكلىك بىنانىڭ يەنە بىر چېتىدە بېلىقنى تازىلاۋاتاتتى.

كېچە، پاراك ئاۋازلىرى شالاڭلىشىپ قالغانىدى، بىر خۇددى ئاسماندا تۇرغاندەك، بىر-بىرىمىزنى ئاسانلا پەرق ئېتىپ ئالالايتتۇق.

— پېتر سېرگېيېۋىچ، — دەپ سورىدىم مەن، — سىز 434-ئۆيدە ئولتۇرامسىز؟

— سىز ئېلىشتۇرۇپ قويۇپسىز. 437-ئۆيدە.

— ئىشقىلىپ، ھەممىسى ئوخشاش، گەپ شۇنىڭدىكى، بەشىنچى قەۋەتتە، سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىن ئانچە يىراق ئەمەس بىر يەردە، كېچىدە بىر بالا يىغلاۋاتقاندەك قىلىدۇ.

— كىچىك بالا؟

— ئون ياشلاردا بار. ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك يىغلاۋاتىدۇ.

— مەن ئاڭلىمىدىم...

— مەن ئاڭلىدىم. تۈنۈگۈن، ئۈلۈشكۈنمۇ ئاڭلىغان.

— مەن سوراپ باقاي ئەمىسە.

ئۇ بىردىنلا كۈلۈۋەتتى.

— سىز ئۆيدە ئۆزىڭىز يالغۇزمىدىڭىز؟

— ھەئە، يالغۇز ئىدىم.

— ئەمدى ئېنىق بولدى. ئېھتىمال بۇ سىزدىكى خاتا تۇيغۇ بولسا كېرەك.

— مەندىكى خاتا تۇيغۇ؟

— بۇنىسى ناھايىتى ئېنىق. بۇرادەر، سىز كېچىدە بىرئاز بىئاراملىق ئىچىۋەتكەن بولسىڭىز، ئۇ قالتىس پايدا قىلاتتى.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، بىرىنچى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغان بىر بوۋاي كىرىپ كەلدى، بۇ بوۋاينىڭ كېچىسى ئۇخلىمايدىغان ئادىتى



www.uyghurkitap.com

بار ئىدى. ئۇ ئاۋۋال ئۆزرە قويدى، ئاندىن ئېغىر بىر تىنىپ قويۇپ، بۇ دورا ئادەمنىڭ يۈرىكىگە تەسىر قىلىدۇ، دېدى. ئۇ يەنە ماڭا تىببىي بىلىملەر توغرىسىدا ئادەمنىڭ قورقۇقۇسى كەلگۈدەك بىرنېمىلەرنى دەپ بەردى. ئاخىردا يەنە: "كەچۈرۈڭ!"دەپ قويدى.

بىز بىردەم جىم بولۇپ قالدۇق.

— بۇ قېرى ھەمىشە بىكار ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدۇ، — دېدى پېترسېرگېيېۋىچ، — مەن ئىتتىسكرەك بىر پىچاق تېپىپ كېلەي. — بىردەمدىن كېيىن پىچاق بىلەن بېلىقنىڭ قاسىرىقىنى قىرىۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ:

— قوشنا چوكاننىڭ ئەھۋالى قانداق؟ سىزنىڭ ئالىيەڭىز قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— بالىلىرىمنىڭ كىيىملىرىنى ئاپىرىپ بەرگىلى كەتتى.

— ئۇنىڭ قويىنىغا كىرىپ باقتىڭىزمۇ؟

— يوقىلاڭ گەپنى قىلماڭا!

— ئەمىسە نېمە قىلغىنىڭلار ئۇ؟ مەن بېلىق تۇتقىلى ماڭاي دەپ تورغىنىمدا ئاڭلىدىم — سىلەر تۇتۇش قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرۇپتىكەنسىلەرغۇ.

مەن ئاغزىمنى ئاچالمىدىم. يەنە جىم بولۇپ قالدۇق. ئۇيقۇم كېلىپ كېتىۋاتىدۇ. توختىماي ئەسنىگىلى تۇردۇم.

— خۇپىيانە ئىش خۇپىيانە بولىدۇ. مۇھەببەت دېگەن مۇھەببەتتەك بولىدۇ، — دېدى پېتر سېرگېيېۋىچ.

— ھەممىسىنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ يەنە.

www.uyghurkitap.com

ئۇ تازىلاپ تەييار قىلىنغان چورتان بېلىقىنى داسقا تاشلىۋىدى، شالاقىدە چاچرىغان سۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

يىراقتىكى بىر ئۆيدە كېچىدە بالىنىڭ يىغلىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىشنى ئەسلىدە ئايرىم بىر ھېكايە قىلىپ يېزىشقا بولاتتى. ئالىيە، ئۇنىڭ كېتىپ قېلىشى، تۇيۇقسىز غېرىبلىق يېتىش، كېچە — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېكايىگە تۇس بېرىش يۈزىسىدىن ئەسلى پېتىچە ساقلاپ قېلىشقا بولاتتى. بىراق، بۇنداق بولغاندا، ھېكايىدە ئاساسەن مۇھەببەت، ئالىيە يېزىلماي، بەلكى كېچىنىڭ سائەت ئۈچ-تۆت چاغلىرىدىكى جۆيلۈپ تۇۋلىغان ئېگىز-پەس ئاۋازلار ۋە ئاراق-تۇرۇقلار ئىچىدە چىققان غەلىتە يىغا ئاۋازى يېزىلغان بولاتتى.

مەن مۇنداق دەپ يازاتتىم: بىر قېتىم مەن راستىنلا چىداپ تۇرالماي، كۈندۈزدىلا شۇ يەرگە باردىم. 413-ئۆيگە — مېنىڭ ئۆيۈمدىن سەككىز ئىشكنى ئاتلاپ ئۆتىدىغان ئۆيگە ياكى باشقا بىر ئۆيگە بارغان بولاتتىم.

— سىلەرنىڭ...كەچۈرۈڭلار، سىلەرنىڭ بالاڭلار يىغلاۋاتامدۇ؟

مەن ئىشتىن چۈشۈپلا توپتوغرا شۇ يەرگە بارغاندىم، بۇ مەسىلىنى توپتوغرىسىغىلا، ئوپئوچۇق، رەسمىي ھالدا ئوتتۇرىغا قويدۇم.

ئىشىكنى بەستلىك، قوپال، خاپان باش بىر ئەركىشى ئاچتى.

— نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا ماڭا سەپسىلىپ قاراپ، ھەتتا مېنى دالانغىمۇ كىرگۈزمىدى.

— بىر بالا ھەمىشە كېچىسى يىغلايدۇ، سىزنىڭ بالىڭىزمۇ؟

— سەن نېمە قىلماقچى؟

ئارقىدىنلا ئۇ يەنە:

— بىزنىڭ زادىلا بالىمىز يوق، — دېدى.

ئىككى كېچە ئۆتتى. بىركۈنى كۈندۈزى مەن ئۇنىڭ ئىشكىگە يەنە بىر قېتىم باردىم — راستىنلا چىداپ تۇرالمىدىم. مەن ھېلىقى خاپان باشنى بۇ چاغدا چوقۇم ئىشقا كەتتى، ماڭا باشقا بىرى جاۋاب بېرىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغانىدىم. لېكىن، ئىشكنى يەنە شۇ خاپان باش ئاچتى.

— مەن ساڭا دېدىمغۇ، بىزنىڭ ئۆيدە ھېچكىم يىغلىغىنى يوق.

ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەسلىكنىڭ مۇمكىن ئەمەس، دېمەك، مەن ئېلىشتۇرۇپ قويۇپتىمەن.

— ئۇنداق بولسا نەدە يىغلاۋاتىدىغاندۇ؟ كەچۈرۈڭ... مەن تونۇگۈن ئاخشاممۇ ئاڭلىدىم.

— راست ئاڭلىدىڭمۇ؟

— راست.

— سەككىز ئىشكنىڭ نېرىسىدىنمۇ؟ (بۇ يەردە ئەمەلىي ئىمكاندىيەت رول ئوينىدى، ساڭا ھېچكىم ئىشەنمەي تۇرغان يەردە، بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ بېرىڭلار دەپ ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا بېرىشنىڭ مۇمكىن ئەمەس.)

— خەير، ئەپۇ قىلىڭ.

بىراق، سەن...ئېيتىڭ نېمە، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باق: ئازراق بېناددىل ئىچىۋال.

— قالتىس شىپالىق بېرىدۇ.

— شۇنداق، شۇنداق.

ئۇنىڭ ئىشكى ئالدىدىن كېتىشىمگىلا، ئۇ جاق قىلىپ ئىشكنى

ياپىدۇ. ئىشىكنى يېپىش ئالدىدىكى ئاخىرقى سېكۇنت ئارىلىقىدا ئىشىكنىڭ ئىچىگە كۆز تاشلايدىغان بولساڭ، تاختاي ئۈستىدە تۇرغان بالا ئويۇنچۇقى كۆزۈڭگە چېلىقىدۇ. بۇ قورچاق تېۋىتتىن ياسالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى گۈل تۆگۈلگەن. قورچاق ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىدىغان دەھلىزدە، ھېلىقى خاپان باش ئەرنىڭ تاپىنى ئالدىدا تۇرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، سەن يېرىم كېچىدە رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئېلانىغا ئوخشاش، بىر خىللا گەپنى قۇپقۇرۇقلا تەكرارلاۋېرىسەن. بۇ گەپ يامغۇر تامچىسىغا ئوخشاش بىر تېمىم-بىر تېمىمدىن تامچىلاپ، كېچىنىڭ تۇتۇق پەردىسىگە سىڭىپ كېتىدۇ، چالا ئۇيقۇلۇقتىكى جۆيلۈشلەرگە سىڭىپ كېتىدۇ:

— ھەي بالا، ھەي ئوغۇل بالا، نېمىشقا يىغلايسەن؟ گېپىمگە ئاستا جاۋاب بەرگىن.

بىر مىنۇتتىن كېيىن دەيسەنكى:

— ھەي قىز، ھەي قىز بالا، نېمىشقا يىغلايسەن؟ گېپىمگە ئاستا جاۋاب بەرگىن.

جاۋاب ئالالمايسەن. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى خاپان باش ئەرنىڭ ئىشقا كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ چارلاشقا كىرىشىپ كېتىسەن. ئۇ ئاپتوبۇس بېكىتىگە بېرىپ، ئاپتوبۇسقا چىقىدۇ، ئۇ ئۇ يەرگە بارغاندا، ئۆيىدىن خوپ يىراقلىشىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا سەن ئۇنىڭ ئىشىكىگە قاراپ چاپىسەن-دە، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قالىسەن. قۇلىقىڭنى ئىشىكنىڭ قۇلۇپىغا يېقىپ ئاندىن يەنە تۆشۈكتىن قارايسەن. سەن يەنە تار تاختايدىن ياسالغان پولنىڭ ئۈستىدە تۇرغان گۈل تۆگۈنچەكلىك قورچاقنى كۆرىسەن. بىراق، ئۇنىڭدىن ئاۋاز

چىقمايدۇ، ھېچقانداق ئاۋاز چىقمايدۇ.
تۆۋەندىمۇ شۇنداق يېزىلغان...

ئەتىسى كەچقۇرۇن ئالىيە قايتىپ كەلدى. مەنمۇ دەل شۇ چاغدا ئىشتىن قايتقانىدىم.

— ئاپىرىپ بەردىڭىزمۇ؟ — بۇ ھېلىقى پەشمەت چاپانلىق بىلەن تۇۋت كۆڭلەكلىكنىڭ گېپى ئىدى.

— ئاپىرىپ بەردىم: قارىغا...ئۇلار نېمىدېگەن ئوماق ـ ھە!

— كىم؟

— سىزنىڭ باللىرىڭىزچۇ.

— سىز ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ؟

— بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم، بولۇپمۇ كىچىكىنى.

مەن بىردىنلا ئۇنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

— ئىسسىتمىڭىز ئۆرلەپ قالدىمۇ نېمە؟

— ياق، ياق.

— نېمە "ياق"!

يەنە يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ھەممە ئىش ئايدىڭلاشتى: ئۇنىڭغا سوغۇق ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئالىيە بۇنى چۈشەندۈرمەكچى بولدىيۇ، بىرنېمە دېيەلمىدى. چىشلىرى كاراسلاپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى.

مەن ئۇنى ياتقۇزۇپ قويدۇم. تەرلىتىدىغان تالقان دورا ئىچۈردۈم، ئەسپىرىن يېدۈردۈم.

ئاندىن مەن ئۆيۈمگە چىقىپ كەتتىم، ئولتۇرۇپ كىتاب كۆردۈم ۋە ئۇنى ئاگىلىسۇن دەپ پلاستىنكا قويۇپ قويدۇم. ئۇ تامنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئارقىسىدىن:

— بۇ ناخشىنى...يەنە بىر قېتىم قويۇپ بېرىڭ، — دېدى.

مەن پلاستىنكىنى باشقىدىن قويۇپ قويدۇم.

— بۇ ناخشىنى ئاڭلاۋېرىپ زېرىكمەمسىز؟

— ياق.

كىچە شۇنداق جىمجىت، تىنچ ئىدىكى، تۈن پەردىسىدىن (ئۇ قايتىپ كەلدى!) دېگەن ئاۋاز چىقمايتتى، ئەمما ئۆزىمىز بولساق بەك بىتاقەت بولۇپ كەتتۇق، تاقىتىمىز تاق بولدى. ئالىيە قىزنىمىسى ئېشىپ گاس-گاراخ بولۇپ كەتتى. مەنىمۇ شۇنداق بولۇپ كەتتىم — چۈنكى، سەن ئاغرىقتا قاراپ تۇرغان بولساڭ، ئىككىڭلاردىن باشقا ھېچ كىشى بولمىسا، سەنمۇ ئاغرىق كىشىدەك بولۇپ قالاتتىڭ.

— مەن سەل ئەجەبلىنىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ، — سەل ئەجەبلىنىۋاتىمەن شۇنداقمۇ؟

مەن باشقا بىر پلاستىنكىنى قويدۇم.

— تانگو مۇزىكىسىنىڭكىنى قويۇپ قويۇڭا! — دەپ تەلەپ قىلدى ئۇ.

— تانسا ئوينىغىز بارمۇ؟

— ياق. ئوينىغۇم بولسىمۇ ...مەن ئورنۇمدىن تۇراي.

— مەن يۆلەپ قوياي.

— پلاستىنكىنى قويۇپ قويۇڭ. مەن يېتىۋېرەي...ئېلىشىپ قالغاندەك گەپ قىلىۋاتىمەنا.

بۇ پاراڭنى تامنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ قىلىشتۇق. مەن ئۇنىڭدىن: "بۇ پلاستىنكىنى يەنە قويۇپ بېرەيمۇ؟"دەپ سورىدىم،

ئۇ جاۋاب بەرمىدى. مەندە ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئاچقۇچى بار ئىدى. مەن زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردىم. ئالىيە ئۇخلاپ قاپتۇ...ھېكايىنىڭ مۇشۇ يېرىدە تازا ئۇيقۇغا كەتكەن چوكاننىڭ تەسۋىرى ئېنىق بېرىلدى. ئۇ تولغۇۋالغان قوللىرىنى ئېڭىكىگە تىرەپ، ئوڭدىسىغا يېتىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ. مەن ئۆيدە بىرئاز ئۇ ياق - بۇ ياققا مېڭىپ، چىراغنى ئۆچۈرۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم.

ئەتىسى چۈشتە مەن ئۇنىڭ ئېرىگە بىرنەرسە - كېرەك — ئاپېلسىن، ئالما ۋە مېۋە شىرنىسى ئاپىرىپ بەردىم. رېتى بىلەن ئېيتىشقا توغرا كەلسە، ئىشقا كېتىۋاتقاندا بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ قويغانىدىم، چۈشتىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ بەردىم.

ياتاقتا كىرگۈزگەن خەتكە: ئالىيەنىڭ بۈگۈن ئىشى چىقىپ قالدى. بۇ نەرسىلەرنى ئۇ مەندىن ئەۋەتتى. تېزرەك ساقىيىپ كېتىشىڭىزنى تىلەيمەن، دەپ ئىككى ئېغىزلا گەپ يېزىپ قويغانىدىم... ئۇ تېخىمۇ ئاددىي جاۋاب بېرىپتۇ: "ئوڭغا بۇرۇلىدىغان بۇرجەكتىكى دېرىزە قېشىدا. ئۇچىنچى قەۋەت."

مەن دوختۇرخانا بىناسىدىن ئەمدىلا ئايلىنىپ ئۆتۈشۈمگە، ئۇ دېرىزىسىدىن يېرىم گەۋدىسىنى چىقىرىپ مېنى چاقىرغىلى تۇردى: "ھەي ئاتدىشىم، ئاتدىشىم! سىزگە رەھمەت!" ئۇ خۇشاللىقىدا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ كەتتى. ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، دېرىزە چىڭ ئېتىۋېتىلگەنىكەن. بىراق، ئۇ دېرىزىسىنى ئېچىۋېتىپ، دېرىزىدىن گەۋدىسىنى چىقىرىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى. ئۇ:

— ئالىيەنىڭ تېنى ساقمۇ... ئۇ قانداق تۇرۇۋاتىدۇ، سالامەتمۇ؟

سىز يالغان ئېيتمايۋاتىدىغانسىز؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ ھەئە، ياخشى.
ــ كېلەر قېتىم ئۇ كېلەمدۇ، راستمۇ؟
ــ راست، راست.

ئۇ 25 ياشلارغا كىرگەن مېھرى ئىسسىق يىگىت ئىدى، ھاۋا رايى خىزمىتىنى ئىشلەيتتى، ئانچە ـ مۇنچە شېئىر مۇ يازاتتى. 22 يېشىدا داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئاغىنىسى بىلەن تونىدرا بەلبېغىدا ئىشلەشكە بارغان. بىر قېتىمقى قاتتىق شۇرغاندا ئۇلارنىڭ كۆپچىلىك بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۇزاق ۋاقىت ئۈزۈلۈپ قالغان. بىراق، ئۇلار ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆز خىزمىتىنى تاشلىماي داۋاملىق ئىشلەۋەرگەن. ئۇلار قەھرىتان سوغۇققا، توقۇز بال شامالغا بەرداشلىق بەرگەن، ناخشىلاردا ئېيتىلىدىغان مەڭگۈلۈك تونىدرا بەلباغلىرىنى بوي ئەگدۈرگەن. ئەمما، ئىسپىرتنىڭ خۇمارىغا چىداشلىق بېرەلمىگەن ــ ئۇلاردا ئىسپىرت دېگەن بار نەرسە ـ دە.

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى ئالىيەدىن يوشۇرمىدى. ھەممە ئەھۋالنى دەرھال ئۇنىڭغا ئېيتتى ــ ھەقىقەتەن سەممىي يىگىت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار توي قىلىشتى.

ئالىيەنىڭ كېسىلى ساقايدى، ئەمما مەن ئاغرىپ قالدىم. بەلكىم ماڭا ئالىيەدىن يۇقىقان بولۇشى مۇمكىن. ياكى سوغۇق تەگكەن بولسا كېرەك.

ھېكايىسىنىڭ مۇشۇ يېرىدىن چوڭ چاتاق چىقتى، يەنى مەن ئۆزەمنى ئاغرىق دەپ يازدىم، ھەممە كىشى مېنى تاشلىدى ۋە

ئۇنۇتتى، باشپاناھسىز قالدىم. ھەممە كىشى دېگەندە، ئالىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى ــ ئۇ مېنىڭ يېنىمدا ئىدى. كۆكۈل قويۇپ ئوقۇيدىغان كىتابخان بۇ يەردىن ئەسەردىكى سەۋەنلىكنى دەرھال بايقىۋالىدۇ ــ نېمشقا شۇنداق بولىدۇ؟ مەسىلە ناھايىتى ئايدىڭ: ئەسلىدە مەن ھېچقانداق مۇھىم شەخس ئەمەس. مەن ھەممە كىشىگە ئوخشاش ئاددىي، ئاۋاق بىر ئادەم، چوڭ گەپ قىلىشقا ئامراق. ئەلۋەتتە، ئاۋارىچىلىك تارتماي ۋە پۇل خەجلىمەيمۇ باشقىچە ئورۇنلاشتۇرالايتتىم، كەسپداشلىرىم بولغان ئايدىڭباش پەن ئەھلى-لىرىنىڭ مېنى دائىم يوقلاپ كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى يازاتتىم، ئۇلار بىر باغلام گۈل سۇسەر كۆتۈرۈپ، قوغدانىما رەڭلىك ماشىنا بىلەن كېلەتتى، بەزىدە ماشىنىدىن ساندۇق-ساندۇق ئۈزۈملەرنى چۈشۈرەتتى. مۇشۇلارنى يازىدىغان بولسام، باشپاناھسىز قالغانلىقىم توغرىسىدا ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى، ئالىيەنىڭ ھېسداشلىقىمۇ بولمايتتى. ئەمما ئۇنىڭ ھېسداشلىقى بولمىسا بولامتى؟

كەچ كىردى. مەن ئەمدى جۆيلۈگىلى تۇردۇم. ئالىيە مالىنىدىن ئىشلەنگەن تالقان دورا ئىچۈردى، ئەسپىرىن يېگۈزدى. مەن ئەسلىدە باكتېرىيىگە قارشى تابلىتكا ئىچىشىم كېرەك ئىدى، بىراق، 15 يىلنىڭ ئالدىدا يەنى بۇ ھېكايىنى يازغان ۋاقتىمدا، مەن بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى زادى بىلمەيتتىم.

مەن كېسەل بىلەن بەك ئاجىزلىشىپ كەتتىم ــ بۇ دەل ھېسداش-لىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىدى.

دەل مۇشۇ چاغدىلا چۈشىنىپ يەتتىم: ھېسداشلىق ھېسداشلىقچە بولىدىكەن، ئەمما ئالىيە بۇ يەردىن كېتىدىغان بولۇپ قالدى،

www.uygurkitap.com

توغرىراقىنى ئېيتقاندا، ئۆي كۆچىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆي ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا بىر ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدى. ئەسلىدە ئۇلار — ئالىيە بىلەن ۋىكتور بۇ ئىش ئۈچۈن بىر يىلدىن ئارتۇق چاپقانىكەن، يېقىندىلا بۇ ئارزۇسى ئىشقا ئېشىپتۇ. ئالىيە نەرسە-كېرەك-لىرىنى يىغىشتۇرۇپ تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ، مەن بولسام قىزىپ جۆيلۈپ ياتىمەن، قۇلاقلىرىم ۋىڭىلداپ، ئۇنىڭ نېرىقى ئۆيدە نېمىلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن يىغىشتۇرىدىغانلىقىنى بىلەلمەي ياتاتتىم.

— قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇراي، — دەيتتى ئالىيە ئۆزىگە پىچىرلاپ.

— ئالىيە، — دەپ تامنىڭ بېرىسىدىن چاقىردىم.

ئالىيە ئېسىنى يىغىۋېلىپ:

— ھە، سىزنىڭ سۈت ئىچىدىغان ۋاقتىڭىز بولۇپ قالدى، — دېدى جاۋابەن.

— ئىچمەن، ھازىرلا ئىچىمەن.

— ھە...قاچا-قۇچىلارنى قۇتىسىغا سېلىۋالاي.

ئاخىر ئېنىق ئاڭلىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن نېمىنى يىغىش-تۇرۇۋاتىسىز، ئەجەب تۈگىمەي كەتتى ئىشىڭىز؟ دەپ سورىدىم. ئالىيە ئەتە ئۆي كۆچىمەن، دەپ جاۋاب بەردى.

— نەگە كۆچىسىز؟

— باشقا رايونغا، ئۆينى تېگىشتۇق.

— ئۇ ئۆي ياخشىمىكەن؟

— ئوخشاشلا ئۆي ئىكەن.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا تېگىشتىڭلار؟

ئالىيە چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: ئۇنىڭ كۆيۈشى يەنى ۋىگ-
تورغا يېقىشى يەر ئالماشتۇرۇش كېرەك ئىكەن. بۇ ھەقتە ئۇلار
ئاللىقاچان بىر يەرگە كېلىپ بولغانىكەن. ئەمەلىيەتتە، ئۆيىنى ئاللىبۇرۇن
تېگىشىپ بوپتىكەن — يولدىشى كېسەلخانىدىن چىققاندىن كېيىن
كۆچمەكچى بوپتىكەن. ۋىكتور كىشىلەرنىڭ ئارقىدىن غەيۋەت
قىلىشىنى خالىمايدىكەن، كىشىلەرنىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، قاراڭلار، بۇ
ئادەم يېقىندا سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى دېيىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن،
ھەتتا تېخى (توغرا نىيەت بىلەن) ئۇنىڭدىن: دوستۇم، بىر-ئىككى
رومكا كۆتۈرۈۋېتەمسىز دەپ سورىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇ ئۆزىنى
باشقىلار تونۇمايدىغان يەردە ئولتۇرۇشنى خالايدىكەن. ئۇ يەردە ئۇ
ھەممە كىشى بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇق بولسام دەيدىكەن. بۇ چۈشە-
نىشلىك ئىش.

...يەنى بۇ ئالىيە بىلەن ئىككىمىز بىر بولغان، گويا خۇلاسە
تەرىقىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچە ئىدى. ئارىمىزدا تام بولسىمۇ،
شۇ كېچىسى خۇددى مۇرىمىزنى مۇرىمىزگە يېقىپ ئولتۇرغاندەك
بولدۇق.

— ئەتە نەرسە-كېرەكلەرنى ماشىنىغا قاچىلاشقا باشلايمىز — ئالىيە
ئەتىكى ئىشنىڭ غېمىنى قىلىۋاتاتتى. — نەرسە-كېرەكنى كىم
توشۇشۇپ بېرەر؟

— چاتاق يوق، — ئالىيەنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلماقچى
بولدۇم، — شوپۇر بىلەن ئوبدان دېيىشىپ قويىمىز.

— ماشىنىنى ئاران ئۇناتتۇق ئەمەسمۇ.

— چاتاق يوق. نەرسە-كېرەكنى ھەرقانداق قىلىپ بولمىسۇن
ماشىنىغا چىقىرىمىز.

— بىزدە مۇنچىۋالا نەرسە-كېرەك بار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

ئالىيە ئۇھ تارتتى. مەندىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇ:

— ياخشى چۈش كۆرۈڭ! — دېدى.

مەن ئالىيەنى ئاڭلىسۇن دەپ، پلاستىنكىنى قويۇپ قويۇپ كارىۋىتىمدا ياتاتتىم. بۇ خوشلىشىش ئۈچۈن قويۇلغان پلاستىنكا ئىدى. كەچ بولدى. بىز كۆپ ئۇخلىمىدۇق. شۇڭا مەن بۇ ھېكايىنى ياقتۇرىمەن، چۈنكى ئۇنىڭدا ئادىمىگەرچىلىك بار ئىدى.

بىز تامنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ پاراڭ سېلىشتۇق — ئالدى بىلەن ئالىيەنىڭ ئۆيى ئۈستىدە پاراڭ قىلىشتۇق.

— ۋىكتورنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— يامان ئەمەس. داۋالاشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ئاياغلىشاي دەپ قالدى.

— قىيىنلىۋاتامدۇ؟

— ھەئە... ئەمما ئۇ ناھايىتى چىداشلىق بېرىۋاتىدۇ.

— يارايدۇ.

ئالىيەنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ۋىكتور ئۈچۈن بەك خۇش ئىكەن — ئەمدى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ كېتىدۇ.

مەن ئۇلارنىڭ ناھايىتى بەختلىك ئۆتىدىغانلىقىنى كېسىپ ئېيتتىم.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— چۈنكى ھەر ئىككىڭلار سۆيۈملۈك ئادەملەر. مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن.

— مەن بىلىمەن...

— بىلىش كېرەككى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ھەرقانداق ئايالغا

راست گېپىنى قىلىدىغان كىشى چىقمايدۇ. بەزىدە قۇلىقىغا ياقىدىغان گەپلەرنى قىلىپ بېرىشى مۇمكىن. ئەمما ئۆزى بولسا. مەلۇم نەرسىدىن خېلى ئىشەنچ بىلەن ئۈمىد كۈتىدۇ.

— ئۈمىد كۈتىدۇ؟

— ھەئە. بىرنەرسە ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتىدۇ؟ «سىز مەن ئۈچۈن ئۈمىد كۈتمىدىڭىزمۇ»، دەپ سوراپ قالسا، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى زادى بىلمەيتتىم. ئەمما ئالىيە بۇ سوئالنى قويمىدى. ياش چوكان (بولۇپمۇ ھېكايىدىكى مەن ئۇنىتۇپ قالاي دەۋاتقان، مەن ياخشى كۆرىدىغان چوكان)نىڭ مۇھەببەتكە ناھايىتى ئىنچىكىلىك ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا ھېچقانداق ئامال يوق.

ئەمدى مېنىڭ ئائىلەم ئۈستىدە مۇنداق گەپلەشتۇق: سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىكىلەر يېزىدا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ بالىلىرىڭىزدىن ئاغرىپ قالغىنى بارمۇ؟

— يوق، — دېدىم جاۋابەن، — تېلېفوندا سۆزلەشكەنىدىم. ھەممىسى ساق ئىكەن.

— ھاۋا قانداق ئىكەن؟

— ئاجايىب ياخشى ئىكەن.

مەن بىردىنلا بىزنىڭ تام ئارا ئەمەس، پۈتۈنلەي بىر يەردە ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشىۋاتقانلىقىمىزنى بايقىدىم. مەن ياتاتتىم، ئالىيە يېنىمدا ئولتۇراتتى. ئۇ ئاستاغىنا كىرىۋالغان چېغى.

چۈنكى، ھېكايىنىڭ تېمىسى بويىچە، مۇشۇنداق يېزىشقا يول قويۇلاتتى.

— ئۇلار ئاپتاپسىنىدۇ، — دېدىم مەن، — سۇغا چۈشىدۇ. ئوغۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باللار بىلىق تۇتۇشنى ئۆگىنىدۇ.

ــ خەتەرلىك ئەمەسمۇ؟ نىملا دېگەن بىلەن ئۇ دەريا ــ دە.

ــ ياق.

ــ ياخشى يېرى شۇكى، ھاۋا ياخشىلىنىپ قالغان.

ــ ھاۋا ھەممىدىن مۇھىم...

پارىڭىمىز چىرايلىق ئۆتتى، كۆڭۈللۈك بولدى. مەلۇم تەجرىبە يوكسەكلىكىدىن قارىغاندا، باللىق دەۋرىدىكىدەك بولدى. ئېھتىمال، مۇشۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، مەن بىردىنلا باشلىقمىنى قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ، كىشىلەرنى قاقتى ــ سوقتى قىلىشتىن، تىللاپ ــ ھاقارەتلەشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ دەپ تىللىغىلى تۇردۇم.

مەن قولۇمنى سوزۇپ، ئۇنى سىلىماقچى بولدۇم ــ چۈنكى ۋاقتى كېلىپ قالغانىدى! دەل شۇ چاغدىلا مەن ئالىيەنىڭ مېنىڭ يېنىمدا ئەمەسلىكىنى سەزدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئىكەن، مەن ئۆز ئۆيۈمدە ئىكەنمەن. ئارىمىزنى تام ئايرىپ تۇرۇپتۇ.

مەن قولۇمنى سوزۇپ، تامغا چاپلانغان قەغەزنى ئاستا سىلىدىم. تام قەغىزىگە چوڭ ــ كىچىك كاتەكچە سىزىقلار سىزىلغان بولۇپ، مېنىڭ قولۇم مۇشۇ كاتەكچىلەر بويىچە ماڭاتتى. مۇشۇ چاغدا تامنىڭ نېرىسىدىمۇ بىرى شىر ــ شىر قىلىپ تام قەغىزىنى سىلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

يىغىپ ئېيتقاندا مۇنداق: ۋەقە ئەۋج ئېلىپ تازا قىزىق يېرىگە كەلگەندىلا، ھېكايىدە تامنىڭ گېپى چىقىدۇ. مېنىڭ ئۇخلاپ قالغان ئاتدىشىم دوختۇرخانىدا ياتاتتى، ئۇ بەك يېقىملىق ئادەم ئىدى، بىزنىڭ ئارىمىزنى بىر تام ئايرىپ تۇراتتى. ھېكايىدە ئالىيە بىلەن ئىككىمىز ئۇتتۇرىسىدىكى ئاشكارىلىناي دەپ قالغان پاراڭلار بەتتىن

بەتكە ئۇلاشتۇرۇپ يېزىلغان. بىراق، بۇ قۇرۇق ئاۋارىچىلىك ئىدى، ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمايتتى، چۈنكى، مەن ئالىيە بىلەنمۇ ياخشى ئۆتسەم، ۋىكتورنىمۇ زىيان تارتقۇزمىسام دەيمەن. ئۇ زامانلاردا ھېكايە يازغىنىمدا مۇنداق ئوپئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان سىرلىق مۇناسىۋەتلەرنى قويۇق قىلىپ تەسۋىرلەشكە پېتىنالمايتتىم، بۇنداق مۇناسىۋەتتىن مەززە ئالغىلىمۇ بولمايتتى.

— تام قەغىزىنى سىلاۋاتقان سىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم چىداپ تۇرالمىغاندا، — سىز قەغەزنى شىرىلدىتىۋاتامسىز؟

— قوشنىلارنىڭ ئۆيىدىكى چاشقان شىرىلدىتىۋاتسا كېرەك.

— نېمە؟

— چاشقان بولۇشى مۇمكىن. — ئالىيە "مەن" دېيىشنى خالىمايتتى.

پاراڭ تۈگىدى.

ھەربىر كىشىنىڭ ياشلىق دەۋرىدە، ھېكايە قىلىپ يېزىلمىغىنى بىلەن، ئالىيە توغرىسىدىكى ۋەقەدەك ۋەقە بولۇپ ئۆتىدۇ، ھەتتا ھېچقاچان ھېكايە ئوقۇپ باقمىغان ئادەملەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالالمايدۇ. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر يېتىپ باقمىغان — كېيىن ئۇ مۇنداق ئىش بولغان دەپ بىرەر يۈز قېتىم يازغان بولسىمۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇقتا ياتقان ئالىيە ئەمەس. دەرەختە قېپقالغان پالتىنىڭ ئىزى دېگەن ئەنە شۇ. ئون يىل، بەلكىم 15 يىل ئۆتۈپ كەتكەندۇ. مەنمۇ ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ھېكايە يازغان چاغلىرىمدىكىگە ئوخشاش يېزىپ تۈگەتمىدىم. قولۇم ئەپلەشمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇنقى ئىقتىدارىم قالمىدى. ھەم قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدىم. مۇشۇ سەۋەبتىنمىكىن، بۇ ھېكايە ئالىيە بىلەن خوشلىشىشنىڭ

خاتىرىسى سۈپىتىدە ناھايىتى قەدىرلىك بىر ھېكايە بولۇپ قالدى.

بەزىدە ئالىيە بىلەن ئىككىمىز بىر-بىرىمىزدىن گۆدەك چاغلىرىمىزدا توساتتىن تونۇشۇپ قالغاندىمىزمۇ-يا دەپ سوراپ قوياتتۇق — گەرچە بۇ مۇمكىن بولمىسىمۇ.

— سىز ئورالدا تۇرغانمۇ؟

— ياق.

مەن H شەھىرىدە تۇرغان، — دەيتتىم مەن.

— H شەھىرىدە؟ — ئالىيە بۇ شەھەرنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىكەن.

ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدە مەن بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، ھازىر بۇ ئىشلارنى ئالىيەگە دەپ بەرگۈم كېلىپلا تۇرىدۇ. جۇغراپىيە جەھەتتىن، تەن تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئىمكان قەدەر ئالىيەنى ئاشۇ مەكتەپ، ئاشۇ قىز بىلەن باغلىغۇم كېلىدۇ. بۇ ئىككىسىنى قوشۇپ، بىرنەرسە قىلىۋەتسەمىكەن دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، ئەمەلىيەتتە ھېكايىدە يازغىنىم ئەنە شۇ قىز ئىدى، ئەگەر ھېكايىدە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ، ئۇسلۇب بىلەن چەكلەنمەي، بۇ قىزنى قۇرلار ئىچىدىن سەكرەپ چىقىپ، ئالىيەگە ھېكايىدە يېزىلغان قىز ئۇنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى توپتوغرا ئېيتىپ بېرىدىغان قىلىپ يېزىپ چىقالىسام ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مېنىڭ ئالىيەنى توقۇپ چىققانلىقىم ۋە ئۇنى تام قوشنا قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىمنى ئىپادىلەپ بېرەلىسەم، ئاندىن ئۆزەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن بولاتتىم.

بۇ شەھەردىمۇ ئوخشاشلا، ياشنى كۆزدە تۇتقان تەقدىردىمۇ، مۇمكىن بولمايتتى، ئارىمىزنى بىر تام توسۇپ تۇراتتى، شۇڭا



www.uyghurkitap.com

مېنىڭ قولۇم تام قەغىزىدىكى كاتەكچىلەرنى بۇ بۇرجەكتىن ئۇ بۇر-جەككە تىمسقلاپ يۈرۈپ سىلايتتى.

— ئۇنىڭ ئېتى نېمە ئىدى؟ — دەپ سورىدى ئالىيە.

— روشا①.

بۇ ئاتنىڭ قويۇلۇشىنى كىتابخانىلاردا يېقىملىق تۇيغۇ قوزغايدىغان ۋە ئۇرتاق سادا پەيدا قىلىدىغان سىتىلىستىكا تۇرغۇسىدىن ئويلىغاندا، ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن چېكىپ تۇرۇپ قويۇلغان ئات ئەمەس، شۇنداقلا ئۇ پۈتۈنلەي ئەقىلغە سىغمايدۇ. خۇددى، ئالايلۇق، كىشى-لەرنىڭ ھەممىسى مېنى سولوۋېي② دېگىنىگە ئوخشاش. شۇنداقتىمۇ مەن ئۈمىدىمنى ئالىيەنىڭ چېچەنلىكىگە باغلىغان، مەن خاتا قىلمىدىم.

— ئەجەبىمۇ چىرايلىق ئات ئىكەن...نېمىدېگەن چىرايلىق ئاڭلىنىدۇ.

— راست دەۋاتامسىز؟

— سىز قانچىنچى يىللىقتىكى ۋاقتىڭىزدا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان؟

بۇنداق ئەھۋالدا مەن ھەرقانداق كىشىگە توققۇزىنچى يىللىقتا ياكى ئونىنچى يىللىقتا دەپ جاۋاب بېرىشىم مۇمكىن.

مەن بىردەم ھودۇقۇپ قالدىم — ئالىيە بۇ مەسىلىدىمۇ چېچەنلىك قىلارمۇ، مېنى زاڭلىق قىلارمۇ دەپ.

— بەشىنچى يىللىقتا، — دەپ جاۋاب بەردىم.

ئالىيە كۈلمىدى، زاڭلىقمۇ قىلمىدى. ئۇ چۈشەنگەندەك قىلىپ

---

① روشا — قىزىلگۈل.

② سولوۋېي — بۇلبۇل.

بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ئۇنى بەربىر مەن تۇتۇپ چىققان، شۇڭا ئۇ مېنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشۇم بويىچە ھەرىكەت قىلىشى كېرەك.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ يات كىشىلەردەك، ئىشكاپ، ئورۇندۇق، قاچا-قومۇچ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىپ قالدى. دەل مۇشۇ ئەتىگەندە پاتېفونىمنىڭ بۇزۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلدىم. كېچىسى مەن ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، پاتېفوننىڭ يىڭنىسى توختىماي پىرقىراۋەرگەن پلاستىنكىنى ئاخىر تېشىپ ئۆتۈپ، ئاستىدىكى تەخسىگە تېگىپ سۇنۇپ كېتىپتۇ، ئاندىن پورژىنىسىمۇ ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. ئاقىۋەت مۇشۇ بولدى. ھېكايە مۇشۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.

بۇنىڭ ئالدىدا يەنە بىر كۆرۈنۈش بار ئىدى. نېمىشقىدۇ ئۇنى چۈشۈرۈپ قويۇپتىمەن. بۇ كۆرۈنۈش ئالىيە بىلەن ئىككىمىز نەرسە-كېرەكلەرنى ماشىنىغا بېسىش ئۈچۈن توشۇغان كۆرۈنۈش ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغدا شوپۇرنى ماقۇل كەلتۈرەلمىگەندۇق، ئۇنىڭ ئومۇرتقىسىدا بىر قانداق كېسىلى بار ئىكەن، شۇڭا ئىككىمىز توشۇماي بولمىدى. توشۇيدىغان ئارىلىق خېلى يىراق ئىدى. مەن ئاغرىپ قېلىپ ئاجىزلاپ كەتكەنىدىم، ئېغىر كېسەلدىن ئەمدىلا ساقايغان بولغاچقا، ئالىيەمۇ ئاجىزلىشىپ، يۈزى سارغىيىپ كەتكەنىدى، قوللىرى رەندىلىگەن تاياقتەك بولۇپ قالغانىدى. نەرسە-كېرەكلەرنى ئۈستۈنكى قەۋەتتىن كۆتۈرۈپ چۈشكۈچە دەلدەڭشىپ كېتىپ، كۆزلىرىم تورلىشىپ، ھە دېسىلا قولۇم بىلەن شادىغا تايىنىپ تۇرۇۋالاتتىم. تۇپتوغرا ئىككى سائەت ھەپىلىشىپ، ئاخىر نەرسە-كېرەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ماشىنىغا بېسىپ بولدۇق. بىزدە مۇشۇنچە-

لىك كۆچ بار ئىكەن.

بەك چارچاپ كەتكەنلىكىمىزدىن، ئالىيە بىلەن ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى قاراپ تۇرۇپ كۆرەلمەيۋاتقاندەك، تونۇيالمايۋاتقاندەك بولۇپ قاپتۇق. شۇپۇر بىر-بىرىگە ئۇلاپ چېكىۋاتقان تاماكىسىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، بىزنىڭ چۈمۈلىنىڭ ئۆي كۆچ-كىنىدەك تەسلىكتە قىمىرلاپ ئىشلەۋاتقانلىقىمىزغا غەمكىن نەزىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. ھەممە نەرسىنى توشۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ كابىنكىغا كىرىپ ئولتۇردى.

— ھەيدەڭ، — دېدىم مەن خىرقىراق ئاۋازىم بىلەن ئۇنىڭغا، ئىشكاپ، بەش تارتمىلىق جاۋەن ۋە باشقا نەرسىلەرنى توشۇپ بولغان چاغدا، مەن ھېرىپ دېمىمنى ئالالماي قالغانىدىم.

(«ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى»
ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 6 - سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: غۇلام غوپۇرى
تەرجىمە تەھرىرى: خوجائابدۇللا ئوسمان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

# پەيغەمبەر رەسىمىنى ئوغرىلاش ئەنزىسى

## ل. يۇنسنا

### 1. ئوغرىلىق ۋەقەسى بولغان جاي

ساقچىلار داۋىيسى كۆزىمچېۋا ئۆي ئىگىسى روگوژىنانىڭ ئەرزىنى ئاڭلىغاچ ئۆيدە ئالدىرىماي ئۇ يان-بۇ يانغا ماڭماقتا ئىدى، ئۇ تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۆينىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىگە قاراپمۇ قوياتتى. جۇڭگۇيى پېتىرووۋ زۇرنالىلار يېيىقلىق شىرەنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ خاتىرە يېزىۋاتاتتى. روگوژىنا كۆزىمچېۋادىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە سەپسالاتتى. روگوژىنا: ئەنزىنى تەكشۈرۈشكە ساقچى ئىدارىسى ئەركىشىنى مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتمەي، چىرايلىق ھۆسنىگە زىناقلىرى ياراشقان ئايال كىشىنى ئەۋەتكىنى قىزىق، دەپ ھەيران ئىدى. (روگوژىنانىڭ نەزىرىدە، رازۋېتكىچىلار ئەرلەردىن بولۇشى كېرەك ئىدى.)

روگوژىن ئائىلىسىدىكىلەر خىشلىق تاملىرى ئېگىز، دېرىزە تەكچىسى پارقىراق تاشتىن كەك قىلىپ ياسالغان، ئىشىكى دۇب تاختايلىق كونا ئۆيدە تۇراتتى، بۇ ئۆي ئۇرۇشتىن بۇرۇن سېلىنغانىدى.

— ئۆيدە سىزدىن باشقا كىم تۇرىدۇ؟ — دەپ سورىدى كۆزىمچېۋا.

— هازىر ئۆزەم يالغۇز تۇرۇۋاتىمەن. ئىرىم سىرتقا تەك-شۈرۈشكە كەتتى، ئىرىم ئوكيانشۇناس. بەشىنچى ئايدا كەتكەن، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي بايرىمىدا قايتىپ كېلىدۇ.

— چۈشىنىشلىك بولدى، — دېدى كۈزىمچېۋا. ئەمەلىيەتتە، شۈبھىلىك مەسىلىلەر كۆپ ئىدى، ئەنزە ئەھۋالى نائېنىق ۋە چۈشىنىكسىز ئىدى. ئوغرى ئىشكىنى ئاچقۇچتا ئېچىپ، 15 مىڭ رۇبلى پۇل بىلەن 14-ۋە 15-ئەسىرلەردە سىزىلغان ئىككى پەيغەم-بەر رەسىمنى ئوغرىلىغانىدى. ئوغرى ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىغا-نىدى. ئۆيىنىڭ ئىگىسىمۇ قايسى كۈنى ئوغرى كىرگەنلىكىنى بىل-مەيتتى. ئۆي ئىگىسى ئايال 8-ئاينىڭ 20-كۈنى داچا سېتىۋېلىشقا ئاتاپ قويغان پۇلنى بانكىدىن ئېلىپ چىقىپ گىرىم ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىغا سېلىپ قويغانىدى. ئاردىن ئۈچ ھەپتىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتتى. بۈگۈن بىردىنلا پۇل ئېسىگە كەلگەنىدى...

— ئوغرى تۇتۇلارمۇ؟ — دەپ سورىدى روگوژىنا، ئەمما ئۇ ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى.

— تۇتۇلۇشقا تېگىشلىك، — دېدى كۈزىمچېۋا سوغۇققىنا، — ئېيتىڭا، بۇ ھەپتىدە بىر ياققا بارمىغانسىز؟

— ياق. ئىشقا بارغان ياكى ماگىزىنغا بارغان چاغلىرىمدىلا ئۆيدىن چىقاتتىم.

— تارتمىنى ئېچىپ، قاراپ باقمىغىنىڭىزغىمۇ ماقۇل، رەسىم يوق تۇرسا بايقىمىغىنىڭىز قانداق گەپ؟

روگوژىنا پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ قويدى.

— شۇنى دېمەمسىز، ئاجايىپلا بىر ئىش دەڭا. ۋەقە مۇنداق: پەيغەمبەر رەسىمى ئېرىمنىڭ ھۇجرىسىدا ئىدى، ئېرىم باشقىلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

هۇجرىغا كىرىپ نەرسىسگە قول تەگكۈزۈشنى ياقتۇرمايدىغان، شۇڭا ئادەتتە ئۇ هۇجرىغا كىرمەيتتىم. قىزىم يەنە باشقا نەرسىلەرمۇ يوقىغان بولمىسۇن، ئوبدانراق قاراپ بېقىش دېگەندىسمۇ رەسىمنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن. ئېرىمنىڭ هۇجرىسىدىكى تامغا ئېسىقلىق كۈمۈش خەنجەرنىمۇ ئوغرىلاپ كەتتىمكىن دەپ قارىسام، خەنجەر ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ... رەسىمنىڭ يوقلۇقىنى شۇ چاغدىلا بىلدىم...

ئۇلار روگوژىن يېتىپ_قوپىدىغان ئۆيگە كىردى. ئۇلغا ئىگناتىيېۋنا دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ يېپنى تارتىۋىدى، ئېغىر پەردە ئىككى تەرەپكە ئېچىلىپ، سېنتەبىر قۇياشى دەرهال ئۆيگە نۇرىنى چاچتى.

ئۆينىڭ تاملىرىغا يانداپ كىتاب جازىلىرى قويۇلغان بولۇپ، جازىلارغا تورۇسقا تاقاشقۇدەك قىلىپ كىتابلار ۋە دەستىلەپ قويۇلغان قەغەز خالتىلار تىزىلغاندى. سافا كارىۋات قويۇلغان تاملا بوش بولۇپ، تۈركمەن گىلىمگە ئېسىلغان قەدىمقى خەنجەر ۋالىلداپ تۇراتتى.

يېزىق شىرەسىدە هېچنېمە قويۇلمىغان، پارقىراق شىرەنى بىرلىك توپا بېسىپ كەتكەنىدى. كۈزىمچېۋا شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ، تامدىكى پەيغەمبەر رەسىمى ئېسىلغان مىخنى ئىزدىدى. ئەمما مىخ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، تورۇسقا يېقىنلا بىر يەردىكى ئىلمەكلىك مىخلارنى كۆردى، ئادەتتە رەسىم ئېسىشتا مۇزېيلاردا مۇشۇنداق مىخ ئىشلىتىلەتتى.

— رەسىم يىپ بىلەن ئېسىلغانمۇ؟ — دەپ سورىدى كۈزىمچېۋا روگوژىنادىن.

— سىم بىلەن ئېسىلغان، ئامبۇر بولمىسا ئۈزگىلى بولمايدۇ.

— قارىڭا، داۋېي، كۆردىڭىزمۇ؟ يېزىق شىرەسىدە ئاياغ ئىزى

تۇردۇ، ــ دېدى پېترووۋ، ــ رەسىمنى شىرەدە تۇرۇپ ئاپتۇ. تورۇس بىلەن پولنىڭ ئارىلىقى تۆت مېترچە كېلەر؟

روگوژىنا بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلىدى:

ــ بويى بىر مېتر 80 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئېگىز ئادەمنىڭ قولىلا تورۇسقا يېتىدۇ.

ــ شۇنداقتەك تۇرىدۇ، ــ دېدى كۇزمىچېۋا ماقۇللۇق بىلدۇ. رۈپ، ئاندىن شىرەدىكى توپىغا سەپسېلىپ قارىدى. شىرەدە تۇرغان ھېلىقى ئادەم ئۆڭ پۇتىنى مىدىرلاتقان بولسا كېرەك، شۇڭا پۇتىنىڭ سۇرۇلگەن ئىزىلا كۆرۈندى. سول پۇتىنىڭ ئىزى بولسا خېلى ئېنىق ئىدى.

قانۇن ساقچىسى سۈرەتكە تارتىشقا باشلىدى.

ــ پەيغەمبەر رەسىمى قانچىلىك چوڭلۇقتا ئىدى؟ ــ كۇزمىچېۋا سورىدى.

ــ ماشىنكا قەغىزىدىن سەل چوڭراق كېلەرمىكىن.

ــ ئۇنداقتا، رەسىمنى كىچىك سومكىغا سېلىۋالغىلى بولىدىكەن ـ دە؟

ــ ياق. رەسىم مېتال قاپ بىلەن قاپلانغان، بىرى تېخى چوڭ كۆمۈش قاپ، ــ روگوژىنا ئىككى قولىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ، رەسىم جازىسىنىڭ چوڭلۇقىنى قولى بىلەن ئىشارە قىلدى.

كۇزمىچېۋا زوڭزىيىپ، شىرەنىڭ ئاستىغا قارىۋىدى، بوشىراق پۇرلەشكەن قەغەزنى كۆردى. ئۇ ئورنىدىن شاققىدە تۇردى ـ دە، قەغەزنى ئاۋايلاپ ئاچتى. بۇ كىيېۋ تۆمۈريولى لىنىيىسىدىكى شەھەر ئەتراپى رايونىنىڭ پويىز بېلىتى ئىدى. بېلەتكە 9 ـ ئاينىڭ

2 ـ كۈنى دېگەن چېسلا بېسىلغانىدى. بېلەتنىڭ ئىگىسى موسكۋاغا ئۇچىنچى رايوندىن كىرگەنىدى.

ــ بۇ بېلەت سىزنىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى كۆزىمچىۋا.

ــ ياق، ــ دەپ جاۋاب بەردى روگوژىنا ھەيرانلىقتا. روگوژىنا تا ھازىرقى مىنۇتقىچە بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى ئوڭدا ئەمەس، چۈشىدە كۆرگەندەك بولۇپ تۇراتتى. كۆرمەمدىغان، تۇيۇقسىزلا بىر پويىز بېلىتى چىقىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە خەقنىڭ پويىز بېلىتى، بۇ ھال ئۇنىڭ ئۆيىگە بىركىمنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرسەتەتتى، ــ بۇ بېلەت نەدىن كېلىپ قالدىكىن. ھېچقاچان كىيىۋ لىنىيىسى پويىزىغا ئولتۇرمىغانمەن. ئېرىمنىڭمۇ ئولتۇرمىغانلىقى ماڭا مەلۇم.

ــ ئېرىڭىزنىڭ ئولتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس،...بۇ بېلەتكە 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى دەپ چېسلا بېسىلغان. بۇ پويىزغا ئولتۇردىغان تونۇشىڭىز ياكى تۇغقىنىڭىز بارمۇ؟ سىز قەيەردىن داچا سېتىۋالماقچى بولغان؟

ــ **كازانك** تەرەپتىن...كراتوۋدىن. كىيىۋ تۆمۈريولى تەرەپتىمۇ؟... كېلىنىمنىڭ ھامىمىسى ۋنۇكوۋودا تۇرىدۇ، ئۇيى ئايرودرومنىڭ يېنىدىلا. پويىز بېلىتى قانداق بولۇپ بۇ يەرگە چۈشۈپ قالغاندۇ؟

ــ كېلىنىمنىڭ ھامىمىسى؟ ــ كۆزىمچىۋا بۇنىڭغا بەك قىزىقتى، ــ ئۇ ئايال بۇ ئۆيگە پات ـ پات كېلىپ تۇرامدۇ؟

ــ ياق، كەلمەيدۇ. ئوغلۇمنىڭ تويىدا بىر كۆرگەنىچە.

ــ ئۆيىدە كىملەر بار؟

ــ ئېرى بىلەن ئوغلى...

— ئېرى بىلەن ئوغلى، — دەپ تەكرارلىرى كۈزىمچېۋا، — دېمەك، ئۇلار موسكۋادىن ئايرودرومغا بارغۇچە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرىدىكەن-دە...

— ئايرودرومدىن ۋوگزالغىچە ماشىنا قاتنايدۇ، — دەپ لوقما سالدى ۋالېنتىن پېترووۋ. كۈزىمچېۋا ئۇيغا چۆككىنىچە ئۇنىڭغا يالت قىلىپ بىر قارىدى-دە، ئۆرۈلۈپ روگوژىناغا قاراپ سۆزلىدى:

— دېمەك، ئولگا ئىگناتيېۋنا، سىز 8-ئاينىڭ 20-كۈنى يەنى شەنبە كۈنى بانكىدىن پۇلىڭىزنى ئالدىڭىز، دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە داچا سېتىۋېلىش ئۈچۈن رەسمىيەت ئۆتمەكچى بولدىڭىز. پۇلنى ئالغىلى ئوغلىڭىزمۇ بىللە بارغان، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، بىللە بارغان... بانكا يېقىندىلا. شۇنچە جىق پۇلنى يالغۇز ئەكىلىشتىن سەل قورقتۇم...

— ئۇقتۇم. سىزنىڭ يېنىڭىزدا 15 مىڭ رۇبلى نەق پۇل، ئون مىڭ رۇبلى پۇلنىڭ ئامانەت كىنىشكىسى بار ئىكەن.

— پېتر نىكولايېۋىچ شۇنداق تاپىلىغان.

— بۇ داچا ساتىدىغان ئادەممۇ؟

— ھەئە، ئۇ نوۋوسىبىرسكىدىكى يەن شەھىرىگە كۆچۈپ كەتمەكچى ئىكەن. موسكۋا شەھەر ئەتراپىدىكى داچا ئەمدى ئۇنىڭغا لازىم ئەمەس ئىكەن. ئەمما، دۈشەنبە كۈنى ئۇ مىجەزىم يوق تۇرىدۇ، رەسمىيەتنى بىرەر-ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆتسەك دەپ تېلېفون بەردى. بىرەر كۈندىن كېيىن ئىشلىتىمەنغۇ دېگەن ئوي بىلەن پۇلنى يەنە بانكىغا سېلىپ قويۇشنى ھاجەتسىز دەپ قارىدىم. ئۇ ئادەم خېلى قاتتىق ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ، بۈگۈن

www.uyghurkitap.com

تېلېفون كەلدى، ئەتە گۇۋاھچى بىلەن كۆرۈشىمەن دېدى...
ئەمما، پۇل قاراپ تۇرۇپ يوقاپ كەتتى.

— بۈگۈن 9 ـ ئايغا 12، — دېدى كۇزىمچېۋا، — بۇ ئارىلىقتا ئۆيىڭىزگە كىم كەلدى؟

— ھېچكىم. ئۆيدە دائىم ئۆزەم يالغۇز. ھە راست، قىزىم بىلەن كۈيئوغلۇم كەلگەن، ئوغلۇممۇ كەلگەن...

— پېترنىكولايېۋىچ كەلدىمۇ؟

— بىر قېتىممۇ كەلمىدى. مەن ئۇنى ئىككى قېتىملا كۆرگەن، يەنە كېلىپ داچىنى كۆرگىلى بارغاندا كۆرگەن.

— سىلەرنى كىم تونۇشتۇرغان؟

— ھېچكىم. داچا ئالىمەن دەپ گېزىتكە ئېلان چىقارغانىدىم، ئۇ ماڭا تېلېفون بەردى.

— داچىنىڭ يەر خېتىنى كۆردىڭىزمۇ؟

— كۆرمەيچۇ!

— يەنە بىر گەپ، سىز ئۆيىڭىزنىڭ ئاچقۇچىنى بىرەركىمگە بەرگەنمۇ؟ ئۆي تازىلىغىلى تازىلىقچى تەكلىپ قىلغانسىز؟

— ئۆي ئىشىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزەم قىلىمەن. ھازىر نەدىنمۇ ئايال خىزمەتچى تاپقىلى بولسۇن؟

— ئاچقۇچنى ئوغلىڭىز ياكى قىزىڭىزغا بەرمىدىڭىزما؟

— ئۇلاردىمۇ ئاچقۇچ بار، مەن، ئېرىم، بالىلىرىم، ھەممىمىزدە بىردىن ئاچقۇچ بار.

— ئېرىڭىزنىڭ ئاچقۇچى نەدە؟

— ئۆزى ئېلىپ يۈرىدۇ.

— مۇنداق دەڭ، — كۇزىمچېۋا دېمىنى ئېلىۋالدى، — يەنە بىر

گەپ، پېترنكولايېۋىچنىڭ فامىلىسى، ئادرېسى ۋە خىزمەت ئورنىنى ماڭا دەپ بەرسىڭىز.

— فامىلىسى ئارتيۇخوۋ، كان شۆيۇەندە ئىشلەيدۇ، مېنىڭچە، ئۇ گېئولوگدەك كۆرۈنىدۇ.

## 2. ئەھۋالنى تەھلىل قىلىش

ئادەتتە كىيىدىغان كونا پوسۇندىكى كىيىملىرىنى كىيگەن، كۆك كۆزلىرىدىن ھەرقاچانىدىكىدەك قەتئىيلىك نۇرى چاقناپ تۇرغان كوزىمچېۋانىڭ ئۇدۇلدىكى ئورۇندۇقتا تىك ئولتۇرۇپ خىزمەتتىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلاۋاتقان شاڭشىياۋ كوروليوۋنىڭ قاپاقلىرى چىلك تۈرۈلگەنىدى.

كوزىمچېۋانىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان كوروليوۋنىڭ خىيالىغا نېمىشقىدۇ ئۆزىنىڭ يېقىنقى كۈنلەردە كوزىمچېۋاغا ئىچى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانلىقى كېلىپ قالدى، بۇ بەلكىم ئۆزىنىڭ قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك. كوزىمچېۋا داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىدارىسىگە خىزمەتكە كەلدى، شۇ كەملەردە بۇ ئىش ئۇنى خۇشال قىلغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتماقتا ئىدى. ئۇ كەملەردە كوزىمچېۋانىڭ خاراكتېرى ۋە ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى، ھېسسىياتىنى بېسىۋېلىشنى ئۆگىنىشى، چىداملىق بولۇشنى مەشىق قىلىشى، بىر ئىشنى باشلىسا، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرۇشى ئۇنى خۇشاللاندۇرغانىدى. كوزىمچېۋا بۇ خىسلەتلىرىنى كامالىغا يەتكۈزۈشكە ئۈزلۈكسىز تىرىشقانىدى. ئۆزىنى تەربىيىلەش بىلەن

بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئاياللارغا خاس مىجەز-خاراكتېرنىڭ ئورنىنى ئالىيجاناب كەسپىي ئەخلاق ئالغانىدى. ئۇنىڭغا كۆزىمچېۋا ئەركە ئېلىنىپ قېلىشقا تىرىشۋاتقاندەك سېزىلەتتى. كورولېۋۇ ئاياللار ئازادلىقىنى تەشەببۇس قىلاتتى، بىراق، تەشەببۇسىنىڭ ۋەزنىگە دىققەت قىلاتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ ھەقتە كۆزىمچېۋا بىلەن سۆزلەشكۈسى بولسىمۇ، ئىشتىن بوشىيالماي، ۋاقىت چىقىرالماي كەلگەنىدى.

— ھازىر بۇ ئىشلار تېخى نامەلۇم سان بولۇپ تۇرۇپتۇ، پېتر ئانتونوۋىچ، — دېدى كۆزىمچېۋا، — بىرنەرسىلا بەك ئايان، يەنى بۇ ئوغرىلىق ئەنزىبىسى ھەرگىز تاسادىپىيلا سادىر بولۇپ قالمىغان، بىر ئادەم ئۆيگە يوشۇرۇن كىرگەن، ئەمما ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ جىرىڭلىغىنىنى ھېچكىم ئاڭلىمىغان. ئىشىك ئاچقۇچ بىلەن ئېچىلغان، ئوغرى پەلەي كىيىپ ئوغرىلىق قىلغان.

— ئىشىكنى ئاچقۇچ بىلەن ئاچقان دەيسىز. ئىشىكتە بىرلا قۇلۇپ بارمىكەن؟

— بىر فىنلاندىيە قۇلۇپى بار ئىكەن. ئاچقۇچى پوچتا ساندۇقىنىڭ ئاچقۇچىلىكىلا كىچىك ئىكەن، ئوغرى ئۆيدە جىق پۇل بارلىقىنى بىلىدىكەن. ئوغرىنىڭ ئىككى رەسىمنىڭ ئورنىدىن كىچىك يەرگە پېتىپ كېتىدىغان سۆسەر جۇۋىنى ئالمىغىنى چۈشىنىپ بولمايدىغان ئىش.

— جۇۋىنى سېتىۋېتىش تەس، — گەپ قىستۇردى دېرىزە يېنىدا ئولتۇرۇپ خاتىرىسىگە قۇيرۇقنى دىڭگايتىپ، دومبىسىنى تومپايتىۋالغان كۆك مۇشۇكنى گاڭگىدا سىزىۋاتقان ۋالېنتىن پېتروۋ. چارلاش باشلانغاندا مۇشۇنداق مۇشۇك سىزىش ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئادىتى ئىدى.

— نېمىگە سېلىشتۇرۇشقا باغلىق، — دېدى كۆزىمىچېۋا ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ، — پەيغەمبەر رەسىمىنى سېتىۋېتىشمۇ ئاسان ئەمەس...ۋىسىيەي! — ئۇ بىردىنلا ۋايساپ، ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىۋالدى.

— نېمە بولدى؟ چىشىڭىز ئاغرىدىما؟ — دېدى كورولىيوۋ.

— ياق! ئوغرى پەيغەمبەر رەسىمنى كۆزلىگەن، پېتر ئانتونوۋىچ. ئوغرى پەيغەمبەر رەسىمنى ئوغرىلاشقىلا كەلگەن. پۇل ئوغرىلاشنى كۆزلىمىگەن، شۇڭا جۇۋىنى ئالمىغان، جۇۋىنى ئالسا، ئاسان تۇتۇلىدىغان گەپ. پۇلنى كۆرۈپ قالغاچقىلا ئېلىپ كەتكەن.

— ئۇنداقتا ئوغرى نېمىشقا پۇل ئامانەت كىنىشكىسىنى ئالمىغان؟ — دەپ سورىدى ۋالېنتىن، — كىنىشكا بىلەن پۇل بىر يەردە تۇرسا.

— بانكىدىكىلەر شۇنچە جىق پۇلنى كىمنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى يادىدا ساقلايدۇ، بۇ پۇل ئالغۇچىنىڭ سۈرىتىنى تارتىۋالغان بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟

— بۇنى، — دېدى كورولىيوۋ ئويلاپ تۇرۇپ، — بىر خىل قىياس تەرىقىسىدە ھېسابقا ئېلىشقا بولىدۇ. مەن پەيغەمبەر رەسىمنى دەۋاتىمەن. بۇ مەقسەتلىك، پىلانلىق ئۇيۇشتۇرۇلغان ئوغرىلىق ئەنزىسىدەك تۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئوغرى جۇۋا بىلەن كۈمۈش خەنجەرگە تەگمىگەن.

— خەنجەر بىر كىلوگرامچە كېلەر.

— رەسىمنى ئوغرىلاشنى كۆزلىگەن بولسا، چوقۇم رەسىمنى بىركىمگە سېتىۋېتىدۇ. شاۋشىياۋ گۇلىيېۋ بىلەن ئالاقىلاشتىڭلارمۇ؟

گۇلىيېۋ بىزدە ئاسارئەتىقىچىلەرنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئەمما، روگوژىن ئائىلىسىنىڭ ئاچقۇچىنىڭ ئوغرىنىڭ قولىغا قانداق چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېنىقلاش ھەممىدىن مۇھىم. روگوژىن يىراق يەرگە كېتىپتىمۇ؟

— ھىندى ئوكيانىدا ئىكەن، — دېدى ۋالېنتىن دوكلات قىلىپ.

— ئۇنىڭغا تېلېگراما ئەۋەتتىڭلارمۇ؟

— ھەئە.

— تۆت ئادەمدە ئاچقۇچ بار ئىكەن. ھەربىر ئادەمدىكى ئاچقۇچنىڭ ئوغرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى بار، — كورولىيوۋ گېپىنى تۈگىتىپ، سىگارتنى كۈچەپ شورىدى.

— سېسىق تاماكىڭىزنى يەنە چەككىلى تۇردىڭىز، — دېدى كۈزىمچېۋا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — يۈزىمىزگە زەھەردىن ساقلايدىغان نىقاب تارتىۋالىدىغان يەرگە كەپقالدۇق.

— كۈزىمچېۋا، ۋايساپلا كەتتىڭىزغۇ، — كورولىيوۋ مۇلايىم ۋە دوستانە ھالەتتە شۇنداق دېدىيۇ، تاماكىسىنى ئۆچۈرمىدى، — قېنى، گېپىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

— ئەمدى ۋەقەنىڭ قاچان بولغانلىقىغا كېلەيلى. نەرسىسىنىڭ قاچان يوقالغانلىقىنى ئىگىسىمۇ بىلمەيدۇ. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، بىز بۇنداق ئەھۋالغا تۇنجى قېتىم يولۇقۇپ تۇرۇۋېتىمىز، — دېدى كۈزىمچېۋا، — روگوژىنا ئوغلى بىلەن بىللە 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى پۇلنى ئەپچىققان، بىز شىرەنىڭ ئاستىدىن تاپقان پويىز بېلىتى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى بېلەت ئىكەن. ئومۇمىي ئەھۋالغا ئاساسەن پويىز بېلىتىنى ئوغرى دىققەتسىزلىكتىن چۈشۈرۈپ قويغان دەپ كېسىپ

www.uyghurkitap.com

ئېيتىشقا بولىدۇ. دېمەك، ئەنزە 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە ئارىلىقتا يۈز بەرگەن. ھاۋا رايى خاتىرىلىرىدىن قارىغاندا، 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە ئۇدا يامغۇر ياغقان، شىرەدىكى ئاياغ ئىزى بولسا قۇرۇق ئاياغنىڭ...ئاياغ 43 ـ نومۇرلۇق. ئوغرىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر 80 سانتىمېتىردىن كەم ئەمەس، بولمىسا، ئۇنىڭ قولى پەيغەمبەر رەسىمىگە يەتمىگەن، رەسىمنى ئالالمىغان بولاتتى...بىز ئېگەللىگەن مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا...

— يۈزەكى ھادىسىلەرنىلا ئېگەللەپ كەپسىلەر، — دەپ غۇدۇراپ قويدى كوروليوۋ.

— نېمە بولسا بولسۇن، مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، — دېدى كۈزىمچېۋا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئوغرىلىق ئەنزىسى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە ئارىلىقتا يۈز بەرگەن دەپ جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن، 12 ـ چېسلا ئۆيگە ئوغرى كىرگەنلىكى بايقالغان.

— جىنايەتچىمۇ شۇ بىنانىڭ شۇ ئىشكىدە تۇرۇشلۇق بولسىچۇ؟ — كوروليوۋ سورىدى، — شۇنداق بولسا ئۇنىڭ بەدىنكىسى قۇرۇق بولىدۇغۇ؟ بۇنىڭ ھاۋا رايى بىلەن مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. سىز نېمىشقا بۇ ئېھتىمالنى نەزەردىن ساقىت قىلىسىز؟

— شۇ ئىشكتە تۇرۇشلۇق ئادەم بولىدىغان بولسا، پۇتىغا ساپما كەش، ئۇچىسىغا ئاددىي كىيىم كىيىپ ئوغرىلىققا كىرگەن بولاتتى، — ۋالېنتىن پېتروۋ رەددىيە بەردى، — ئۇنىڭ خەقنىڭ ئىشكى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى قوشنىلىرىمۇ كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن.

— بۇ گەپنىڭ مەلۇم ئاساسى بولسىمۇ، ھېچقانچە قايىل قىلارلىقى يوق، — دېدى كوروليوۋ، — ئومۇمەن، ئۇنى ـ بۇنى

www.uyghurkitap.com

دېدىڭلارۇ، مۇھەم يېرىنى تۇتۇۋالمىدىڭلار. بۇ ئىشىكتە كەملەرنىڭ ئۆيى بار ئىكەن؟

پېترووۋ ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ئۆزى سىزغان مۇشۇككە يالت قىلىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، خاتىرە دەپتىرىنى يېپىپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— قوشنىلىرىنىڭ تولىسى ئۆزىنى ئۆزى سورايدىغانلاردىن. بۇ ئىشىكتە 12 ئائىلە، 30چە نوپۇس بار ئىكەن، بۇلاردىن بەش ئائىلە پېنسىيىگە چىققان مويسىپىتلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەۋرىلىرى جىنايەت ئۆتكۈزگۈدەك چوڭ ئەمەس، ئىككىنچى يىللىقتىن ئارتىپ بەشىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن. بەزىلەرنىڭ ئىككى، بەزىلەرنىڭ بەش نەۋرىسى بار ئىكەن، بۇ بالىلارنىڭ نوپۇسى يوق ئىكەن، ئۇلارنى ئىشلەۋاتقان ئاتا-ئانىلىرى بوۋا، مومىلىرىنىڭ قېشىدا ئوقۇسۇن دەپ ئەكىلىپ بەرگەنىكەن. يەنە بىر ئۆيدە بىر ئايال ئوقۇتقۇچى دادىسى بىلەن بىللە تۇرىدىكەن، يەنە ئىككى ئۆيدە ئېرىدىن چىقىپ كېتىپ، بالىلىرى بىلەن بىللە ئۆتۈۋاتقان ئىككى ئايال تۇرىدىكەن، يەنە بىر ئائىلىدە بالا-ۋاقا كۆپ ئىكەن.

— بالا-ۋاقا كۆپ دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — كۈزىمچىۋا شۇنداق سورىدى-دە، ھېرىپ كەتكەن ئادەمدەك ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلەندى.

— ئۈچ بالا، ئۈچىلىسى قىز. ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئىككى ئايال بىلەن بالا-ۋاقىسى كۆپ ئائىلىدىكىلەر ھەققىدە ئۇلارنىڭ ئىش ئورنى ياخشى باھا بەردى. ۋارى-ۋارى ھەممىدىن كۆپ ئائىلە 12-ئائىلە ئىكەن. بۇ ئائىلىگە ئۈزۈلمەي مېھمان

كېلىپ تۇرىدىكەن، تۈرلۈك ئولتۇرۇش-باراۋەت بولۇپ تۇرىدىكەن، مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن. بۇ ئۆيدە بىر مېھمانخانىنىڭ ئايال خىزمەتچىسى ئولتۇرىدىكەن، بۇ ئايالنىڭ ئېرى ئاشپەز ئىكەن، بۇ ئادەم بەك سېمىز ئىكەن، بۇرۇت قويۇۋالىدىكەن، «باربوس ئىتى» دېگەن كىنودىكى موركۇنوۋ دېگەن ئارتىسقا ئوخشايدىكەن، قوشنىلىرى بۇلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلمىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورنىنىڭ بۇلار ھەققىدىكى ئىنكاسى ياخشى. بۇ ئاشپەز 46-نومۇرلۇق ئاياغ كىيىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭ پۇتىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئۇ ئىشلەيدىغان مېھمانخانىنىڭ ئاشخانىسىغا مەخسۇس كىردىم. روگوژىنلارنىڭ ئۆدۈلىدىكى ئۆيدە ئاكا-سىڭىل ئىككىيلەن تۇرىدىكەن.

كۆزىمچېۋا بىرئاز ھاياجانلانغاندى.

— مېنىڭچە، ئۇ ئۆيدە ئادەم يوقتەك تۇرىدۇ. ئاكىسى ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوموبىل شوپۇرى ئىكەن، 9-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 12-كۈنىگىچە موسكۋادا يوق، — دېدى پېتروۋ.

— تەكشۈردىڭىزمۇ؟

— تەكشۈرمەيچۇ! ئۇ ئادەم نەگە بار دېسە شۇ يەرگە بارىدىغان، باشقا يەرگە بارمايدىغان ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ ياردەمچىسمۇ شۇنداق دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەك ۋىجىك ئىمىش، قوشنىلىرى ئۇنى كىچىك بالا كىيىدىغان چاققان ئاياغ كىيىدۇ دەيدۇ.

— سىڭلىسىچۇ؟

— ئۇنىڭغا قوشنىلىرىنىڭ ھېچقانداق پىكرى يوق ئىكەن. ئۇ بىر "ئېسىل تائاملار دۇكىنى"دا ئېلان سۈرەتلىرىنى سىزىدىكەن،

www.uyghurkitap.com

بۇ يىل 22 ياشتا ئىكەن.

— روگوژىن ئەر ـ خوتۇنىنىڭ قايسى قوشنىسى بىلەن باردى ـ
كەلدىسى قويۇق ئىكەن؟

— ياق، — دېدى كۇزىمچېۋا، — روگوژىنا تىببىي پەنلەر ئاكادې ـ
مىيىسىنىڭ دوكتورى بولۇپ، ئىشى ئالدىراش بولغاچقا، قوشنىلىرى
بىلەن كىرىش ـ چىقىش قىلىشقا چولىسى تەگمەيدىكەن.

— تونۇيدىمۇ؟ — دەپ سورىدى كورولىيوۋ.

— يەنە بار، — دېدى كۇزىمچېۋا جاۋابەن، — داچىسىنى
ساتماقچى بولغان ھېلىقى ئادەممۇ باشقىلار بىلەن باردى ـ كەلدى
قىلىشىنى ياقتۇرمايدىكەن. بۇ پروفېسسورنىڭ خېلى سالاپىتى
بار ئىكەن.

ئانچە كۆپ ئەھۋال ئىگەللىمەپسىلەر، — دېدى كورولىيوۋ
بېشىنى چايقاپ قويۇپ، — كىيېۋ تەرەپتە نېمە ئەھۋال بار ئىكەن؟

— قوشنىلىرىنىڭ بىرەرىنىڭمۇ ئۇ يەردە داچىسى ياكى ئىجارىگە
ئالغان ئۆيى يوق ئىكەن...

ئىشتىن چۈشۈشتىن بۇرۇن كۇزىمچېۋا ئۆيىگە تېلېفون بېرى ـ
ۋىدى، ھېچكىم تېلېفوننى ئالمىدى. "ئەجەبا، — دەپ ئويلىدى
ئۇ، — ئۇلار نەگە كەتكەندۇ؟"

## 3. يەنە بىر ئاچقۇچ

— ۋنۇكوۋو تەرەپتىن نېمە خەۋەر بار؟ — كۇزىمچېۋا ۋالېنتىن
پېتروۋىدىن سورىدى، — قەھۋە ئىچەمسىز؟

— ئىچەي، — ۋالېنتىن دېرىزە يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ

ئولتۇردى، ــ تاماكا چەكسەم بولامدۇ؟

ــ چېكىۋېرىڭ.

ــ ئوبدان بولدى، ئەمسە چەكتىم. روگوژىنىنىڭ ۋنۇكوۋودا تۇرىدىغان كېلىنىنىڭ تۇغقىنىنىڭ فامىلىسى يۇرگانوۋ ئىكەن. كېلىنىنىڭ ھاماچىسى ئايرودرومدا كاسسىر، تاغىسى ئايروپىلان ماگدۇرغۇچى ئىكەن. ھەممىسى ناھايىتى يۈز ـ ئابرويلۇق ئادەملەر ئىكەن، بۇلارنىڭ ئوغرىلىق ئەنزىسى بىلەن چېتىشلىقى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئوغلى...

ــ ئوغلى نېمە بوپتۇ؟

ــ ئوغلى پىيەنچۇك ئىكەن. پار قازىنى ئۆيىدە ئىشلەيدىكەن. دائىم سىمىنا ئالمىشىپ تۇرىدىكەن. بىرمۇنچە ھەشەم بىلەن قايناتقان قەھۋىگىز ئەمەندەك ئاچچىق تېتىيدىغۇ. شېكەر يوقمىدى؟

ــ مەن قەھۋىگە شېكەر سېلىپ ئىچمەيمەن. ــ ئىشىك چېكىلدى.

ــ كىرىڭ! ــ دەپ توۋلىدى كۇزىمچېۋا.

ئۆيگە روگوژىنىنىڭ قىزى كىرىپ كەلدى، ئېرىنىڭ فامىلىسى بويىچە، ئۇمۇ ھازىر ئودوييېۋسكايا دېگەن فامىلىنى قوللىناتتى. بۇ قىز ئانىسىغا بەك ئوخشايتتى، بولۇپمۇ يۈزى قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايتتى، قىزنىڭ قوڭۇر چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشكەن، قاپقارا كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى. ئەمما قىزنىڭ ئانىسى ئولگا ئىگناتيېۋنانىڭ چىرايىدىن بۇ قىزنىڭكىدەك مەنمەنلىك چىقىپ تۇرمايتتى. "ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلەشتۇرۇپ، ــ دەپ ئويلىدى كۇزىمچېۋا، بىراق دەرھاللا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، تونىيادىن يىركىنگەنلىكىنى چىرايىدىن بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشتى، ــ ئاچچىقلانما، بىر تەرەپلىمە قارىما. ئاچچىقلانما، بىر تەرەپلىمە قارىما،" ئۇ ئىچىدە بۇ لاتىنچە تەمسىلنى

تەكرارلايتتى.

— تىنچلىقمۇ؟ — دېدى تونىيا ئۈنلۈك قىلىپ، — مېنى چاقىرتىپتىكەنسىز، ئودويېۋسكايا دېگەن مەن.

— ھەئە، ھەئە. ئامانمۇ سىز، قېنى ئولتۇرۇڭ.

ۋالېنتىن ئورنىدىن تۇردى.

— مەن چىقىپ باقاي.

كۆزىمچېۋا ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى-دە، تونىياغا بۇرۇلدى:

— ئولتۇرۇڭا.

— رەھمەت، — دېدى ئۇ ئەدەب بىلەن ۋە ئەتراپىغا قىزىقسىنىپ نەزەر سېلىپ چىقىپ ئولتۇردى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم رازۋېد-كىچىكنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشى ئىدى، ئۇ بۇ ئىشخانىنى تۈرمە ئۆيىگە ئوخشىتىپ ھەيران قالدى. ئەمەلىيەتتە، ئىشخانا پاكىز ۋە يورۇق، جاھازلارمۇ سۈرتۈپ پارقىرىتىۋېتىلگەن، دېرىزىگە پەردە تارتىلغانىدى. بۇلۇڭدىكى ئارخىپ ئىشكاپىلا بۇ ئۆينىڭ ئىشخانا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

— سىزدىن بەزى ئىشلارنى سورىماقچىدىم، — دېدى كۆزىمە-چېۋا، — ھەممىسى ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىش ئەنزىسى بىلەن ئالاقىدار. ھازىر ئىشكنى ئوغرىلار ئاچقۇچ بىلەن ئاچقان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

— ئۇلار كۆپمۇ؟

— كىمنى دەۋاتىسىز؟

— ئوغرىلارنى.

— سىز نېمىشقا ئۇلارنى كۆپ دەيسىز؟



www.uyghurkitap.com

— سىز "ئۇغرىلار" دەپ كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى ئىشلەتتىڭىز ئەمەسمۇ.

— بۇ بىزنىڭ پەرىزىمىز، ئۇلارنىڭ نەچچە ئادەم ئىكەنلىكى ھازىرچە بىزگە نامەلۇم. ئانىڭىز سىزدىمۇ ئۇ ئۆيىنىڭ ئاچقۇچى بارلىقىنى ئېيتقانىدى.

تونىيانىڭ يۈزىگە ئاچچىق تەپچىدى. ئۇ بىرنېمىلەرنى دېمەكچى ئىدى، كۆزىمچېۋا ئىتتىكلا گەپنى تارتىۋالدى:

— مەن سىزدە ئاچقۇچ بولغاچقا، سىزمۇ ئوغرىلىقتا شېرىك دېمەكچى ئەمەسمەن، ئەلۋەتتە.

— مەن ئېرىم بىلەن... — تونىيا ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ سۆزلىگىلى تۇردى. كۆزىمچېۋا قولىنى بوشقىنا كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى.

— مەن گېپىمىنى دەپ بولاي. مۇنداق ئەھۋال بولغانىمۇ، ئالايلۇق، سىزدىكى ئاچقۇچ يوقاپ كەتكەن، ياكى ئاچقۇچنى باشقا بىركىم ئالغان ئەھۋال بولغانمۇ؟

— بۇنداق ئىش زادى بولمىغان، — ئۇدوۋىيېۋسكايا چىرقىراپ كەتتى، — بۇ ئاچقۇچ ئۆزەمنىڭ ئۆيىمنىڭ ئاچقۇچلىرى بىلەن بىر زەنجىردە.

ئۇ سومكىسىنى ئېچىپ، زەنجىرگە ئۆتكۈزۈلگەن بىر تىزىق ئاچقۇچنى چىقاردى.

— كۆردىڭىزمۇ؟ كېيىنچۇ، ئاتا-ئانام ئۆيدە يوق چاغلاردا ئۇ ئۆيگە بارمايدىغان بولغانمەن. ئېرىم تېخىمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ چولىسى تەگمەيدۇ، ئىككىلىمىز ئىشلەيمىز، بالىلىرىمىز بار. بۇ ئاچقۇچنىڭ بىزگە زادىلا لازىمى يوق ئىدى. ئەمما ئانام بۇ

قەدىناس ئۆينىڭ ئاچقۇچى سەندىمۇ، ئۇكاڭدىمۇ بولمىسا بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالغان. دادام يىللاپ-يىللاپ سىرتتا تەكشۈرۈشكە كېتىدۇ. ئانام ئۆيدە يالغۇز، ئۆزىمۇ ياشىنىپ قالدى، بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا...

— سىزدىن بىرنەرسىنى سوراي، ئانتونسنا ۋىتالىيېۋنا، سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارنىڭ ئىشىكىدە قانداق قۇلۇپ بار؟ سىز ئۆيگە قايتىپ كەلسىڭىز، ئىشىكنى ئىچىدىن قۇلۇپلىۋالغىلى بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ.

— ئاچقۇچ قۇلۇپتا تۇرىۋېرەمدۇ؟

— ياق، بۇنداق سورىسىڭىز قاملاشمايدۇ، بىزنىڭ قۇلۇپ ئەنگلىيە قۇلۇپى. ئاچقۇچ سومكامدىن ئايرىلمايدۇ.

"بۇمۇ زۆرۈرىيەتتىن-دە! — دەپ ئويلىدى كۆزىمچېۋ، — سوئالىم خاتا بوپتۇ. ماۋۇ دۆتلۈكۈمنى قارىمامدىغان."

— ئاتا-ئانىڭىزنىڭ داچا سېتىۋالماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان تونۇشلىرىڭىز بارمۇ؟

تونىيا مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

— داچا سېتىۋېلىش ئىشىنى بىز ھېچكىمدىن يوشۇرمىغان.

— پۇل توغرۇلۇقچۇ؟

— ھېچكىمگە تىنمىدىم. پۇلنى ئۇكام بىلەن ئانام بانكىدىن ئەكەلگەن.

— ئۇكىڭىزدىمۇ ئۆينىڭ ئاچقۇچى بارمۇ؟

— بولمايچۇ.

— ئۇكىڭىز ئاچقۇچنى پىششىق ساقلامدۇ؟

— بەلكىم شۇنداقتۇ.

— ئۇكىڭىزنىڭ ئايالىنىڭ بۇ ئاچقۇچنى ئېلىشى مۇمكىنمۇ؟

— بۇنى بىلمەيمەن، ئەمما ئىلىنىنى ئوغرى تۇتمايمەن. ئۇنىڭ ئىشسىزلىقى راست، ئۆيدە بىكار ئولتۇرىدۇ، پۇل تاپمايدۇ، ئۆزىنى قالتىس شائىر ھېسابلايدۇ.

— ئۇ نېمشقا ئىش تاپمىدى؟

— ئىشلىگۇسى يوق - دە...دەپ بېقىڭا، ئوغرى دېگەن بارمىقىنىڭ ئىزىنى قالدۇرىدىغاندۇ! — تونىيانىڭ ئاۋازى يوغان چىقتى.

كىنو، كىتاب، ژۇرناللارنىڭ راستلا رولى بار ئىكەن، ھازىر ھەممە ئادەم ئەنزە پاش قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى بىلىدىغان بولۇپ كەتتى دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن، كۇزىمچېۋا كۈلۈپ قويدى.

— ئوغرى بارماق ئىزىنى قالدۇرمىغان، — دېدى ئۇ ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — پەلەي كىيىۋالغان چېغى. سىز ئېيتىپ بېقىڭا، ئۆيدە قىممەتلىك پەيغەمبەر رەسمى بارلىقىنى كىم بىلىدىغاندۇ؟

تونىيا ئويغا چۆكتى.

— گېپىم توغرا بولماي قېلىشىمۇ مۇمكىن، — دېدى ئۇ ئاخىر، — بۇ پەيغەمبەر رەسىملىرىنى كىچىكىمدىنلا بىلەتتىم، بۇ رەسىملەر دادامغا بوۋامدىن مىراس قالغانىكەن... — ئۇ بىردىنلا كۈلۈپ كەتتى، — ئۆيىمىزدىكى دىندار خىزمەتچى شۇرا ھەدە پەيغەمبەر رەسىمگە چوقۇنۇش ئۈچۈن گايىدا دادامنىڭ ھۇجرىسىغا كىرەتتى...

— كىچىك ۋاقتىڭىزدىما؟

— ياق، ئۇ ھەرقاچان شۇنداق قىلىدۇ. كېسەل بولۇپ قالغاچ-

قا، بىزنىڭكىگە كەلمىگىلى ئۈچ يىل بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن...
— ئۇنىڭدا سىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئاچقۇچى بارمۇ؟
— بولمايچۇ...ئانام بۇ ھەقتە بىرنېمە دېمىدىمۇ؟
كۇزىمچېۋا بېشىنى چايقاپ قويۇپ مۇنداق دېدى:
— ئالدىراشچىلىقتا ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك... شۇرا ھەدىنىڭ ئۆيى يىراق ئەمەستۇ؟
— يېقىندىكى بىنادا...بەشىنچى نومۇرلۇق ئىشكتە...ئېتى ئالېكساندرا ستېپانوۋنا...ۋىيەي، فامىلىسى يادىمدا قالماپتۇ.
— قېيىن سىڭلىڭىزنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى قانداق ئادەم؟
— نىكولايمۇ؟ ئۇنى مەن بىر قېتىملا كۆرگەن، ئانتون بىلەن ئىلىنانىڭ توبى بولغان كۈنى ئۇلارنىڭكىدە كۆرگەن. مەندىن بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟
— مۇنداقلا سوراپ باقتىم.
تونىيا بىلەن سۆزلىشىش ئۇنۇم بەردى: روگوژىن ئۆيىنىڭ ئاچقۇچى بار تازىلىقچى چىقىپ قالدى. تازىلىقچى ئاچقۇچنى ئۆي ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇلگا ئىگناتىيېۋنا بۇ ئىشنى تىلغا ئالمىغان ئوخشايدۇ.
كۇزىمچېۋا روگوژىنانىڭ ئىشخانىسىغا تېلېفون بەردى.
— ئولگا ئىگناتىيېۋنا، — دېدى كۇزىمچېۋا، — قىزىڭىز مېنىڭ قېشىمغا كەپتىكەن. قىزىڭىز تازىلىقچى ئايالدىمۇ سىلەرنىڭ ئۆيىڭىز ئاچقۇچى بارلىقىنى ئېسىگە ئالدى.
— مېنىڭچە، تونىيا تونۇشتۇرغان بۇ ئىش ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ. مەن قەستەن سىزگە دېمىگەن.
— بۇنداق قىلىشىڭىز توغرا ئەمەس جۇمۇ.

— مەن ئەسكەرتىپ قويايى، ئالېكساندرا ستېپانوۋنادا بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئاچقۇچى ھازىرمۇ بار. بىزنىڭ ئۆيدىكى بىرمۇنچە ئىش ئۇ بولغاچقا ئوڭغا تارتتى، ئۇ باللىرىمنى تەربىيىلىدى، تېنى ساق چاغلاردا ئۆيىنىڭ ئىش-كۆشلىرىنى قىلىشىپ بەردى، ھازىر ئۇ ئاغرىق، كېسلى ساقايمايدۇ، ئەمما بۇنى ئۆزى بىلمەيدۇ، كۆن-لەرنىڭ بىرىدە ساقىيىپ كېتىمەن دەيدۇ. ئۇ ئاچقۇچنى ماڭا بەرمەكچى بولغان، مەن ئالغىلى ئۇنىمىدىم. مەن بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىمنى، يەنە كېلىپ ساقايغاندىن كېيىن ماڭا ياردەملىشىشكە داۋاملىق ئېلىپ قالىدىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا بىلدۈرمەكچى ئىدىم...مېنى چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

كۆزىمچېۋا بىر پەس توختاپ قېلىپ، ئاندىن سورىدى:

— ئاچقۇچنى باشقا بىركىمنىڭ ئوغرىلاپ كەتمىگەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالامسىز؟

ئەمدى روگوژىنا جىمىپ قالدى.

— بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن. ئۇنىڭ قوشنىلىرى ئەدەب-ئەخلاقلىق ئادەملەر. ئالېكساندرا ستېپانوۋنادىن تېرىقچە بولسىمۇ گۇمانلىنىش ھەرگىز كاللامدىن ئۆتمەيدۇ.

— سىزنى چۈشىنىمەن...ئەمما، ھەممە ئېھتىمالنى بىرقۇر تەكشۈرۈش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم. ئۇنىڭ ئادرېسىنى دەپ بېرىڭ.

— ياق، — دېدى روگوژىنا كەسكىن تۈردە، — ھاجەتسىز. بۈگۈن ئۇنىڭكىگە بارىمەن، ئۇنىڭ ئاچقۇچنى يىتتۈرۈۋەتمىگەنلىكىگە ئىشەنچىم كامىل.

روگوژىنانىڭ ئالدىراڭغۇلۇقى كۆزىمچېۋانى خۇشال قىلدى. كۆزىمچېۋا ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا پۇل ياكى ئېسىل نەرسىنى

ينتۈرۈپ قويغان كشلەرنك ھەممدن گۇمانلنپ يەنە بر قۇتۇپقا كېتپ قالماستن، دەل ئەكسچە، زيادە گۇمانلنپ كەتكەندە، خەقنڭ كۆڭلگە كېلپ قالارمكن دەپ ئەندشە قلپ يۈردغانلقنى كۆپ ئۇچراتقاندى.

شۇنداقتمۇ، كۈزمچېۋا روگوژنانڭ شۇرا ھەدسگە بولغان مننەتدارلقى ئەنزنى پاش قلش خزمتگە تەسر يەتكۈزۈپ قويارمكن دەپ ئەندشە قلۋاتاتتى. روگوژنا شۇرانڭ فاملسنمۇ دەپ بەرمدى. ئەمما تونيا ئۇنڭ ئۆيننڭ نومۇرنى ئېيتپ بەردى، بۇ بەزى ئشلارنى سوراشتۇرۇپ بېقشقا يېتەرلك.

كۈزمچېۋا زەڭگەر شاماللقى بلەن يۇملاق باشلقنى كيدى ـ دە، كۈنلۈكنى ئالدى: تالادا شارقراپ يامغۇر يېغۋاتاتتى.

ھېلمۇ ياخشى، تۇرالغۇ باشقۇرۇش ئشخانسدكى ئايال خزمەتچى بار ئكەن، كۈزمچېۋا ئاھاللەر دەپتررنى قولغا ئالدى.

يەتتنچى ئۆيدە ئۈچ ئادەم تۇردكەن، بۇلار نازاروۋا ئالېكساندرا ستېپانوۋنا، 1915 ـ يلى تۇغۇلغان، ھازر پېنسيەدە، شۇرا ھەدە مۇشۇ ئايال ئدى؛ كوردىيۇموۋا ئاننا لۇۋوۋنا، 1932 ـ يلى تۇغۇلغان، تەنتەربىيە ئلمە توقۇلما بۇيۇملرى زاۋۇتننڭ ئشچسى؛ يەنە برى ئۇنڭ قزى گالنا، توقۇمچلق شۆيۈەـ نننڭ ئوقۇغۇچسى.

چېچى شالاڭلاپ قالغان ئايال خزمەتچى سپمز ئايال بولۇپ، قولقغا يېشل كۆزلۈك ھالقا سېلۋالغاندى. كۈزمچېۋا ئۇنڭدن برمۇنچە ئائللەرنڭ ئەھۋالنى سوردى، بۇنڭغا ئۇ قزقمايتتى، ئۇنڭدن لازملق برمۇنچە ئەھۋاللارنى ئڭگللدى. ئشننڭ

ئەپلىشىپ كەلگەن يېرى بۇ خىزمەتچى ئايالنىڭمۇ ئاشۇ بىنادا تۇرىدىغانلىقى بولدى، شۇڭا ھەممە ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە بىلىدىكەن. ئالېكساندرا ستېپانوۋنانىڭ يېقىندىن بېرى ئاغرىقچان بولۇپ قالغانلىقى، تالا-تۈزگە كۆپ چىقمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ قوشنىسى كۇردىيۇموۋانىڭ پېنسىيىگە ئۆتتىكىرەك چىقىپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىپ تۇرىۋاتقانلىقى، ئەمما ئۇ پېشقەدەم ئىشچى بولغاچقا، ئۇنىڭ يەنە بىرمەزگىل ئىشلىشىگە توغرا كېلىدىغانلىقى، شۇڭا زاۋۇتنىڭ ئۇنىڭغا بىر يۈرۈش ئۆي بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقى ئايدىڭ بولغانىدى. كۇردىيۇموۋانىڭ زاۋۇتى يېقىن بولغاچقا، كۇزىمچېۋا شۇ تەرەپكە يول ئالدى.

كۆنلۆك چىلىق-چىلىق سۇ بولغان، كۇزىمچېۋانىڭ شاماللىقمۇ چىلىق-چىلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ شۆمشەيگىنىچە قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۇنىڭ قەلبىنى غەم چۇلغىۋالغانىدى، غەم ۋە يالغۇزلۇق ئۇنى ئەسىر قىلىۋالدى، چۈنكى ئاركادى بىلەن ۋىكا ئۆيدە بولمىغاچقا، بۈگۈنمۇ ئۆيدە يالغۇز قالىدىغانلىقى ئۇنىڭ خىيالىنى كەزمەكتە ئىدى. ئائىلىسىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدا مۇشۇنداق زور رول ئوينايدىغانلىقىنى ئۇ نېمىشقىدۇ ھېچقاچان ھازىرقىدەك ھېس قىلمىغانىدى. ئۆيدىكىلەر جەم بولغاندا، ئۇنىڭدا بۇنداق تەسىرات بولمىغانىدى.

زاۋۇتنىڭ كادىرلار بۆلۈمىدە ئۇققان ئەھۋاللاردىن كۇزىمچېۋا شۇنىڭغا ئىشەندىكى، ئايال قوشنىسىنىڭ روگوژىنانىڭ ئۆيىدە بولغان ئوغرىلىق ئەنزىسى بىلەن چېتىشلىقى بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. كۇردىيۇموۋا ئىلغار خىزمەتچى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇنى جىنايەتچى

بىلەن ئالاقىسى بار دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ.

## 4. گۇمانلىق كىشى

ئىدارىگە قايتىپ كەلگەن كۈزىمچىۋا ئىشخانا يېنىدىكى كارىدوردىكى يەلكىلىرى كەڭ، چاقماق يوللۇق كاستۇم كىيگەن كىشىنى كۆردى. "روگوژىن، ئۇ نېمىشقا بۇنداق بالدۇر كېلىۋالغاندۇ؟ ئىككى سائەتتىن كېيىن كېلىشى كېرەك ئىدىغۇ" دەپ ئويلىدى ئۇ.

كۈزىمچىۋا ئىشىكنى ئاچقىلى قولىنى سوزغاندا، ئەركىشى ئولتۇرغان ئورۇندۇقتىن تۇردى.

— كۈزىمچىۋا سىز بولامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھەئە، — دېدى كۈزىمچىۋا بېشىنى لىڭشىتىپ.

— مەن روگوژىن بولىمەن. چاقىرتىپتىكەنسىز...بالدۇرراق كەپقالدىم...ھېچنېمە بولماس؟

كۈزىمچىۋا مۈرىسىنى بوشقىنا قىسىپ قويىدى.

— بىر قەدىناس دوستۇم كەلمەكچىدى، ئالدىغا چىقىدىغان ئىشىم بار ئىدى. ھازىر بەك ئالدىراش بولسىڭىز، باشقا بىر چاغدا كەلسەممۇ بولىدۇ...ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندە كەلسەممۇ مەيلى.

"ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندە، — كۈزىمچىۋا ئويلىنىۋېتىپ كۈلۈپ قويىدى، — قىزىقلا ئىشىمىز بار-دە. بىرمۇنچە ۋاقىت بىكار كەتتى، يەنە كېلىپ ۋاقىت بىكار ئۆتكەنسېرى، ئەنزىنى پاش قىلىشقا پايدىسى يوق، ئەكسىچە، ئوغرىغا پايدىلىق."

— قېنى كىرىڭ، — دېدى كۈزىمچىۋا ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ. ئۇ ئەسلىدە ھۆل بولۇپ كەتكەن ئايىغىنى دەرھال

www.uyghurkitap.com

سېلىپ ئېلېكترلىق تام مەشكە قاقلىۋالماقچى، ئاندىن بىر پىيالە قەھۋە قاينىتىپ، ئازراق بولسىمۇ ئىسسىنىۋالماقچى ئىدى، مانا ئەمدى بۇ ئويى يوققا چىقىدىغان بولدى.

كۆزىمچىۋا شاماللىقنى سېلىپ، يۇمىلاق باشلىقىنى بېشىدىن ئېلىپ، كۆنلۈكنى ئېچىپ پولغا قويدى.

كۆزىمچىۋا شىرەنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى ۋە تالاغا قاراپ قويدى: يامغۇر ئاخىر توختىغان، ھاۋا ئېچىلىشقا باشلىغانىدى.

— قۇلىقىم سىزدە، — دېدى روگوزىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ. روگوزىن ئانىسىغا ئوخشىمايدىغان، يۈزى يۇمىلاق ۋە يوغان ئادەم بولۇپ، ئۆستۈرۈۋەتكەن قوڭۇر چېچىلا ساڭگىلاپ تۇراتتى.

— ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ئۆيىدە بولغان ئوغرىلىق ئەنزىسىگە قارىتا بىرەركىمدىن گۇمانلانامسىز؟

— شۇنداق، — دېدى روگوزىن قەتئىي تۈردە.

— ئايالىڭىز سەنئەت ھەۋەسكارىغۇ دەيمەن؟ ئايالىڭىزنىڭ رەسسام، ئاسارئەتىقىچىلەردىن تونۇشى بارمۇ؟

— ئايالىم شائىر، — دېدى روگوزىن سوغۇقلا، — شېئىر يازىدۇ. سىزمىچىلىققا ھەۋەس قىلمايدۇ.

— چۈشىنىشلىك بولدى، تونۇش-بىلىشلىرىڭىزدىن سىزمىچىلىققا، ئاسارئەتىقىگە ھەۋەسى بارلار... بارمۇ؟ ھازىر قىممەتلىك بۇيۇملارنى ساقلاش مودا بولۇپ كەتتى. بۇ ساقلىغۇچىلارنىڭ نەپسىمۇ يوغىناپ كېتىۋاتىدۇ، بەزىدە كىشىلەر قانۇنىي ۋاستە بىلەن قانۇنسىز ۋاستىنى ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىدۇ.

— مېنىڭچە، ئوغرىلىقنى قانۇنىي ھەرىكەت بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋې-

تىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئەمما، گەپ بۇ يەردە ئەمەس، دېمەكچىمەنكى، پەيغەمبەر رەسىمگە كىمنىڭ ھەۋىسى بارلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن، ئايالىممۇ بىلمەيدۇ.

ئىككىلەننىڭ سۆھبىتى چەك باسمايۋاتاتتى، بۇنى كۆزىمچىۋا سەزگەندى.

— ئايالىڭىزنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى نىكولاي يۇرگانوۋ قانداق ئادەم؟

روگوژىن مۇرىسىنى قىسىپ قويىدى.

— ماڭا، سىزگە ئوخشاش ئادەم-دە.

— ئايالىڭىز ئۇنىڭ بىلەن بېرىش-كېلىش قىلامدۇ؟

— سىزگە نېمە دېسەم بولار... ئۇلار دېگەن ئۇرۇق-تۇغقان... ئايالىمنى ھامىمىز بېقىپ چوڭ قىلغان...ئىلىننا يېتىم قىز ئىدى.

— يۇرگانوۋ سىلەرنىڭكىگە كېلىپ تۇرامدۇ؟

— ھەئە، كېلىپ تۇرىدۇ.

— ئاتا-ئانىڭىزنىڭكىگە بارامدۇ؟

— بېرىپ نېمە قىلسۇن، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بولمىسا؟

— ئۇ سىزنىڭكىگە كۆپ كېلەمدۇ؟

— بۇنىڭدا ئەھۋالغا قارايدىغان گەپ. ئۇنىڭ تۇرمۇشى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس، ھاراق ئىچىدۇ... بۇرۇن گۈزەل سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا مەكتەپتىن قوغلانغان.

— گۈزەل سەنئەت مەكتىپىدە؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى كۆزىمچىۋا، — ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ئۆيىدىكى پەيغەمبەر رەسىمىنىڭ قانداقلىقىنى ئۇ بىلەمدۇ؟

— بۇ گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم. ئاڭلىمىدىم دېمەك، سىزنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشىڭىز قۇرۇق ئاۋارىچىلىك، ھاراق ئىچىپ مەس بولۇش، ئۇرۇش-سوقۇشۇش ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. قولى ئەگرىلىك قىلىش...ياق، ئۇ بۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ!

— ئۇ ئىشلەمدۇ؟

— ئىشلەيدۇ، پارقازىنى ئۆيىدە ئىشلەيدۇ.

— ئايالى بارمۇ؟

— ئاجرىشىپ كەتكەن.

— ئانتون ۋىتالىيېۋىچ، ھەدىڭىزدە ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئاچقۇچى بولغىنىدەك، سىزدىمۇ ئاچقۇچتىن بىرى بارغۇ دەيمەن؟

— ھەئە، — دېدى روگوژىن دەرھاللا.

— ئاچقۇچنى باشقا بىركىمگە بەرمىگەنسىز؟

— ياق.

بۇ چاغدا تېلېفون جىرىڭلىدى. كۇزىمچېۋا تۇرۇبكىنى ئالدى.

— مەن كۇزىمچېۋا داۋېي بولىمەن، — دېدى ئۇ.

— سىزدىن يەنە بىر قېتىم ئەھۋال سورىماقچىمەن، كۇزىمچېۋا داۋېي، — تۇرۇبكىدىن ئاڭلىنىۋاتقان توما ھەدىنىڭ ئاۋازىنى ئۇ بىلگەنىدى، — بۈگۈن ئىشىم بالدۇر تۈگىگەنىدى، ۋىسكانى يەسلىدىن ئەكەلدىم. مېنىڭچە، بالىنىڭ ئۆيدە تۇرغىنى ياخشىراق. ۋىكا سىزگە گەپ قىلماقچى.

— ئانا! — تۇرۇبكىدىن ۋىسكانىڭ ئاۋازى كەلدى، — بىز غاز كاۋىپى پىشۇرۇۋاتىمىز، ئالمىمۇ بار.

— ساڭا كېيىن تېلېفون بېرەي، — دېدى كۇزىمچېۋا ئوغلىنىڭ گېپىنى سوغۇقلۇق بىلەن بۆلۈپ، — ھازىر مەن ئالدىراش.

— سىز دەپ بېقىڭا، — دېدى روگوژىن، — سىز قانداق قارايسىز،

www.uyghurkitap.com

ئۇغرىنى تاپالامسىلەر؟ ئانامنىڭ روھىي ھالىتى ناچار، دادام داچا ئېلىشنىڭ كويىدىلا يۈرگەن. بىرەر نەرسە تېرىساق دەپ، ھازىر ھەممىيلەن ئەقلىدىن ئازغاندەكلا يەرنىڭ غېمىدە.

— بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ — دەپ سورىدى كۆزىمچېۋا.

— بىلمەيمەن، بۇ مەسىلىدە پىشقان قارىشىم يوق، ھازىرقى ئەھۋالدا، شەھەر تۇرمۇشى كۆڭلۈمگە ئۇبدانلا ياقىدۇ.

— ھەركىمنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ھەر خىل بولىدۇ، — دېدى كۆزىمچېۋا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — دەيدىغانلىرىمنى دەپ بولدۇم، دوستىڭىزنىڭ ئالدىغا ئەمدى بارسىڭىز بولىدۇ.

كارىدوردا روگوژىنىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانماس بولغاندىن كېيىن، كۆزىمچېۋا ئىشىك تۈۋىگە كەلدى-دە، ئاچقۇچنى تولغاپ ئىشىكنى ئېتىپ قويدى. ئۇ بىزار بولغان ھالەتتە ھۆل ئايىغىنى سېلىپ، ئېلېكترلىق تام مەشىنىڭ يېنىغا قويدى، ئاندىن چايدانىدىن قاچىغا سۇ قۇيۇپ، سۇ قايناتقۇچنى قاچىغا سالدى-دە، ئۇلىغۇچنى ئۇلىدى. ئۇ سۇ كۆپۈكىگە قارىغاچ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى-دە، ئېرى ئوپېراتسىيە قىلىش ئۈچۈن ياتقان كېسەلخانىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى چۆرىدى.

— ئەسسالام. سىز كىم بولىسىز؟ مېدۋېدىنكومۇ؟ ۋولودە، مەن كۆزىمچېۋا. ئاركادى قانداق تۇرۇۋاتىدۇ؟ نورمال دەمسىز؟ نورمال دېگىنىڭىزنىڭ مەنىسى نېمە؟ ھەئە! ھازىرلا چاقىراي دەمسىز؟ ماڭسا بولامدۇ؟ بولىدۇ؟ بەيلى، ساقلاپ تۇرىمەن.

سۇ قاينىدى، كۆزىمچېۋا سۇ قايناتقۇچنىڭ ئۇلىغۇچنى ئېلىۋەتتى. ئۇ سىگار قولىدا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، سىگار قولىدا تارتمىدىن ئېرىگەك قەھۋە قۇتىسىنى ئالدى-دە، قاچىغا قەھۋىدىن

ئازراق قويۇپ، ئاستا ئېلەشتۈردى.

— ياخشى تۇردۇڭمۇ شور پېشانە خوتۇنۇم ئېۋروسىنىيا، — تۇرۇپكىدىن ئېرىنىڭ خۇش ئاۋازى ئاڭلاندى، — تىرىك تۇرۇپ-تىمەن، قارىغىنا، يۈگۈرسەممۇ ھېچ گەپ يوق.

— قارىغىنىم بىلەنمۇ كۆرەلمەيمەن-دە. ئۇ يەردە ساڭا سوغۇق ئۆتۈپ قالماس؟ زۇكام بولۇپ قالماسسەن؟

— بۇ يەر ئوبدانلا ئىسسىق ئىكەن، پات ئارىدا مېنى ئۆيگە قايتۇرىدۇ. ئوغلىمىز قانداقراق؟

— ئۇ ھازىر توما ھەدىسىنىڭ ئۆيىدە، — دېدى كۇزمىچېۋا مەيۇس ھالەتتە.

— ئۆزەڭنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— نېمە ئۇ قانداق-پانداق دېگەن! — دېدى كۇزمىچېۋا ئۇرۇشۇ-دىغاندەك، — ئۆيگە ئوغرى كىرىش ئەنزىسىنى بىر تەرەپ قىلالماي بېشىم ئوچاق بولۇپ كەتتى. توما ھەدە ياردەمدە بولمىغان بولسا تۈگىشىپ كېتەر ئىدىم. ئەمما، بۈگۈن قېشىڭغا چوقۇم بارىمەن.

— بۇ بىھۇدە ئىش بولار، ۋاقتىڭنى ئىسراپ قىلما. ئۆز دوختۇر-خانىمىز بولغاندىكىن، دوختۇرخانىدىكىلەر مېنى تەكشۈرۈپ، ماڭا ئاش-تاماق، ئۇسسۇزلۇق بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلار تېخى ماڭا كۆيۈنىدۇ.

— ساڭا شۇۋايېۋا ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟

— ئىچىڭ ئېچىشۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

— مېنىڭما؟ — كۇزمىچېۋا دىمىغىنى قىرىپ قويدى، — ئەجەب ئوبدان ئويلايسەن!

— ئۇنداق بولسا ياخشى، — ئاركادىنىڭ سۆزى ئەمدى باياتىن-قىدەك قىزغىن ئەمەس ئىدى.
كۆزىمچېۋا بۇنى سېزىپ، ئاچچىق بىلەنراق سورىدى:
— ئاچچىقىڭ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟
— نەدىكىنى. ھەي، ئۆيدىكى ئاسلان قانداق تۇردى؟
— ئاسلان؟
— ۋاي ئاللا! ئېۋروسىنىيا، بىر-رنەرسە بەردىڭمۇ ئاسلانغا؟ — دېدى ئاركادى كايىغاندەك تەلەپپۇزدا.
— ئۆزى يەيمەن دېمىگەندىكىن، مېنىڭمۇ ئېسىمگە كەلمەپتۇ. تۇنۇگۈن سېنىڭ ئاغرىپ قېلىشىڭ بىلەن كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇپ كەتتى.
— ئۇمۇ تىرىك جان، گەپىڭنىڭ ئوچۇقىنى قىلسام، ئۇنىڭغىمۇ ئادەم غەمخورلۇق قىلىشى كېرەك.
نېمىلا دېگەن بىلەن، ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپ قالدى، ئاسلانغا بىرنەرسە بېرىش ئەجەب يادىمغا كەلمەي قاپتۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.
ئۇ سوۋۇپ قالغان قەھۋىنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئىسسىق ئۆتكەن، ئەمما تېخى قۇرۇمىغان ئاياغقا پۇتىنى تىقتى. ئۇ ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، دوقمۇشتىكى ماگىزىندىن دەرھال بېلىق ئەكىرىشنى پىلانلاپ تۇراتتى، ئىشىك چېكىلدى. كۆزىمچېۋا ئىشىكنى ئېچىپ قارىۋىدى، ئىشىك ئالدىدا ۋالېنتىن پېترووۋ تۇرۇپتۇ.

# 5. رايى يانغان شائىر

كۇزىمچىۋا سەھەردە ئىشخانىغا كىرىپ تۇرۇشىغا تېلېفون جىرىڭلىدى.

— مەن كۇزىمچىۋا داۋىي بولىمەن، — دېدى ئۇ تۇرۇپكىنى ئېلىپ.

— تىنچلىقمۇ، ئېۋروسىنىيا ۋىكېنتىيېۋنا، مەن ئولگا ئىگناتىيېۋنا روگوژىنا بولىمەن.

— ئامانمۇ سىز. نېمە گېپىڭىز بار ئىدى؟

— تۆنۈگۈن شۇرا ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە بارغانىدىم. ئۇنىڭدىكى ئاچقۇچ بۇرۇنقى جايىدا ئىكەن.

— قەيەردە؟ — دەپ سورىدى كۇزىمچىۋا ئاگىسىزلا.

— ئىشكاپنىڭ تارتمىسىدىكى بېزەكلەر قاپچۇقىدا.

— ئاچقۇچنى ئېلىۋالدىڭىزمۇ؟

— ياق. ھازىر ئېلىۋېلىپ نېمە قىلىمەن؟

— توغرا قىلىپسىز. بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغانلىقىڭىزغا رەھمەت.

بىر سائەتتىن كېيىن تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى. تېلېفون روگوژىنىنىڭ ئۆيىدىن كەلگەنىدى، تېلېفوننى ئىلىنىنا بەرگەن بولۇپ، كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلدى.

— مەن پەستە، مۇشۇ يەردە، — دېدى ئىلىنىنا.

— ماقۇل، سىزگە ھازىرلا يول خېتى كېسىپ بېرەي.

ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتتى، ئىلىنىنا كۇزىمچىۋانىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

— تاماكا چەكسەم بولامدۇ؟ — سورىدى ئىلىنا.

كۇزمىچېۋا بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى، ئۇ بۇ ئايالغا باشتىن تاپانغىچە سەپسالماقتا ئىدى: بۇ ئايال تونىيا ئودوييېۋسكايانغا پۈتۈنلەي ئوخشاشمايتتى، تونىيا ئودوييېۋسكايا قىزلاردەك ياسىنىپ-تارىنىپ يۈرەتتى، تېنىدىن ئۇپا-ئەتىر پۇرىقى گۈپۈلدەپ كېلىپ تۇراتتى، گىدىيىپ يۈرەتتى. ئىلىنا بولسا كونا چاپان كىيىۋالغانىدى، يۈزى تاتىراڭغۇ بولۇپ، كۆزىدىن مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى، ئارىسالدى بولۇپ قالغاندەك قىلىقلىرى ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىن جىددىيلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، شۇڭا، كىشىنىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىچى ئاغرىپ قالاتتى.

— ئىنتايىن كۆڭۈلسىزلىك بولدى، — دېدى ئىلىنا، — ئېرىم سىزنىڭ يېنىڭىزدا...بۇ ئىشتىن ئۇنىڭ خەۋىرى يوق. نېمە ئىش دېسىڭىز، ئولگا ئىگناتيېۋنانىڭ ئۆيىنىڭ ئاچقۇچى يوقاپ كەتتى.

— قاچان؟

— ئەتىيازدا.

— قانداق بولۇپ؟ — دەپ سورىدى كۇزمىچېۋا.

— ئولگا ئىگناتيېۋنا ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ئېغىر نەرسە كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا، سەي-كۆكتاتلارنى، ئالايلۇق، ياڭيۇ، بەسەي ياكى مۇشۇ تىپتىكى باشقا نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا ئاتتۇن ئەكىلىپ بېرەتتى. ئېرىم... ئىش شۇنداق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ئەمما مېنىڭ بىكار چاغلىرىم جىقراق بولغاچقا، كۆكتاتنى مەن ئېلىشقا ماقۇل بولدۇم، ئاتتۇن ئاچقۇچىنى ماڭا بەردى. بىراق، ھېلىمۇ ياخشى ئولگا ئىگناتيېۋنا ئۆيدە بولغاچقا، بۇ ئاچقۇچنى ئىشلىتىپمۇ باقمىدىم. شۇ كۈنى ئۇقماپتىمەن،

ئەتىسمۇ ئۇقماپتىمەن... ئىسمىگە كەلگەندە يانچۇقۇمنى كولىسام، ئاچقۇچ يوق تۇرىدۇ.

— بۇ ئىشنى ئىزىڭىزگە دېگەنمۇ؟

— دېمىگەنلىكىمدىن چاتاق چىقتى ئەمەسمۇ. دەل كېلىپ قالغىنىنى دېمەمسىز، شۇ كۈنلەردە ئىزىم بىلەن غىژ-غىژلىشىپ قالغان...ئانتوننىڭ دادىسى تەكشۈرۈشتىن قايتىپ كەلسە ھەممە ئىشنى دەيمەن، ئۆزى يەنە بىرنى ياساتقۇزالىدۇ، دەپ ئويلىغۇدىم. ئۇ ماڭا ئامراق ئىدى.

— نەدە يوقاپ كەتتى؟

— بىلمەيمەن. يەر ئاستى پويىزىغا چىقىپ، يانچۇقتىن بەش كوپېك مېتال پۇل ئالغىنىمدا، ئاچقۇچ يانچۇقتا باردەك قىلاتتى. يېڭىلىشقان بولۇشۇممۇ ئېھتىمالغا يېقىن.

— ئىزىڭىز بىلەن سەن-پەن دېيىشىپ قالغىنىڭىزنى نېمىشقا قېيىن ئانىڭىزغا ئېيتمىدىڭىز؟

— ئېيتماي ئوبدان قىلمىغانلىقىمنى بىلدىم. ئەمما، ئېيتسام بولمايتتى، ئېيتسام، قېيىن ئانام مېنى كەچۈرمەيدۇ. ئۇمۇ، ئانتوننىڭ ئىگىچىسىمۇ مېنى كەچۈرمەيدۇ. مېنى ئانتون بىلەن ئاجرىشىپ كەتسىكەن دەپ ئۇلارنىڭ كۆزى تۆت بولۇپ كەتكەن.

— نېمىشقا؟

— ئومۇمەن، ئۇلار يوللۇقتەك تۇرىدۇ، — ئىلىنىنا يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى، — تۇرمۇشتا مەن خاتىرجەم ئەمەس. ئىزىم مەندىن كىچىك، بىزنىڭ بالىمىز يوق، مەن بىرەر كوپېكمۇ تاپمايمەن دېسەممۇ بولىدۇ.

— نېمىشقا؟

www.uyghurkitap.com

— يازغان شېئىرلىرىم ناچار، — دېدى ئىلىننا ئازابلىق ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — ئۆزەمنى شائىرلىق تالانتىم بار دەپ يۈرۈپتىمەن، ئەمەلىيەتتە يارىماس ئىكەنمەن. كۈنۈمنى ئەدەبىيات مەسلىھەتچىلىكى ئىشىنى قىلىپ يۈرۈپ تەستە ئۆتكۈزدۈم، 40 — 50 رۇبلى پۇل قورساق بىلەن تاماكىغا ئاران يېتىدىكەن.

ئىلىننانىڭ ئەڭ ئەرزان تاماكىلاردىن چېكىدىغانلىقىنى كۆزىمچىۋا مۇشۇ پەيتتىلا بىلدى. ئىلىننانىڭ گەپلىرى ئەنزىگە پۈتۈنلەي ئالاقىسىز ئىدى، ئۇ قورسىقىدىكى ھەممە گەپنى تۆكۈۋېتىدىغاندەك تۇراتتى، كۆزىمچىۋاغا تاقەت قىلىپ ئاڭلىماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى ئىلىننا، — ئەسلى گېپىمىزگە كېلەيلى. ئوغرى مەن يېتتۇرۇپ قويغان ئاچقۇچنى تېپىۋېلىپ، ئوغرىلىق قىلغان ئوخشايدۇ.

— ئاچقۇچ ئۆيدە يوقمىدۇ يا؟

— بىرنىڭ ئۆيدە نەرسە - كېرەكنىڭ تايىنى يوق... شۇندىداقتىمۇ ئاختۇرمىغان يېرىم قالمىدى، تېرىقچىلىك نەرسىنىمۇ ئاختۇرۇپ چىقتىم.

— مۇشۇ ئارىلىقتا سىلەرنىڭكىگە بىركىم كىردىمۇ؟

ئىلىننا ئويلاندى.

— ھېچكىم كىرمىدى. كىرمىدىغۇ دەيمەن... بىر نەۋرە ئىنىم كىرگەندەك تۇردۇ.

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟

— نىكولاي نىكولايېۋىچ يۈرگانوۋ.

— ئۆزى يالغۇز كىردىمۇ، باشقىلار بىلەن بىللىمۇ؟

— ئۆزى يالغۇز. ئۇنىڭغا ئاچقۇچنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى دەپ بەردىم.
— روگوژىنلارنىڭكىدە قىممەتلىك پەيغەمبەر رەسمى بارلىقىنى ئۇ بىلەمتى؟
— بىلەتتى، — دېدى ئىلىننا سەل چۆچۈپ، — مەن دەپ قويغان، چۈنكى بۇ رەسىملەر راستلا بەك چىرايلىق ئەمەسمۇ. رەسىم تېپىلسا، راست قىممەتلىك رەسىملەر ئىكەن دەپ قالىسىز.
ئىلىننا كەتكەندىن كېيىن، كوزىمچېۋا بېشىنى ئالقىنى بىلەن تىرەپ ئولتۇرغىنىچە ئىلىننا تونۇشتۇرغان ئەھۋاللار ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە، ئىلىننا ئاچقۇچنى ئۆيىدە يوقىتىپ قويغان بولسا، يۇرگانوۋ تېپىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. يا بولمىسا، يۇرگانوۋ مەستچىلىكتە بىرەر كىشىگە پەيغەمبەر رەسىمى ۋە ئاچقۇچ ھەققىدە سۆزلىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئېھتىمالغا يېقىنمۇ؟ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.
"بۇنداق پەرەز ئىشەنچلىك بولماسلىكىن،" دەپ ئويلىدى كوزىمچېۋا، ئەمما ئۇنىڭ كاللىسىغا ھازىرچە باشقا ئوي كەلمىگەن-دى. ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئالدى-دە، كوروليوۋ شاگىشياۋنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بۇرىدى.
— پېتر ئانتونوۋىچ، سىزنىڭ قېشىڭىزغا كىرسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
— كېلىڭ.
كوروليوۋ ئىنچىكە بويۇنلۇق ئەينەك قاچا بىلەن كاۋچۇك دەرەخىغە سۇ قۇيۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىكى ئىنتايىن چىرايلىق تەشتەكلىك كاۋچۇكنىڭ غولى ئۆينىڭ تورۇسىغا تاقىشاتتى، يوپۇر-

ماقلىرى بولسا پارقىراق خۇرۇمدىن ياسالغاندەك ۋالىلداپ تۇراتتى. موسكۋادىمۇ بۇنداق كاۋچۇكتىن ئىككىنچىسى بولمىسا كېرەك.

— روگوژىنا ئۆي خىزمەتچىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەپتۇ، ھېلىقى ئاچقۇچ بۇرۇنقى جايىدا بار ئىكەن، — دەپ دوكلات قىلىشقا كىرىشتى كۆزىمچىۋا.

— بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغىنىمغا ناھايىتى خۇشالمەن، — دېدى كوروليوۋ پىچىرلاپ سۆزلەپ، ئاندىن بىر داسمال بىلەن كاۋچۇك يوپۇرمىقىدىكى چاڭنى سۈرتتى.

— ھېلى روگوژىنانىڭ كېلىنى ماڭا روگوژىنىنىڭ ئوغلىدىكى ئاچقۇچنى يەتتۈرۈپ قويغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۆزى يالغۇز كەپتىمۇ؟

كۆزىمچىۋا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئېرى نىمىشقا بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمايدۇ؟

— ئۇ ئۇقمايدىكەن. ئاچقۇچنىڭ يوقاپ كەتكىنىنى ئۇنىڭغا دېمەپتۇ.

— مۇنداق دەڭا، — ئەمدى كوروليوۋ گۈل-گىياھ بىلەن ھەپىلىشىشنى قويدى. ئۇ داسمالنى دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ، يېزىق شىرەسىنىڭ كەينىگە بېرىپ ئولتۇردى، — ئۇ ئايالنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ھەققىدە ھازىرغىچە ھېچنىمە بىلمەسلىكىمىز نىمىسى؟

— مېنى تايغان كۆرۈۋاتامسىز نىمە! — دېدى كۆزىمچىۋا ھادىيىسپ، — بۇ ۋەزىپە پېتروۋغا يۈكلەنگەن.

— سىز گېپىڭىزدە مېنى چېقىۋالدىڭىز-دە، — كوروليوۋ كۈلۈپ كەتتى، — ئومۇمەن، ئاچقۇچنىڭ دېرىكىنى قىلىش توغرا بولغان. ئاسارئەتىقىچىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق، 14-ئەسىردىن قالغان



www.uyghurkitap.com

پەيغەمبەر رەسىمى ھەققىدە گەپ-سۆز قىلغانلار بارمىكەن، بۇ ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ كۆردىڭىزمۇ؟

— بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئەھۋال كۆرۈلمىدى، پېتر ئانتونوۋىچ.

— تاموژنىغا دىققەت بولۇپ تۇرۇشنى ئۇقتۇرۇش كېرەك، ئۇقتۇردىڭىزمۇ؟

— بۈگۈن ماڭا چېچىلىپلا كەتتىڭىزغۇ، ئۇقتۇرماي قالامتىم.

## 6. يېڭى نىشان

ئاركادى: ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئەتە دوختۇرخانىدىن چىقىدىغاندەك تۇرىمەن، دېگەنىدى. شۇڭا، كۆزىمچىۋا بىر كۈنلۈك ئىشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى، بۇنداق قىلسا، بىر سائەت بۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ، يېمەكلىك سېتىۋالغىلى، يەسلىدىن ۋىكانى ئېلىپ كەلگىلى، ئاندىن تاماق ئەتكىلى ۋاقىت كۆپرەك چىقاتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇ تاماق ئېتىپ باقمىدى، ئوغلىنىمۇ ئەكەلمىدى، ئوغلى تامارانىڭكىدە تۇردى.

سىرتقا چىقىش ئۈچۈن شامالنىقىنى ئىلغىدىن ئېلىپ تۇرۇشىغا، تېلېفون بىردىنلا جىرىڭلاپ كەتتى.

— مەن كۆزىمچىۋا داۋىي بولىمەن، — دېدى ئۇ.

— يولداش داۋىي، — دېگەن ئاۋاز كەلدى تېلېفوندىن، — بىر ئادەم سىز بىلەن سۆزلەشمەكچى ئىكەن. كىرسۇنمۇ؟

— نېمە ئىشى بار ئىكەن؟

— دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشى دەيدۇ. قىسقىسى، ئۆيگە ئوغرى كىرىش ئەنزىسىگە دائىر ئىش ئىكەن.

— كىرسۇن، — كۈزىمچىۋا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى-دە، شامال-لىقنى ئىلغىغا ئىلىپ قويۇپ، شىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالغانىدى: ئەلۋەتتە، ئەمدى ماگىزىنغا بېرىشمۇ زادى مۇمكىن ئەمەس. خۇدا بۇيرۇسا، ۋىكانى يەسلىدىن ۋاقتىدا ئەكىلىۋالسام بولاتتىغۇ.

كۈزىمچىۋا ھەممە ئىشنى رەت-رېتى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، شەخسىي ئىشلىرىنى قىلىشقا ھېچ ۋاقىت چىقىرالمايۋاتاتتى. ھېلىقى كۈنى سېستىرالارنىڭ چىرايلىق كەلگەن ئايال باشلىقى تانىيا: «ئېرىڭىزنى يوقلامسىز؟ ئەمىسە، ۋاقىت چىقارسىڭىز بولىدۇ-دە!» دەپ تەگكۈزۈۋالدى. ۋاقىت، ئاھ ۋاقىت! ئىش سېنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇيۇڭغا باغلىق بولمىسا، ياخشى ئارزۇ-ئۈمىدلىرىڭنىڭ ھەممىسى يوققا چىقسا، بۇنىڭغا ئامالىڭ قانچە.

ئىشىڭنىڭ چېكىلىشى بىلەن، ئۇ كۆڭۈلسىز خىياللاردىن ئازاد بولدى.

— كىرىڭ! — دېدى كۈزىمچىۋا.

ئىشخانىغا سىدام كىيىمنىڭ مەيدىسىگە بىر قاتار مېدال تاققان، ھاسىلىق، پاخماق ساقال قېرى كىشى كىرىپ كەلدى.

كۈزىمچىۋا ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ كىشىنىڭ ئالدىغا باردى.

— ئەسسالام، — دېدى قېرى كىشى ئۆزىنىڭ يوغان بەستىگە زادىلا ماسلاشمىغان ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن، — كۈزىمچىۋا دېگەن سىزمۇ؟

كۈزىمچىۋا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئۆزەمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايسىز، — دېدى قېرى كىشى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن گېنېدكوۋ

بورىس ئىۋانوۋىچ بولمەن، پېنسىيىگە چىققان، ھازىر تراللىبۇس توختايدىغان گاراژدا دەرۋازىۋەن بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. — ئۇ كۈلۈپ كەتتى.

ئېمىشقىدۇ، كۆزىمچېۋا بۇ قېرى كىشىنى خېلىلا ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

— ئولتۇرۇڭ، بورىس ئىۋانوۋىچ. مېنىڭ ئېتىم ئېۋروسىنيا ۋىكېنتىيېۋنا، مانا بىر تونۇشۇپ قالدۇق.

— ئوھوي، ئېتىڭىز ئۇمىسىزلاكەنغۇ. ھازىر بۇنداق ئات قويۇلمايدىغان بولدى...

— بىزنىڭ ئۆيدە باللارغا بوۋا، مومىلىرىمىزنىڭ ئېتىنى قويۇش ئادەت بولۇپ قالغان.

— رەھمەتى ئانامنىڭ ئېتىمۇ ئېۋروسىنيا ئىدى.

— بۇ يەرگە بىر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى كۆزىمچېۋا گېپىدىكى ئولتۇرغاندىن كېيىن.

— قاراڭ، مۇنداق بىر ئىش بىلەن كېلىۋىدىم، — قېرى كىشى ئۇچتەك ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى، — بۇ ئىش بەلكى كىچىكتۇ، ياكى كىچىك ئەمەستۇ، بۇنى ئۆزىڭىز تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭ. شۇنداقتىمۇ، سىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش خىيالىغا كەلدىم. بىرەيلەننىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، راستمۇ؟ خەقنىڭ تېپىۋالغان گېپىمۇ يا؟

— ياق، تاپقان گەپ ئەمەس. جامائەتنىڭ دېگىنىدەك، راستلا كۆڭۈلسىزلىك بولدى، — كۆزىمچېۋا پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

— ئۇ قاراقچىنى تېخى تاپالمىغانسىلەر؟

— ئىزدەۋاتىمىز.

— ھە، — دېدى قېرى كىشى، ئاندىن ئازادىرەك ئولتۇراي دەپ، ھاسىسىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا قويۇپ، قوللىرى بىلەن ھاسىغا تاياندى، — مەن، ھېلى سىزگە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكىنىمدەك دەرۋازىۋەن. ئويلىمىغان يەردىن قان بېسىمىم تۇيۇقسىز ئۆرلەپ كەتتى، بۇنىڭغا نېمە ئامال، ياشنىپ قالغانلىقىمدىن ۋە ئۇرۇشنىڭ كاساپىتىدىن بولغان-دە. دوختۇر مېنى دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىڭ، ھاۋاسى ساپ يەردە يۈرۈڭ، دېدى. ئۆيۈم شەھەر مەركىزىدە بولسىمۇ، ئەتىراپ ناھايىتى تىنىچ، چۆپلۈك كۆپ، شۇڭا ھاۋاسى بەلەن: كوچا بېغىدا ئولتۇرسىڭىز، ساپ ھاۋا دىمىغىڭىزغا ئۇرۇلۇپلا تۇرىدۇ. ئەمما بۇ قېتىم ئىش ئوڭشىغا تارتمىدى، يامغۇر يېغىپلا تۇردى، كوچىغا چىقىشقا بولمىدى. قارىماسىز بۇ كېلىشمەسلىكنى. ئەمما مەن دېگەن كونا ئەسكەر، بۇيرۇق چۈشكەنىكەن، ئىجرا قىلمىسام بولمايدۇ-دە. شۇنىڭ بىلەن بىر چارە ئويلاپ تاپتىم: دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ، دېرىزە يېنىدا ئولتۇرۇپ ساپ ھاۋادىن ھۇزۇرلانماقچى بولدۇم. مېنىڭ ئۆيۈم ئۈچىنچى قەۋەتتە، دېرىزەمنىڭ ئۇدۇلىدا ئوغرى كىرگەن ھېلىقى ئۆي بار بىنانىڭ ئىشىكى كۆرۈنىدۇ. تېنىم ساق چاغدا دېرىزىدىن قارىمايتتىم، دېرىزىدىن قاراش مومايلارنىڭ قىلىقى، پاراڭ سېلىشقانىدا قىلىدىغانغا گەپ تېمىسى بولۇپ قالار دەپ، مومايلار دېرىزىدىن قاراشقا ئامراق.

كۆزىمچىۋا ئانچە مۇھىم بولمىغان بۇ تەپسىلاتلارنى قېرى كىشىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتمەستىن، قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى. ئۇنىڭ بۇ قېرى كىشىنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقى بۇ قېرى كىشىنىڭ مىجەزى، ئاپئاق ساقىلى ۋە شادلىق ئەكسىلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئىكەنلىكى شەكسىز ئىدى.

— كېسەلگە نېمە ئامال، دېرىزىدىن تالاغا قاراپ تۇرماقتىن باشقا چارە يوق. قارىمامسىز، شۇ كۈنى سەھەردە كوچىدا ئادەملەر ئۆتتۈشۈپ تۇراتتى، چوڭلار ئىشقا، بالىلار مەكتەپكە مېڭىشماقتا ئىدى، ھەممە ئىش ئادەتتىكىچە كېتىۋاتاتتى. بىردىنلا بىر قىز دىققىتىمنى تارتتى.

كۆزىمچېۋا ميىقىدا كۈلدى، ئەمما بۇنى گېنېدكوۋ كۆرۈپ قالدى.

— كۈلمەڭ، باشقىچە ئويلاپ قالماڭ. دەسلەپتە ئۇ قىزنىڭ كۈنلۈكىگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇ كۈنلۈك ئاجايىپلا ئىكەن، بەئەينى يۇملاق بوتكىغا ئوخشايدىكەن، قىزنىڭ بېلىگىچە يېپىپ تۇرىدىكەن. بۇ سۈزۈك كۈنلۈك ئاجايىپ-غارايىپ بېلىقلارنىڭ رەسىمى بار كۈنلۈك ئىكەن. ئۆيدە تۇرۇپ ئېنىق كۆردۈم. ئۇ قىز ئەتىگىنى ئىشقا چېپىپ كېتىدۇ، كەچتە ئىشتىن چېپىپ كېلىدۇ، بەزەندە ئۇنى بىر ئەركىشى ئۆيىگە ئەكىلىپ قويىدۇ، بەزەندە بۇ ئەركىشى ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولىدۇ.

— ئۇ ئەرنىڭ كىيىمى قانداق؟

— ئادەتتىكىدەك، شاماللىق كىيىۋالغان. يامغۇر يېغىۋاتقاچقا، ئۇمۇ كۈنلۈك ئېلىۋالغان. شۇ كۈنى كۆرۈپ تۇردۇم، ئۇ ئەر بىنا ئىشىكىدىن يوغان بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. ھازىر بۇنداق سومكا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغانلار يوق، ھەممەيلەن "كېيس" دەيدۇ، ئەيتاۋۇر، ياپىلاق بىر خىل كىچىك سومكا ئىشلىتىدىغان بولدى. ئەمما، بۇرۇن كوچىدا ھەممە ئادەمنىڭ قولىدا مۇشۇنداق چوڭ سومكا بولىدىغان. مېنىڭدىمۇ بىرى بار ئىدى، ھازىر قىزىم كۆكتات-ئوتياش ئالسا، شۇ سومكىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، بۇ

سومكىغا جىق نەرسە پاتىدۇ دەڭا. شۇ چاغدا كاللامغا باشقا ئوي كەلمىدى، نەرسە ـ كېرەك كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلار تولىمۇ. ئەمما، ئەل ـ جامائەت ئوغرىلىق ۋەقەسى ھەققىدە گەپ قىلىشقاندىن كېيىن توختىتا! ئاشۇ ئادەم ئوغرىلىغان بولىمسۇن يەنە، دەپ ئويلاپ قالدىم.

ـــ كاللىڭىزغا بۇ ئادەم قىزغا ياڭيۇ ئەكىلىۋاتقان ئوخشايدۇ دېگەن خىيال كەلمەپتۇغۇ؟

ـــ ئۇنداقتا، ئۇ نىمشقا كېيىن كۆرۈنمەس بولۇپ كېتىدۇ؟ ئۇنى شۇ كۈنى كۆرگەنچە ئىككىنچىلەپ كۆرمىدىم...

ـــ شۇڭا ئۇنى ئۆيگە ئوغرى كىرىش ۋەقەسىگە ئالاقىدار دەپ ھۆكۈم قىپسىز ـ دە؟

ـــ ئۇ ئىزچىل "كېس" سومكا كۆتۈرۈپ يۈرەتتى...بۇ قېتىم يوغان سومكا كۆتۈرۈۋاپتۇ...تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ چۈشتىن بۇرۇن ھەممەيلەن ئىشلەۋاتقاندا...

ـــ شۇ چاغدا سائەت نەچچە بولغانىدى؟

ـــ شۇ چاغدا باللارغا ئاڭلىتىش بېرىلىۋاتاتتى، دېمەك، سائەت ئوندىن ئاشقانىدى.

ـــ ئۇ ئادەمنىڭ بىنا ئىشىكىگە قانداق كىرگەنلىكىنى كۆردىڭىزمۇ؟

ـــ ياق، كۆرمىگەننى كۆرمىدىم دەيمەن.

ـــ قايسى تەرەپكە كەتتى؟

ـــ بۇنىڭغا دىققەت قىلماپتىمەن. ئۇ چاغدا كاللامغا باشقىچە ئوي كەلمىگەن. دوقمۇشتىن قايرىلغان بولۇشىمۇ، كەينى تەرەپكە كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، قايسى تەرەپكە كەتكىنى يادىمدا يوق.

— شۇ كۈنى چېسلاغا نەچچە ئىدى؟

— بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن. مەندە كېسەللىك ئىسپاتى بار، 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن ھازىرغىچە دەم ئېلىپ كەلدىم، شۇ كۈنى يامغۇر ياغمىغانلىقىلا يادىمدا قاپتۇ. ئادىتىم بويىچە رادىئونى ئاچتىم، دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ، بىردەم ئولتۇردۇم. كېيىن: يامغۇر ياغمىغان تۇرسا، ئۆيدە ئولتۇرىۋېرىمەنمۇ، كوچىدىكى باغچىغا بارايچۇ، دەپ ئويلىدىم.

— ئۇنى قانداق تونۇۋالدىڭىز، بورىس ئىۋانوۋىچ؟ — دەپ سورىدى كۇزىمچېۋا.

— گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم.

— بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ كىشىنىڭ كۈنلۈك تۇتۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىڭىزنى ئېيتتىڭىز. دېمەك، ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرمەگەنمۇ؟ ئۇ كۈنى يامغۇر ياغمىغان بولسا، ئۇ چوقۇم كۈنلۈكسىز دېگەن گەپ.

— قارىڭا دەۋاتقان گېپىڭىزنى! ئۇلار بەزىدە كوچا تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ بىنانىڭ ئىشىكىدە پاراڭلىشىدۇ، يەنى مەن تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ پاراڭلىشىدۇ... ئۇلارنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ تۇرىمەن. ئۇ ئەر كىشى قارا چاچلىق.

— كۆرسىڭىز تونۇمسىز؟

— تونارمەن، — گېنېدكوۋ ئانچە ئىشەنچ قىلالماي جاۋاب بەردى، — ئۆيۈمنىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ كۆرۈپ قالسام، جەزمەن تونۇۋالىمەن. ئۇ ئۇزۇنتۇرا ئادەم، قىز ئۇنىڭ مۈرىسىدىن سەللا ئېگىز كېلىدۇ.

— بۇ ئەھۋاللارنى دەپ بەرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن سىزگە

رەھمەت، بورىس ئىۋانوۋىچ.

— ئەھمىيەتلىكمۇ؟ — قېرى كىشىنىڭ سوئالىدىن مەلۇم ئۈمىد بىلىنىپ تۇراتتى، — يا بولمىسا مەن بىكارلا ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويدۇممۇ؟

— ھازىر سىزگە ئېنىق جاۋاب بېرىشىم تەس.

"قىز...قانداق قىز... نەدىن كەلگەن؟" كۇزىمچېۋا ئويلاۋېتىپ يەسلىگە ئوغلىنى ئەكىلىشكە بېرىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلدى.

ئوغلىنى ياتقۇزغاندىن كېيىن، كۇزىمچېۋا تاماقنى تەييار قىلدى، پولىنى سۈرتتى، جاھازلاردىكى چاڭ-توزانلارنى ئەرتتى، كىر يۇدى، ھېرىپ ئۆرە تۇرغۇدەك مادارى قالمىغىلى تاس قالغاندا، كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۈشىدە ئاركادىنى كۆردى، ئاركادى بىر قىز بىلەن كېلىۋاتقۇدەك، قىزنىڭ قولىدا يوغان سومكا تۇرغۇدەك، ئۇلار يېقىن كەلگەندە، كۇزىمچېۋا بۇ قىزنى تونۇۋالغۇدەك، بۇ قىز ئېرىنىڭ دوختۇرخانىسىدىكى چىرايلىق قىز، سېستىرالار باشلىقى تانىيا شوۋايېۋا ئىكەن.

## 7. ئاددىي قىز

ئەتىسى يۈز كۆرۈشۈپلا ۋالېنتىن پېتروۋ:

— چىرايىڭىز تاتىرىپ كېتىپتۇ، كۇزىمچېۋا داۋېي، كېچە ئۇيقۇڭىز قانمىدىمۇ نېمە؟ — دېدى.

ۋالېنتىن ياش-دە، ئاياللارغا، جۈملىدىن "داۋېي" ئۇنۋانلىق ئاياللارغىمۇ چىرايىڭىز سەتلىشىپ قاپتۇ دېگەندەك گەپلەرنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ.

— چىراي ھېلىمۇ تاتارمايدىكەن؟ — دەپ غۇدۇرىدى كوزىمچېۋا، — ئاخشام ئۆيلەرنى تازىلاپتىمەن، سەھەر تۇرۇپ ئېرىمنى ئەكەلگىلى دوختۇرخانىغا باردىم. سىزچۇ، ئۆيگە كىرىشىڭىزگىلا ئانىڭىز تەييار تاماقنى ئالدىڭىزغا ئەكەلگەندۇ، قورسىقىڭىزنى تويغۇزۇپلا كارىۋاتقا موك چۈشۈپ ئۇيقۇغا كەتكەنسىز تايىنلىق.

— يېڭىلىشتىڭىز، كېچە ئۇخلىمىدىم، جىق ئىشلارنى ئويلاپ كېتىپتىمەن! — دېدى پېترووۋ.

— نېمىنى ئويلىدىڭىز؟

— يۇرگانوۋ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمنى تېخى سىزگە دېمىدىم.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى كوزىمچېۋا دەرھال، — تەپسىلىي دەپ بېقىڭا.

— ئۇ ئوغرىلىق قىلىدىغان ئادەمدەك تۇرمايدۇ.

— ئەزىزىم، بۇ پاكىت ئەمەس. تېشىدىن قارىسا سالاپەتلىك، ئەمەلىيەتتە جىنايەت ئۆتكۈزۈپ يۈرگەن ئادەملەر ئازمۇ؟

— بىر دىندار مومايىنىڭ ئۆيىدە پەيغەمبەر رەسىمى بارلىقى ھەققىدە ھېكايە ئېيتىۋىدىم، ئۇ گېپىمنى بۆلمەي جىم تۇردى. پەيغەمبەر رەسىمىنى سېتىۋالغۇچى بىلەن ئالاقىسى بولغان بولسا، بۇ مومايىنىڭ رەسىمىگىمۇ چوقۇم قىزىققان بولاتتى.

— ئۇنداقتا ئۇ سىزدەك تىلغا تېگىشلىك ئىشنى بىراقلا بىلىندۈرۈپ قويغان بولامدۇ؟

— ياق، ئۇنىڭ پەيغەمبەر رەسىمى بىلەن خۇشى يوق، بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل.

— ئۇ بىر نەۋرە ھەدىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى تېپىۋېلىپ، ئاچقۇچ بىلەن ئادرېسنى خەققە ساتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئۇ ئارىدا

يول ماڭغۇچى بولسا كېرەك...

— ئەلۋەتتە، بۇنداق بولۇشمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

— مەنمۇ يېڭى خەۋەر ئاڭلىدىم، — دېدى كۈزىمچېۋا ۋە كېيىن-كوۋ بىلەن قىلىشقان گەپلىرىنىڭ مەزمۇنىنى دەپ بەردى.

— ئۇ قىزنىڭ فامىلىسى لۇساكوۋا، ئېتى مارىيانا.

— سىز ئۆي ئىگىسىنىڭ قوشنىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇ قىز توغرۇلۇق نېمە ئەھۋاللارنى ئۇقتىڭىز؟ — دەپ سورىدى كۈزىمچېۋا.

— ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىشمىدى، ئۇ ئاددىي قىز ئىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ يۇرگانوۋ بىلەن تونۇشۇشى ناتايىن. ئىلىنا روگوژىنانىڭ ئاچقۇچى بىنا كارىدورىدا چۈشۈپ قالغان بولسا، لۇساكوۋا تېپىۋالغان بولۇشمۇ ئېھتىمال.

كۈزىمچېۋا مۇرىسىنى قىسىپ قويدى.

— مەنمۇ پەرەز قىلىۋاتىمەن، سىزمۇ پەرەز قىلىۋاتىسىز، خالاس، بۇ مۇھىم ئەمەس. مەن بۇ مارىيانانىڭ ئەھۋالىنى ئەتراپلىق ئىگەللەپ باقاي دەۋاتىمەن. روگوژىنا بىلەن يەنە بىر سۆزلىشىپ باقمىسام بولمايدۇ.

...ئۇلگا ئىگناتىيېۋنا ئۆيىدە كۈزىمچېۋانىڭ يولغا قاراپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، كۈزىمچېۋا كەلگەن چاغدا بېشىغا چاچ بۇدۇرلىگۇچلەرنى قىستۇرۇۋالغان، ئۈستىگە ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى.

— قارىڭا بۇ تۇرقۇمغا، خۇدا ھەققى ئەيىپ قىلماڭ، — دېدى ئۇ، — بىر خىزمەتدىشىم دىسسېرتاتسىيە ياقلىماقچى ئىدى، مەن باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ئىدىم. تۈزۈكرەك كىيىنىپ، تارىنىپ بارمىسام بولمايتتى، ئەمما، چېچىمنى ياسايدىغان ئۇستام ئاغرىپ

قاپتز.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى كۇزىمچېۋا كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ، ئەمما كۆڭلىدە: ھاياتىمدا چېچىمغا بۇدۇرلىگۇچ قىستۇرۇپ قويۇپ مېھماننىڭ ئالدىغا چىقىدىغان ئىشنى ھەرقانچە بولسىمۇ قىلماسمەن، دەپ ئويلىدى، — ئازراقلا ۋاقتىڭىزنى ئالىمەن. ئۆيىڭىزنىڭ ئۇدۇلىدا لۇساكوۋ فامىلىلىك كىشىنىڭ ئۆيى بار ئىكەن. ئۇ ئۆيدىكىلەر قانداقراق؟

— ئۇ ئۆيدىكىلەر ئوبدان ئادەملەر، ئاكا - سىڭىل ئىككىسى بىللە تۇرىدۇ، بۇرۇن ئىككىسى مومىسى بىلەن بىللە تۇراتتى، مومىسى ئۆلۈپ كەتكىلى ئالتە يىل بولدى. ئۇلارنىڭ ئانىسى ئۇلار كىچىك چاغلاردىلا ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىپ، كېيىن باشقا ئەرگە تېگىپتۇ، ئېرى تەرجىمان بولغاچقا، دائىم چەت ئەلدە تۇرىدىكەن، ھازىر موسكۋادا ئەمەس، ئۇلارنىڭ مومىسى ئوڭلۇق ئايال ئىدى، نەۋرىلىرىنى تەربىيىلەشكە بەك ئەھمىيەت بېرەتتى، — دېدى روگوژىنا. ئۇ پەدەز ئىشكاپىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، تىرناقلىرىغا خېنە قويغىلى تۇردى. كۇزىمچېۋا ياندىكى سافادا ئولتۇراتتى، — لېنىيا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان يىگىت، ھاراق ئىچمەيدۇ، ئىشنىمۇ قىلىدۇ، ئۆگىنىشنىمۇ قولدىن بەرمەيدۇ. مارىيانا... سىزگە نېمە دېسەم بولار...ئوبدان قىز... ئانىسىغا ئوخشاش، چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ كېتەلەيدىغان، چىرايلىق كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىدىغان ئەرگە تېگىشنى خىيال قىلىدۇ.

— قىزنىڭىز ئۇنىڭ بىلەن دوستمۇ؟

— تونىيا؟ بۇنىڭدا "دوست" دېگەن گەپنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسى بار. ئۇلار بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، بىر - بىرىدىن

ئايرىلماي ئۆتتۈشكەن. تونىيا بالدۇر توي قىلىپ، بۆلەك چىقىپ كەتتى. تونىيانىڭ بالىسى بولغاندىكىن، ھەۋەس-قىزىقىشلىرىنىڭ باشقىچە بولۇشى تەبىئىي...بىلىشىمچە، ئۇلار بەزىدە كۆرۈشىدىكەن. تونىيا مېنى كۆرگىلى كەلسە، بەزىدە مارىيانىمۇ يوقلاپ قويىدۇ.

— مارىيانا سىزنىڭكىگە كېلەمدۇ؟

— مېنىڭكىگە كېلىپ نېمە قىلسۇن؟ كەلمىگەن، بىرنەچچە يىل بولدى، ئۇمۇ، لېنىيامۇ مېنىڭكىگە كېلىپ باقمىدى.

— ئاكا-سىڭىل لۇساكوۋلار داچا سېتىۋالىدىغانلىقىڭلاردىن خەۋەردارمۇ؟

— خەۋىرى بولسا كېرەك. بىزنىڭ ئۆيدە پۇل بارلىقىنى ئۇلارنىڭ بىلىشى ناتايىن. تونىيا قۇرۇق پاراڭ سېلىشقا ئامراق ئەمەس.

— پەيغەمبەر رەسىمى ھەققىدىچۇ؟

ئولگا ئىگناتىيېۋنا خېنە قۇتىسىنى شىرەگە قويىدى.

— ئۇلار كۆرگەندۇ...ئەمما ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر رەسىمىنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

## 8. قوشنا بىنادىكىلەردىن تىڭ-تىڭلاش

كۇزىمچېۋا كوچىغا چىقىپ، بىنا ئەتراپىدا خېلىغىچە تۇردى ۋە گېنېدكوۋنىڭ دېرىزىسىگە سىنچىلاپ قارىدى. قېلىن كۈزلۈك پەلتو كىيىۋالغان ئېگىز بىر موماي بىنا ئىشىكى ئالدىدا قوللىرىنى تىزلىرىغا بىخارامان قويۇپ قاتلانما ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. كۇزىمچېۋا بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ئېگىشتى-دە، ئايىغىنى

سىلىپ، پىتىكىنى سىلىدى.

— مىخ كىرىدىمۇ پۇتىڭىزغا؟ — دەپ سورىدى كۆزىمچېۋاغا سەپسالغان موماي. يالغۇزلۇق تارتىپ قالغان بۇ موماي مۇڭداشقاق بولسا كېرەك.

— مىخ قادىلىۋاتىدۇ، موزدوزغا ئاپارمىسام بولمىغۇدەك.

— ئۇدۇلدىكى بىنادا موزدوز بار! بىنا ئىشىكىنىڭ سول تەرەپىدىكى دېرىزە شۇ. ئىشىكنى چەكسىڭىز، بىردەمدىلا جۆندەپ بېرىدۇ.

— موزدوز؟

— ئىسمى فېدە، فېئودور ئابراموۋىچ، يەككە تىجارەتچى. سىز ساقچى ئىدارىسىدىنمۇ؟ ئۇنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى يوق.

— مەن ساقچى ئىدارىسىدىن ئەمەس، — مومايدىن بەزى ئەھۋاللارنى ئۇقۇشۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ساقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقۇسى كەلگەن كۆزىمچېۋا مومايىنى خاتىرجەم بولسۇن دەپ ئاشۇنداق جاۋاب بەردى.

— دېمەك، ئۇ موزدوز دەڭ؟

— شۇنداق، ئۇستا موزدوز، كونا ئاياغلارنى يېڭى ئاياغدەك قىلىۋېتىدۇ! ئىشنى تەرتىپلىك، ۋىجدانى بىلەن قىلىدۇ. ھازىر بۇنداق ھۈنەرۋەنلەر قالمىدى. ئۇ پېنسىيىگە چىققان، ئەسلىدە ئىش قىلىش نىيىتى يوق ئىدى — مومىيى بىلەن ئىككىسىگە يەنە پۇل تاپىمىز دەپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇ: بولدى، قىلمايمەن! دەپ 100 قېتىم قەسەم ئىچكەن. قولۇم - قوشنىلار: موزدوزلۇق قىلسىڭىز، دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. فېدە كۆڭلى يۇمشاق ئادەم بولغاچقا، قوشنىلارنىڭ گېپىنى يىرالمىدى. مۇشۇ تاپتا دېرىزە پەردىسى

ئېچىلماپتۇ، دېمەك، ئۇ تاماق يەۋېتىپتۇ. دېرىزە پەردىسىنى ئاچقان هامان بارسىڭىز بولىدۇ. ئاۋۋال دېرىزىسىنى قاقسىز: مومىيى پۇلنى مەينەت قىلىۋېتىدۇ دەپ ئۆيگە ئادەم كىرگۈزمەيدۇ. موزدوزلۇقتا قىدەنىڭ ئالدىغا ئۆتەلەيدىغان ئادەم يوق، — موماي بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ يەردە ئولتۇرۇپ خەقلەر ئۇنى-بۇنى سورايدىغان ئادەم بولۇپ قالدىم. بۇمۇ مەيلى، بولمىسا، ئىچىم پۇشۇپ كېتىدىكەن. بالامنىڭ بۇرادەرلىرى كەپتىكەن، ئۇلار ۋارى-ۋارى قىلىشسا بېشىم ئاغرىيدۇ.

— بۇ بىنا ئادەتتە خېلى تىنچ ئوخشايدۇ، — دېدى كۇزمىچېۋا.

— بىنانىڭ مۇشۇ ئىشكىدە ماڭا ئوخشاش قېرىلار تۇرىدۇ، نەۋرىلەر ئاز. ياشلاردىن زوسكا بىلەن نۇكزار، يەنە لېنسيا بىلەن مارىيانا بار.

— مارىيانا؟ قالتىس چىرايلىق ئىسمىكەنغۇ بۇ.

— ئوبدان قىز ئۇ. ئۇ ھەقتە پاراڭ قىلىشاق، ئۇنىڭ تۇرمۇشى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. ئەرگە تېگىدىغان ۋاقتى بولغىلى نەۋاق، ئانىسى بولمىغاچقا، بېشىنى ئوڭشايدىغان ئادەم يوق.

— نېمە، يىگىتلەرنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشمەمدىكەن؟

— بىر يىگىت دائىم كېلىدۇ... تويۇڭلارنى پات ئارىدا ئوينارمىز؟ دەپ سورىسام، مارىيانا: نەدىكى تويىكەن، ئۇ دېگەن خىزمەتتىدىشىم دەيدۇ.

كۇزمىچېۋا قولىنى يانچۇقىغا تىقىپ، كۆزىنى گېنېدىكوۋنىڭ دېرىزىسىدىن موزدوزنىڭ دېرىزىسىگە يۆتكىدى. موزدوزمۇ بەزى ئەھۋاللارنى بىلىدىغاندۇ دەپ ئويلىدى ئۇ.

— سىلەر قېدە دەيدىغان بۇ تاغىمىز چۈشلۈك تاماقنى ئۇزاق

يەمدۇ؟

— بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ، دېرىزە پەردىسى ئېچىلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئالدىراپ نېمە قىلاتتىڭىز. ھەي، ياشلار دېگەن چېپىپ، ئالدىراپلا يۈرگەن، ئالدىراپ نەگە بارىدىكىن؟ ھەممىمىزنىڭ ئاخىر بىركۈنى بارىدىغان يېرىمىز شۇغۇ.

"موزدوز بىلەن سۆزلەشكىنىمنى بۇ مومايىنىڭ كۆرۈپ تۇرۇشى پۈتۈنلەي ھاجەتسىز، — دەپ ئويلىدى كۈزىمچېۋا، — تالادا تۇرۇپ سۆزلەشسەم بىئەپ بولىدۇ، مومايغا قارىتىپ تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ سۆزلىششنىڭ ھاجىتىمۇ يوق."

ئەمما، موماي ئۇنىڭغا ياردەملەشتى.

— ئالدىرىسىڭىز، ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ بېقىڭ، مومىيى سىزنى ئۆيگە كىرگىلى قويىسىمۇ ئەجەب ئەمەس. يەنە بىر ئايغىچە ئىزدىكى مىخنى كىرگۈزۈۋەتكۈچە كوچىدا بىر پۈتلاپ تۇرۇپ تۇرۇش سىزگە ياراشماس.

— پاھ، رەھمەت سىزنىڭ ئامال تېپىپ بەرگەنلىكىڭىزگە! — كۈزىمچېۋا شۇنداق دېدى-دە، يولدىن ئۆتۈپ، بىنانىڭ ئىشىكىگە كەلدى.

ئۇ كۇنۇپكىنى بېسىۋىدى، قىڭغىر ياقىلىق كۆل رەڭ كۆڭلەك كىيىۋالغان، كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرىنى شىمىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالماي قويۇۋەتكەن، تاقىر باش، ۋىجىك بوۋاي ئىشىكنى ئاچتى.

— ئەسسالام، فېئودور ئابراموۋىچ، ئۆيگە كىرسەم بولامدۇ؟

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى بوۋاي تۇرغان يېرىدىن قىمىرلىماي.

— مەن ساقچى ئىدارىسىدىن، ئەمما، فېئودور ئابراموۋىچ،

مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم سىزنىڭ موزدوزلۇقىڭىز بىلەن قىلچە ئالاقى-
سىز. بىز سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاج.

فېئودور ئابراموۋىچنىڭ ھەم خۇشال بولغىنى، ھەم نېمە قىلىشىنى
بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغىنى چىرايىدىن بىلىنىپ قالدى. ئۇ چەتكە
داجىپ، قولى بىلەن كۆرسىتىپ، كۇزىمچېۋانى ئۆيىگە كىرىشكە
تەكلىپ قىلدى.

— مەرھەمەت. مەن ساقچىدىن قورقمايمەن. كۈنىگە ھالال
ئەمگىكىم بەدىلىگە ئىككى رۇبلى كىرىم قىلىمەن. قوشنىلىرىم ساقچى
ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرىدىن قورقىدۇ: دۇكىنىمنى تاقايدىغان بولسام،
ئۇلار ئىككى كوچىدىن ئۆتۈپ ئاياغ يامىتىشى كېرەك. كىنىشكىڭىزنى
كۆرۈپ باقايمۇ؟

ئۇلار ئازادە، يورۇق ۋە پاكىز ئاشخانىغا كىردى. كۇزىم-
چېۋا سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ بوۋايغا بەردى. بوۋاي
كۆزەينىكىنى بۇرنىغا قوندۇرۇپ، گۇۋاھنامىگە قارىدى-دە، بېشىنى
چايقاپ قويۇپ، گۇۋاھنامىنى كۇزىمچېۋاغا قايتۇرۇپ بەردى.

— دېمەك، داۋىي ئىكەنسىز. سىز قانداقلارچە داۋىي بولۇۋال-
دىڭىزكىن! ساقچى ئىدارىسىدە ئەرلەر كەمچىل ئوخشىمامدۇ؟

— نېمىشقا مۇنداق دەيسىز؟ — دەپ سورىدى كۇزىمچېۋا نېمە
قىلارىنى بىلمەي.

— خوتۇن خەقنىڭ ئىشىنى قىلماپسىز.

كۇزىمچېۋا گەپ-سۆز قىلمىدى.

— خوش، نېمە تاپشۇرۇقىڭىز بار، قۇلىقىم سىزدە، داۋىي، —
دېدى فېئودور ئابراموۋىچ.

— سىزدىن بەك نازۇك مەسىلىلەرنى سورىماقچى، نېمىلەر

ھەققىدە سۆزلەشكەنلىكىمىزنى ھېچكىمگە تىنىماڭ. ئۇدۇلدىكى بىناغا ئوغرى كىرگەنلىكىنى ئاڭلىغانسىز بەلكىم؟

— ئەل-جامائەت شۇنداق دېيىشىۋاتاتتى، — دېدى فېئودور ئابراموۋىچ.

— كۆن بويى دېرىزە يېنىدا ئولتۇرىدىكەنسىز... بىرەر گۇمانلىق ئىش كۆزىڭىزگە چېلىقمىدىمۇ؟

— دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرغىنىم بىلەن ئاياغقا قارايمەن. كوچىدا بولغان ئىشنى كۆرەلمەيمەن.

— بەك چىرايلىق كۆنىلەك ئېلىۋالغان قىز بىلەن بىر يىگىت دىققىتىڭىزنى تارتمىدىمۇ؟

— مارىيانانى دەۋاتامسىز؟ ئۇ دائىم ئاياغ ياماتقىلى مېنىڭ ئالدىمغا كېلىدۇ. ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ نېمە قىلاي؟

— يېقىندىن بۇيان ئۇنى كىم ئۆيىگە ئەكىلىپ قويۇۋاتىدۇ؟

— كۆرمىدىم.

— يوغان سومكا كۆتۈرۈۋالغان بىرەيلەننىڭ ئەتىگىنى بىنا ئىشىكىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقى تاسادىپىي كۆزىڭىزگە چېلىقتىمۇ؟

— بۇ ئادەمنى مەن كۆرگەن... تېرە سومكىنى نەدىن تاپتىكىن دەپ ھەيران قالغانىدىم. خۇرۇمى جىگەر رەڭ بۇنداق سومكىنى ئاللىبۇرۇنلا ھېچكىم تىكمەيدىغان بولدى، بۇنداق سومكىنىڭ تاسمىسى بار، ئۆزى چەت ئەل مېلى، خۇرۇمى بەك ياخشى. مارىيانانىڭمۇ مۇشۇنداق سومكىسى بارلىقىنى كۆرگەنىدىم. مارىيانا: ئانام چەت ئەلدىن ماڭا ئەۋەتىپتۇ دەپ داڭلاپ بەرگەنىدى.

— ئۇ ئادەمنىڭ رەڭگىرويى قانداقراق؟

— ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىغا دىققەت قىلماپتىمەن.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنى كۆرسىڭىز تونۇمسىز؟

— ئۆزىنى تونۇيالمايمەن، سومكىسىنى تونۇيمەن.

— ئۇنى قاچان كۆرگەنلىكىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟

9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.

— نېمىشقا 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى دەپ چورتلا ئېيتالايسىز؟

— شۇ كۈنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تەلىپى بويىچە مۇزىكا ئاڭلىتىلغان. مەن تەلەپ قىلغان "پايانسىز دالا" دېگەن رۇس خەلق ناخشىسىنىمۇ ئاڭلاتتى.

— رەھمەت، — دېدى كۈزىمچىۋا، — مېنى نېمىشقا كەپتۇ دەپ بىرەر كىشى سىزدىن سوراپ قالسا، ئايىغىغا مىخ قاقتۇرغىلى دەپ قويارسىز.

— ھېچكىم سوراپ يۈرمەيدۇ. خوتۇنۇم بىلەن قىزىم سىرتقا چىقىپ كەتكەن، ئاخشاملىققىمۇ يېنىپ كەلمەيدۇ.

كۈزىمچىۋا بىنادىن چىققىنىدا، قىلىن كۆزلۈك پەلتو كىيىۋالغان موماي كېتىپ قالغانىدى. كۈزىمچىۋا تېلېفون بوتكىسىنى كۆرۈپ، بوتكىغا كىردى ۋە يانچۇقىدىن بىر دانە مېتال پۇل ئېلىپ، تېلېفون نومۇرىنى چۆرىدى.

— ۋاله، — دېدى ئۇ ۋە تۇتۇلدى، — دەرھال لۇساكوۋا ئىشلەيدىغان "ئېسىل تائاملار دۇكىنى"غا بېرىپ، قارا چاچلىق بىر يىگىتنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان ـ ئىشلىمەيدىغانلىقى، بۇ يىگىتنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ باقسىڭىز.

— ماقۇل، — دېدى ۋالېنتىن جاۋابەن، — گېنېدكوۋ كېلىپ كەتتى، يۈرگانوۋنىڭ سۈرىتىنى كۆرسەتتىم، تونۇمايدىكەن.

كۈزىمچىۋا يولدا كېتىۋېتىپ مۇنۇلارنى ئويلىدى: "تەكشۈرۈش

نەتىجىسى ئىشىكنىڭ يېڭى ئاچقۇچتا ئەمەس، كونا ئاچقۇچتا ئېچىلغان-لىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ، بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ. قۇلۇپتا جىجىلغان ئىز يوق. ھېلىقى ئاچقۇچنى... ئىلىننا كارىدوردا چۈشۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ لۇساكوۋا ئۇنى تېپىۋالغان.

پېتروۋ ”ئىسىل تائاملار دۇكىنى“دىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۇزىمچېۋاغا ئۇ دۇكاندا قانداقتۇ قارا چاچلىق ئەرنى ئۇچراتمىغان-لىقىنى، يېشى چوڭراق ئەرمەن جىگلى، بىر قاسساپ ۋە قاچىلاش-چۈشۈرۈش ئىشلىرىنى قىلىدىغان، دائىم ھاراق ئىچىپ مەست يۈرى-دىغان ئىككى ئىشچىدىن باشقا، ئۇ دۇكاندا ئىشلەيدىغانلارنىڭ پۈتۈنلەي ئايال ئىكەنلىكىنى دوكلات قىلدى.

— تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى، — دېدى كۇزىمچېۋا، — ئۇ يىگىت قىزنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغان بولسا، دېمەك، ئۇ يىگىت يېقىن بىر يەردە ئىشلەيدۇ، يا بولمىسا، قىزنىڭ ئۆيىگە مەخسۇس كەلگەن دېگەن گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە گېنېدكوۋ ئۇلار بەزىدە ئۆيىگە كىرمەيلا ئايرىلىدۇ، بەزىدە بىناغا بىللە كىرىدۇ دەپ جەزملەشتۈردى.

— شۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇ، — دەپ قوشۇلدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋالېنتىن.

— ئەتراپتا قايسى ئورۇنلار بار؟

— ھېچقانداق ئورۇن يوق، ھەممىسى تۇرالغۇ جاي.

— ئۇلار يولدا كۆرۈشۈپ تۇرامدۇ يا؟

— مۇمكىن، — دېدى پېتروۋ خۇش ياقمىغاندەك. ئۇ خاتىرىسىنى ئېچىپ، مۈشۈك سىزىشقا كىرىشتى. ئۇ سىزغان مۈشۈكنىڭ دۈمبىسى تۈپتۈز، قۇيرۇقى يەر بىلەن پاراللېل ئىدى.

— مېنى نېمە دەپ قالسىڭىز قىلىڭ، — دېدى ۋالېنتىن، —

مېنىڭچە، تونيا روگوژىنانىڭ ھەر ھالدا بۇ ئەنزىگە چېتىلىدىغان يېرى بار.

كوزىمچېۋا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— ئاساسىڭىزنى دەپ بېقىڭا قېنى!

— لوساكوۋا پەيغەمبەر رەسىمنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى نەدىن بىلسۇن؟ بۇ ھەقتە ئۇ ساۋاتسىز. ئۇ پەيغەمبەر رەسىمنى نىمە قىلىدۇ؟ تونيا پەيغەمبەر رەسىمى توغرۇلۇق بىرەر ئادەمگە گەپ ئاچقان، بۇ ئادەم لوساكوۋانى قولغا كەلتۈرگەن.

— دەۋاتقان گېپىڭىزنى قارىڭا! — دېدى كوزىمچېۋا، — روگوژىنا پەيغەمبەر رەسىمى بىلەن پۇلنى ئۆزى ئوغرىلىغان دېسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— ئىككىلىمىز ئىلىننا يوقاتقان ئاچقۇچ بىلەن چەكلىنىپ قېلىۋاتىمىز. ئۆي خىزمەتچىسىدىمۇ بىر ئاچقۇچ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمايلى. بىز بۇ ئەھۋالنى ئوبدانىراق تەھلىل قىلىپ باقمايلا روگوژىنانىڭ گېپىگە ئىشەندۇق.

— تۇخۇمنىڭ توخۇغا ئۇستاتلىق قىلىپ كەتكىنى نەدە بار؟ — دەپ سورىدى كوزىمچېۋا.

— چېچىلماڭ، ئېۋروسىنىيا ۋىكېنتىيېۋنا. ھەربىر ئائىلىنىڭ ئەھۋالى بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ. ئائتون ئىلىننانىڭ ئاچقۇچىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى بىلىدۇ دەپ كېسىپ ئېيتالايمەن، بولمىسا، ئاچقۇچنى سىزگە كۆرسەتكەن بولاتتى. ياكى بولمىسا، روگوژىنا ئازراق يالغانچىلىق قىلغان، ئۇ شۇرا ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كېتىپتۇ.

— ئۇنى بۇ قىممەتلىك نەرسىنى تېپىپ كېلىشنى ئويلىمايدۇ دەپ قارىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى كوزىمچېۋا ۋالېنتىننىڭ گېپىگە

ئانچە ئىشەنمەي.

— بۇ جاھاندا نېمە ئىش بولمايدۇ، — پەلسەپىۋى قائىدىلىك بۇ گەپنى دەپ بولغاندىن كېيىن، ۋالېنتىن خاتىرىسىنى قويۇپ، سىزغان مۇشۇكلىرىگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى-دە، يەنە سىزغىلى تۇردى.

— قېنى، — دېدى كۆزىمچېۋا ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئويلىغانلىرىڭىزنى ئىسپاتلاپ باقايلى. مەن ھازىرلا تەنتەربىيە ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى زاۋۇتىغا بېرىپ، شۇرا ھەدىسىنىڭ قوشنىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ باقاي.

...ئۇلار زاۋۇتنىڭ پلاكاتلار ئېسىلغان، تارغىنا ئىشخانىسىدا ئولتۇراتتى. كۇرديۇموۋا چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان، ياشراق چوكان بولۇپ، قارا كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى.

— ئاننا لۋوۋنا، — دېدى كۆزىمچېۋا، — سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كىملەرنىڭ كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ باقاي دېۋىدىم.

— كېلىدىغانلار جىق، — كۇرديۇموۋا كۈلۈپ كەتتى، — بىر مۇنچە ئايال دوستلىرىم بار، دائىم مېنى دەپ ياكى قىزىمنى دەپ بارىدۇ.

— قىزىڭىزنىڭ دوستلىرى قانداق ئادەملەر؟

كۇرديۇموۋا سەگەكلەشتى.

— مەن قىزىقىدىغان ئىش قىزىڭىز بىلەن ئالاقىسىز.

— ئاساسەن داشۆدىكى ساۋاقداشلىرى.

— مەكتەپتە ئوقۇمايدىغان دوستلىرىمۇ بارمۇ؟

— ھە، ۋالە پېتروۋسكايا دائىم ئۇنى ئىزدەپ كېلىدۇ. ئىككىسى ئوتتۇرا مەكتەپنىكى چاغلىرىدىن تارتىپ يېقىن ئۆتۈشىدۇ. يەنە زىنامۇ بار.

— مارىيانا لۇساكوۋاچۇ؟ ئىسمى ئاشۇنداق قىزمۇ كېلەمدۇ؟
— كەلمەمدىغان، دائىم كېلىدۇ، ئۇ گالە بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ساۋاقداش، بىراق سىنىپداش ئەمەس. بۇرۇن ئىككىسى ئانچە يېقىن ئەمەس ئىدى. يېقىندا مارىيانا بىزنىڭكىگە بىر كەلدى، بىر چاپان پېچىپ بەرسىڭىز دەپ تۇرىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن پات-پات كېلىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ كەلگەندە بىز ئۆيدە بولماي قالساق، قوشنىمىز شۇرانىڭكىدە ئولتۇرۇپ كېتىدىكەن. بەزەندە مارىيانا شۇراغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ماگىزىندىن ئەكىلىپ بېرىدىكەن، شۇرانىڭ ئۆيىنى تازىلاپ بېرىدىكەن. مارىيانا ئەدەبلىك، ئوبدان قىز. كىچىكىدىن تارتىپ ئانىسى يوق، شۇ چاغقىچە ئانىسىز ئۆتكەن، ئۇنىڭغا بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ.
— سىلەرنىڭكىگە ئاخىرقى قېتىم قاچان كەلدى؟
— قاچان؟ بۇنىڭدىن ئىككى كۈن بۇرۇنغۇ دەيمەن، ئېسىمدە ئېنىق قالماپتۇ.

## 9. ساتىراشخانىدا

كۆزىمچېۋا كوروليوۋنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇچقاندەك كىرىپ كەل-گەندە، كوروليوۋنىڭ تاماكىنى كۆچەپ شوراۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمىدى.
— پېتر ئانتونوۋىچ، كۆز قارىشىڭىز توغرا ئىكەن، — دېدى كۆزىمچېۋا ھاسىراپ تۇرۇپ، — بۇ ئەنزىگە يۇرگانوۋنىڭ ئالاقىسى يوق ئىكەن.
— بۇرگانوۋنىڭ ئالاقىسى يوق دەپ قاچان مۇئەييەنلەشتۈرۈپ-

تىكەنمەنكىن، — دېدى ھەيرانۇھەس بولغان كورولېوۋ.

— بۇنداق قىياس قىلىشقا قوشۇلمايدىغانلىقىڭىزنى پەملىگەنىدىم.
ئىشىكنى ئۆي خىزمەتچىسىدىكى ئاچقۇچ بىلەن ئاچقانلىقى ئېھتىمالغا
ناھايىتى يېقىن. ئۇ ئاچقۇچنى ئەكتىپ، ئالدىغىنىنى ئېلىۋالغاندىن
كېيىن ئورنىغا قويۇپ قويغاندۇ.

— ئۇ دېگىنىڭىز كىم؟

— مارىيانا لۇساكوۋا، روگوژىنانىڭ قوشنىسى، ھېلىقى كۆنلۆك
تۇتۇۋالغان قىز.

— شۇنداق، — كورولېوۋ بۇ ئەھۋالغا قىزىقىپ قالدى، — سومكا
كۆتۈرگەن ھېلىقى ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلىدىڭلارمۇ؟

— ھازىرچە ياق. مارىيانا ئىشلەيدىغان ”ئېسىل تائاملار
دۇكىنى“دا ئۇ ئادەم يوق ئىكەن. ئەمدى مارىيانانىڭ قىز دوستلىرى
بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ، ئۇ ئەركىشىنى تونۇيدى-
غان بىرەر ئادەم چىقىپ قالار... ھە! — ئۇ تام سائىتىگە قاراپ
قويۇپ تۇۋلىۋەتتى، — سائەت سەككىز بوپتۇ، يەسلىگە كېيىن
قالسام، تەربىيىچى ماڭا كايىپ كەتمىسۇن.

كۇزمىچېۋا ھاپىلا-شاپىلا ئىشىك تەرەپكە ئېتىلدى.

— ماشىنىدا بېرىڭ! — دەپ تۇۋلىدى كورولېوۋ ئۇنىڭ ئارقى-
سىدىن، ئەمما ئۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلىمىغانىدى.

كۇزمىچېۋانىڭ تەلىيى بار ئىكەن، بىنانىڭ يېنىدا تۇرغان كىرا
پىكاپىدىن بىر يولۇچى چۈشتى.

— ئىنتىكرەك ھەيدەڭ، ئوغلۇمنى ئەكەلگىلى ۋاخ قالىدىغان
بولدۇم.

شوپۇر بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ، مۇساپە دەپتىرىنى ئاچتى.

www.uyghurkitap.com

ۋېكا قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلغىنىچە پەلەمپەيدە تۇراتتى.

— كەچۈرگىن، ئاپئاق بالام، — دېدى كۇزمىچېۋا ئاغزىنى ئۇچلاپ.

— دادام چوقۇم يولىمىزغا قاراپ قالدى، — ۋېكا چىرايىنى پۈرۈپ جاۋاب بەردى.

بىر كۈن ئالدىراش ئۆتكەن بولسىمۇ، كۇزمىچېۋاغا ئاخشىمى ھارغىنلىق بىلىنمىدى. ئۆيدىكىلەر جەم بولۇپ، كەچلىك تاماق يېيىشكە باشلىدى. بىر بۇلۇڭدا ئاسلان توگولۇپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۆي ئىسسىق، جىم ۋە يورۇق ئىدى.

كۇزمىچېۋا تونيا ئودويېۋسكاياغا كېلىپ كەتسىڭىز دەپ تېلېفون بېرىۋىدى، تونيا ھايال قىلمايلا كەلدى.

— سورايدىغان ئىشلار بار ئىدى، — دېدى كۇزمىچېۋا، — سىزنى ئاۋارە قىلدىم، ئەپۇ قىلىڭ.

— ھېچ ۋەقەسى يوق. ئاتا-ئانامنىڭ پۇلى بىلەن پەيغەمبەر رەسمى تېزرەك تېپىلسىلا، ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ قىلىۋېرىمەن.

— بىر سوئال سورىسام ھەيران قالارسىز بەلكىم... سىزدىن مارىيانا لۇساكوۋانىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي بىلىپ باقاي دېگەن.

— مارىيانانىڭ ئەھۋالىنى؟ — تونيا بىردىنلا كۈلۈپ كەتتى، — نېمە بولدىڭىز، مارىياناني بىزنىڭ ئۆيگە ئوغرىلىقچە كىرگەن دەپ ئويلاۋاتامسىز؟!

— سىزنىڭچە، ئۇ مۆمىن قىزمۇ؟

— شۇنداق بولمايچۇ، ئۇ پۇل ئۆتنە ئالسا تولۇق قايتۇرىدۇ، يەنە كېلىپ...

— "يەنە كېلىپ" نېمە؟

— مارىيانادىن گۇمانلىنىش بەك كۆلكىلىك ئىش.

— ئۇ توي قىلىش خىيالىدىمۇ؟

— توي قىلىشتى خىيال قىلمايدىغان قىز يوق. گەپ يارايدىغان يىگىتنىڭ چىقىش-چىقماسلىقىدا. ئۇ ئۆزى ھەر جەھەتتىن شەرت ھازىرلىغان قىز، ئەمما تېخى لايىقى يوق.

— ئۇ ھېچكىم بىلەن بېرىش-كېلىش قىلمامدا؟

تونىيا ئويغا چۆمدى.

— بۇنى ئانچە ئۇقمايدىكەنمەن. يىگىت تېپىۋالغان بولسا، ماڭا دەيتتى، بۇ مېنىڭ ئويۇم. ئومۇمەن، مارىيانا خەق بىلەن ئويناشقاندەكلا توي قىلمايدۇ. ئۇ چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەكچى، دېمەك، مۇشۇ شەرتى توشىدىغان ئەر كېرەك. ھە راست، ئۇ بىر كۈنى: ئۆزەم يالغۇز چىقىپ كېتەلىسەممۇ، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىمەن، دېگەن. ئۇنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن بىر قىز دوستىدىن تۇرمۇشۇم ناھايىتى ياخشى ئۆتۈۋاتىدۇ، قانائەتلىنەرلىك ئۆتۈۋاتىدۇ دەپ خەت كەپتۇ.

— داچا سېتىۋېلىش، پەيغەمبەر رەسىمى ۋە ئۇنىڭ قىممىتى ھەققىدە بۇرۇن ئۇنىڭغا گەپ-سۆز قىلغانمىدىڭىز؟

— نەدىكىنى! بۇ ھەقتە پاراڭ قىلىش نەدە دەيسىز! پاراڭلىرىمىز ئاساسەن تونۇش-بىلىشلەر، ئاياللارنىڭ كىيىنىش-ياسىنىشلىرى ھەققىدىكى، پالانى يەردە ئۇنداق بىرنېمە سېتىپتۇ دېگەندەك گەپلەر. بۇنىڭدىن باشقا، بىز بەزىدە ساتىراشخانىدا ئۇچرىشىمىز.

— ساتىراشخانىدا؟

— ھەئە، چېچىمىزنى ياساپ قويىدىغان بىر ئەر ساتىراش بار.

www.uyghurkitap.com

كېزى كەلگەنلىكتىن دەپ قويىاي، بۇ ساتىراش مارىيانانى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇپ يۈرىدۇ، ئەمما، ئۇنىڭ پۇلى كۆپ بولغىنى بىلەن، خۇددى كىشىلەر ئېيتقاندەك، "ئۇسۇلۇڭ توغرا بولمىسا، ھەممە ئىشىڭ بىكار."

— نېمشقا ئۇنىڭ پۇلى شۇنداق جىق؟

تونىيا ئىختىيارسىزلا ئەپسۇسلانغاندەك كۆزىمچېۋاغا يالت قىلىپ قاراپ قويىدى.

— بىر قېتىم چاچ ياسىسا ئون رۇبلى ئالىدۇ، يەنە كېلىپ بىر ئاي بۇرۇن دېيىشىپ قويۇش كېرەك.

— سىزنى ئۇنىڭغا كىم تونۇشتۇرغان؟ لۇساكوۋامۇ؟

— نەدىكىنى، ياقەي! كونا خېرىدارلار تونۇشتۇرمىسا، ئۇ چاچ ياسىغىلى ئۇنىمايدۇ. مارىيانانىڭ ئۇنىڭغا چېچىنى ياسىتىپ تۇرغۇدەك نەدە ئۇنچە پۇلى بولسۇن.

— سىز ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنلا تونۇشامتىڭىز؟

— ياتلىق بولۇپ بۆلەك ئۆي تۇتقىنىمدىن تارتىپ تونۇش، بەش يىل بولدى. ساتىراشخانا بىزنىڭ ئۆي بار بىنادا.

"ھە، 'ئېسىل تائامىلار دۇكىنى'نىڭ يېنىدا ئىكەنغۇ، — دەپ ئويلىدى كۆزىمچېۋا، — ئەركىشىنىڭ ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشى تامامەن مۇمكىن ئىكەن."

— ئۇ ھەر كۈنى ئىشلەمدۇ ياكى سمېنا ئالمشامدۇ؟

— ئالماشمايدۇ، ھەر كۈنى سائەت توققۇزدىن ئالتىگىچە ئىشلەيدۇ. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى دەم ئالىدۇ... جىكلى ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەن.

— ئېتى نېمە؟

— ۋولودە.

— سىز نېمىشقا ئۇنىڭ مارىيانانىڭ كەينىدىن پايپاسلىشىنى "ئۇسۇلى توغرا بولمىغاندىكىن، ھەممە ئىشى بىكار" دەيسىز؟

— ئۇ دېگەن ساتىراش! مارىيانانىڭ ئىزدەيدىغىنى دىپلومات، يا بولمىسا چەت ئەللىك.

— مۇنداقلا سوراپ باقاي، ئۇ ساتىراشقا چاچ ياساتقىلى بارىدىغان چەت ئەللىك بارمۇ؟

— بولمامدىغان. ئۇ تېخى بىر چەت ئەللىك ئايال بىلەن خېلى يېقىن ئۆتىدۇ. ئۆيىگىمۇ بارغان...بىر قېتىمدا مارىيانانىمۇ ئاپىرىپتىكەن.

— ئۇ ساتىراش پەيغەمبەر رەسمى توپلىمامدۇ؟

— نېمە دەۋاتىسىز! ئۇ دېگەن تېخىنكا بىلەن ھەپىلىشىدۇ. ئۇ ساتىراشلىقتا كېرەك بولىدىغان ئۇسكۇنىلىرىنى ئالماشتۇرۇپلا تۇرىدۇ، بىر قېتىمقىسىدىن يەنە بىر قېتىمقىسى مودا ئۇسكۇنىلەر. مېنىڭچە، بىر خىل ئۇسكۇنىنى ھېلىقى چەت ئەللىك ئايالنىڭ ئېرى ئۇنىڭغا چەت ئەلدىن ئەكىلىپ بەرگەن...

— ساتىراشخانىدا پەيغەمبەر رەسمى توغرىسىدا ھېچقاچان ئېغىز ئاچمىغانسىز؟

— ھەممە ئىش ئېسىمدە قالىدۇ دەمسىز، بىكار ئولتۇرغاندىكىن، ساتىراش بىلەن پاراڭلاشمايدىغان ئادەم بولامدۇ؟ ئېغىز ئاچقان بولسام ئاچقاندىمەن.

— داچا سېتىۋېلىش توغرۇلۇقچۇ؟

— بۇ ھەقتىمۇ گەپ قىلغان. ھەممەيلەنگە داچا تېپىشىپ بېرىشنى ئېيتقان، ۋولودەدىنمۇ سورىغان. ئۇ ماڭا راستلا ياردەملەشمەكچى

بولغان، پېلېدىركىنودا ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى بار ئىكەن، ئۇ تۇغقىنىنىڭكىگە بېرىپ تۇرىدىكەن، يەنە شۇ يەردىنمۇ تىنىڭ-تىنىڭلاپ باققان...

تونىيا بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن، كوزمىچېۋانىڭ بېشى لوقۇشۇپ ئاغرىپ كەتتى. ئۇ بىر تال ئانالگىن يېدى، ئاندىن يەنە بىرنى يېدى، بىر ئىستاكان ئىسسىق قەھۋە ئىچتى، شۇنىڭدىن كېيىنلا سەل يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى.

نىشان ناھايىتى ئېنىق بولغانىدى.

## 10 توپتوغرىسىنى ئېيتىش

كوروليوۋنىڭ ئىشخانىسى. كوزمىچېۋا ئىشىدىن دوكلات بېرىۋېتىپ مۇنداق دېدى:

— گېنېدكوۋ سۈرەتنى كۆرۈپلا ساتىراش ۋلادىمىر شاروۋنى تونۇدى.

— يېڭىلىشمىغاندۇ؟ ھېلىقى كۈنى دېرىزىدىن كۆرۈۋاپتىكەن جۇمۇ.

— ئۇ تاغمىز ئىشتا بىخەستىلىك قىلمايدىكەن، بۇرۇن رازۋېتچىك بوپتىكەن. ئۇنىڭغا ئادەملەر ئەتىگەندە ئىشقا كەتكەندە ساتىراشخانا ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرسىڭىز دەپ ئىلتىماس قىلسام، ئۇ قىلچە سۆرەلمىلىك قىلماي باردى، شۇڭا شاروۋنى تونۇۋالدى.

— ئۇنىڭ ساتىراشخانا ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈشى سۈرەتنى كۆرۈشتىن بۇرۇن بولغان ئىشمۇ، سۈرەتنى كۆرۈشتىن كېيىن بولغان ئىشمۇ؟

www.uyghurkitap.com

— سۇرەتنى كۆرۈشتىن بۇرۇن. لېكىن بۇ ھېچقانداق مەسلىنى چۈشەندۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. شاروۋ بىنادىن سومكا كۆتۈرۈپ چىقـقان تەقدىردىمۇ ھېچقانداق ئىش ھەل بولمايدۇ. ئۇ سۆيگىنىمنىڭ ئۆيىدە ئولتۇردۇم دەيدۇ ـ دە.

— ئۈچىنچى رايونغا بارىدىغان پويىز بېلىتى ھەققىدىكى ئىشنىڭ ئاخىرىنى چىقاردىڭلارمۇ؟ — سورىدى كوروليوۋ، — پېلېدىركىنودىكى ھېلىقى تۇغقىنىنىڭ ئەھۋالى ئېنىق بولدىمۇ؟

— ھازىـرچە ئېنىـق ئەمەس. ئومۇمەن، بىر بېلەتـتىن باشـقا ماددىي ئىسپات يوق. ئاساسلىقى لۇساكوۋانىڭ بۇ ئەنزىگە قانـداق ـ لارچە چېتىـلىپ قېلىـشى كاللامـدىن ھېـچ ئۆتـمەيۋاتـىدۇ. ئۇنىڭ مۇددىئاسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. قىلـغان ئىشـى ئۈچۈن ئۇنىڭغا پارىژغا بارىدىغان ئايروپىـلاننىڭ بېلىتـىدىن بىرنى بەرگەن بولسا، بۇ چۈشىنىشلىك بولاتتى.

— بىركىـم ۋەدە بەرگەن بولۇشى مۇمكىن، — دەپ ئولـتۇرغان ـ لارنىڭ سەمىگە سالدى پېترووۋ.

— كىم؟ ساتىراش شاروۋمۇ؟ ئۇ كونسۇلخانىنىڭ ئادىمى بولمىسا.

كۇزىمچېۋانىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان، پارقىراق رەختتىن كىـيىم كىيىۋالغان سارغۇچ چاچلىق قىز قورقۇمسىراپ تۇرسىمۇ، يۈز ـ كۆزىگە كۈچەپ كۈلكە يۈگۈرتەتتى. سول قولىدىكى ئۈزۈكـنى ئوڭ قولـىدا ھە دەپ تاتىلايتتى.

— لۇساكوۋا مارىـيانا ئالېكـسېيېۋنامۇ سىـز؟ — دەپ سورىـدى كۇزىمچېۋا.

مارىيانا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— سىز كۇردىيۇمۇۋا گارىنىنانى تونۇمسىز؟
مارىيانا يەنە بېشىنى لىڭشىتتى.
— تونۇيدىكەنسىز ـ دە؟
— ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان.
— پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇرامسىلەر؟
— خېلى كۆپ كۆرۈشۈپ تۇرىمىز.
— نازاروۋا ئالېكساندرا ستېپانوۋنانى تونۇمسىز؟ ئۇنىڭ قوشنىسى بولىدۇ.
— تونۇيمەن، — دېدى مارىيانا پىچىرلاپ.
— ئۇنىڭ يېنىدىن روگوزىنلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى نېمىشقا ئېلىپ كەتتىڭىز؟
— ئالمىدىم.
— ئالدىڭىز، يەنە كېلىپ سىز ئاچقۇچنى ۋلادىمىر شاروۋغا بەرگەن.
— ھېچنېمە ئالمىدىم مەن.
قىزغا يالتىنىدە بىرقارىغان كۇزمىچېۋانىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالغىلى تاسلا قالدى. بۇ قىزنىڭ نېمىنى كۆزلەپ جىنايەت يولىغا ماڭغانلىقىنى كۇزمىچېۋا ھېلىغىچە بىلمىگەنىدى.
9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئەتىگەنىدە شاروۋ سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە بارغانمۇ؟
— ئۇ چاغدا مەن ئىشتا ئىدىم.
— دۇرۇس، سىزنىڭ ئىشتا ئىكەنلىكىڭىز راست، بىراق، سائەت ئوندىن ئۆتۈشكىلا شاروۋ يوغان سومكا كۆتۈرۈپ بىنادىن چىقتى.
مارىيانا دولىسىنى كۆتۈرۈپ قويىدى.
— بۇنى مەن ئۇقمايمەن. تاماكا چەكسەم بولامدۇ؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئىي ئادرېسى

— بولمايدۇ، — دېدى كۆزىمچېۋا، — مەن تاماكا ئىسى بار يەردە تۇرالمايمەن.

"پەرىزىمدىكىدىنمۇ كاجراق قىز ئىكەن. ئەمما، مەندە ئىسپات بولالىغۇدەك پاكىتمۇ راستلا ئازراق بولۇپ قالدى" دەپ ئويلىدى كۆزىمچېۋا.

— مارىيانا ئالېكسېيېۋنا، يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلەرنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى سوراقشتۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلىسىز. شۇنداق تۇرۇپ، نېمىشقا گەپنىڭ راستىنى دېمەيسىز؟ ئۆيگە كىرىپ نەرسە ئوغرىلاشقا راست قاتناشقانلىقىڭىزنى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس.

— ھېچكىمنىڭ بىرنېمىسىنى ئالغىنىم يوق، — دېدى مارىيانا، مارىيانانىڭ كالپۇكلىرى تىترەيتتى.

— بولدى! — كۆزىمچېۋا كۆنۈپكىنى بېسىۋىدى، نۆۋەتچى كىردى، — بۇ ئايالنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭ، دېمىنى ئېلىۋالسۇن، تاماكىسىنى چېكىۋالسۇن، شاروۋنى بۇ يەرگە كىرگۈزۈۋېتىڭ.

بىردىنلا، مارىيانانىڭ يۈزى تاتىرىپ كەتتى، ئۇ بىرنېمىنى سوراشقا تەمشىلىپ، ئۆزىگە ھاي بەردى-دە، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

شاروۋ ئېگىز بويلۇق، ئورۇق-ئاۋاق، قارا چاچلىق كىشى ئىدى. "چىرايلىق يىگىت ئىكەن" دەپ ئويلىدى كۆزىمچېۋا. مارىيانا ئۇنىڭغا تەگكەن بولسا ئوبدان بوپتىكەن، ئۇنىڭدا پۇل دېگەن بار، مارىيانانى قونچاقتەك ياسىۋېتەتتى. شاروۋمۇ كۆزىمچېۋاغا سەپسالدى، ساتىراشلارغا خاس ئادەت بويىچە كۆزىمچېۋانىڭ چېچىنىڭ پاسونىنى ياراتمىدى. بەزى ئاياللار چېچىنى ئوبدان ياساپ قويامدىكىن دەپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ناىناقلاپ ھالى قالمايتتى.

www.uyghurkitap.com

بۇنداق ئاياللارنىڭ چىرايلىق گەپلىرىنى تولا ئاڭلاپ پىشىپ كەتكەن شارۇۋ ئاياللارغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارايتتى.

— 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى نېمە ئىش قىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى كۆزىمچىۋا.

— 2 ـ كۈنى؟ يادىمدا يوق.

— يادىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ.

— 2 ـ چىسلا؟ شۇ كۈنى دەم ئالغان ئوخشايمەن. بىر ئىش قىلغىنىم يادىمدا يوق، دەم ئالدىم.

— كېيىۋ ۋوگزالىدا نېمە ئىش قىلدىڭىز؟

— ھە، راست، داچىغا بارغان!

— مېھماندارچىلىققىمۇ؟

— شۇنداققۇ دەيمەن، تۇغقانلارنىڭكىگە ئولتۇرۇپ كەلگىلى بارغان.

— نەگە باردىڭىز؟

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟

— بۇ ئىشخانىدا سوئال سوراشقا مېنىڭلا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىم سىزگە مەلۇمدۇ؟ نەگە باردىڭىز؟

— پېلېدىركىنوغا باردىم.

"پويىز بېلىتى مۇشۇنىڭ ئىكەن، — دەپ ئويلىدى كۆزىمچىۋا، — يەنە بويىمۇ توغرا كېلىدىكەن."

— 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نېمە ئىش قىلدىڭىز؟

— ئىشقا باردىم.

— ئەتىگەندىن باشلاپ ئىشلىدىڭىزمۇ؟

— ياق، مەن ئىككىنچى سمېنىدا ئىشلىدىم.

— ئەتىگىنى نېمە قىلدىڭىز؟

— ئۇخلىدىم، مەن ئۇيىقۇچان. — شۇنداق دەۋېتىپ كۈلۈپ كەتتى ئۇ چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ.

— 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى سائەت ئوندىن ئۆتۈشكە سىز تونۇشىڭىز مارىيانا لۇساكوۋالارنىڭ بىناسىدىن چىقتىڭىز.

— ئۇقۇشماسلىق بولۇۋاتىدىغۇ دەيمەن. مېنى بىركىمگە ئوخشىتىپ قالغان ئوخشايسىز.

— ئىككى ئادەم گۇۋاھ.

— مارىيانانىڭكىگە بارغان بولسام بارغاندىمەن.

— نېمە قىلغىلى باردىڭىز؟

شاروۋ كۈلدى.

— قۇرۇق پاراڭ سېلىشقىلى.

— ئەمما، بۇ چاغدا ئۇ ئىشتا تۇرسا.

— ھە راست...ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىگەندىن كېيىن كېتىپ قالدىم.

— كۆتۈرۈۋالغان سومكىڭىزدا نېمە بار ئىدى؟

— سومكىدا؟ ھە، توغرا، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ئارقىدىنلا كىرخانىغا بېرىشنى ئويلىغانىدىم.

— باردىڭىزمۇ؟

— بارمايچۇ.

— قايسى كىرخانىغا؟ ئورنى نەدە؟ نېمە يۇدۇردىڭىز؟

— بىزنىڭ ساتىراشخانىنىڭ يېنىدا بىر كىرخانا بار.

— سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزنى تولۇق تەكشۈرۈپ، راست - يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىمىز. سومكا ئۆزىڭىزنىڭمۇ؟

www.uyghurkitap.com

— خەقنىڭكىنى ئىشلىتىپ نېمە قىلاي.

— سومكا ھازىر نەدە؟

— بىر يەردە قويۇپ قويدۇمغۇ دەيمەن. ئىشلىگەن يېرىمدە قالغان چېغى.

— شۇ كۈنى روگوژىنلارنىڭكىگە ئوغرى كىرگەن. ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆي لۇساكوۋانىڭ ئۆيى ئىكەن.

— ئۇلارنىڭ نەرسىسىنى سەن ئالدىڭ دەپ مېنى ئوغرى كۆرۈۋاتامسىز؟ — شاروۋ تەھدىت سالغاندەك سۆزلىدى.

— ھەئە. بۇ ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى لۇساكوۋا سىزگە بېرىپتىكەن.

— يالغان ئېيتىدۇ، مەن دېگەن ياۋاش بىر ئادەم.

— نەچچىنچى نومۇرلۇق ئاياغ كىيىسىز؟

— 43 ـ نومۇرلۇق. بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟

— خۇپسەنلىك قىلىش يارىمايدۇ. — كۇزىمچېۋا تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ، نومۇرنى چۆرىدى. — پېترووۋ! ساتىراشخانا يېنىدىكى كىر-خانىدىن ئۇقۇشۇپ بېقىڭ، گىراژدان شاروۋ 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نېمىلەرنى يۇيغۇزدىكىن.

— كىرخانىدىكىلەر تونۇش بولغاچقا، ماڭا ھۆججەت بەرمىدى.

— ئەمىسە، كىيىمنى كىمگە بەردىڭىز؟ — دەپ سورىدى كۇزىمچېۋا سوغۇققىلا.

— ئېتىنى بىلمەيمەن. دائىم ماڭا چېچىنى ياستىدىغان بىر ئايال كىرلىرىمنى ئېلىپ قالغان... ئۇ ئايال خەق بىلىپ قالمىسۇن دەپ ھۆججەت بەرمەيلا ئېپقالدى.

كۇزىمچېۋا يەنە تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى.

— پېترووۋ! تېخى ماڭماپسىزغۇ؟ ھۆججەت بەرمەيلا كىرنى

ئېپقاپتۇ. شاروۋ، سومكىدا نېمە بار ئىدى؟
شاروۋ قاپىقىنى تۈرۈپ قويۇپ جاۋاب بەردى:
— چاپان بىلەن پەلتو.
— چاپان بىلەن پەلتو، — دەپ تەكرارلىدى كۈزىمچىۋا تۈرۈپكىغا.

## 11. ئەنزىنىڭ ئېنىقلىنىشى

— مۇنداق گەپ، لۇساكوۋا، — دېدى كۈزىمچىۋا، — شاروۋ ئوغرىلىق ئەنزىسى كۆرۈلگەن كۈنى ئەتىگەندە يەنى 9 – ئاينىڭ 5 – كۈنى سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە بارغىنىدىن تېنىۋالمىدى.
— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟
— سىزنىڭ ئىشتا ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ تۇرۇپ، سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە بارغىنى نېمىسى؟
— مەن نەدىن بىلەي؟
— نېمە بولدى، ئۇرۇشتۇڭلارمۇ؟
— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟
— شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپمۇ قويمايدى-غان، ئۆيىڭىزگە بېرىپ ئولتۇرۇپمۇ كەلمەيدىغان بولدى.
— بۇ ھېچ گەپ ئەمەس.
— نېمىشقا سىزنىڭ سومكىڭىز ئۇنىڭدا تۇرىدۇ؟
— نېمە ئۇ سومكا دېگىنىڭىز؟
— ئۇ بىنادىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن سومكىچۇ.
— سىز نېمىگە ئاساسەن بۇ سومكىنى جەزمەن مېنىڭ دېدىڭىز؟
— موزدوز فېئودور ئابراموۋىچ تونۇۋالدى.

— مەن ھېچنېمە بىلمەيمەن، ...ئۇ كۈنى مەن ئىشتا، ...نەدىن بىلەي...

— ئەمما سىز ئاچقۇچنى نازاروۋانىڭ ئۆيىدىن ئوغرىلىغان.

مارىيانا بىردىنلا ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى، كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ئىز قالدۇرۇپ مەڭزىدىن سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى. ئۇ يۈزىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈشكە باشلىدى، تېنى دىر-دىر تىترەيتتى.

— يېشىڭىزنى سۈرتۈڭ... قول ياغلىقىڭىز بارمۇ؟

مارىيانا كىچىك سومكىسىدىن قول ياغلىقنى چىقاردى. كۈزىمچېۋا ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ، شىرەگە قويدى-دە، گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىز ماسلاشمىسىڭىز، شاروۋ ئۆيگە كىرەلمەيتتى، ئۆيگە كىرگەن ئادەم شاروۋ. ئۆيدە ئۇنىڭ ئاياغ ئىزى قالغان، يەنە كېلىپ پويىز بېلىتىمۇ قالغان. ئۇنىڭ بىنادىن چىققانلىقىنى كۆرگۈچىلەر بار. ئۇ سومكىدا كىرخانىغا ئاپىرىپ بېرىدىغان كىر-قات بار ئىدى دەپ تۇرۇۋالدى. ئەمما، ئۇ ھېچنېمە يۇيغۇزمىغان. ئۇ نېمىشقا راست گەپ قىلمايدۇ، بۇنىڭغا سىز قانداق قارايسىز؟

— مەن نەدىن بىلەي؟ — مارىيانانىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى.

— سىز ئىشقا كەتكەن، ئۇ بولسا سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە قالغان... ئاندىن ئۇ روگوژىنىنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ كىرگەن... پەيغەمبەر رەسىمنى ۋە پۇلنى ئېلىپ چىقىپ، سىزنىڭ سومكىڭىزغا سالغان، روگوژىنىنىڭ ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە قويۇپ قويغان. ئاخشىمى، سىز ئاچقۇچنى نازاروۋانىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ، ئۆز جايىغا قويۇپ قويغان.

— مەن روگوژىنىنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىم يوق.
— ئاچقۇچنى ئۇنىڭغا سىز بەرگەنغۇ؟
— شۇنداق قىلغىنىمغا نېمە چارە كۆرسىلەر؟ — قىزارغان ۋە نېمىشقىدۇ ھازىر بۇرۇنقىدىن چىرايلىق كۆرۈنگەن يۈزىنى يۇقىرى قىلىپ سورىدى مارىيانا.
— سىز مۇشۇنداق قىلىپ نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى، مارىيانا؟
— ۋولودەنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، بىر چەت ئەللىك ئايال بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم... بۇ ئايال دائىم ۋولودەگە چېچىنى ياستىدىكەن. تونىيا ئۇچرىغانلا ئادەمگە: ئاتا ـ ئانامدا پەيغەمبەرنىڭ 14 ـ ئەسىردىكى رەسىمى بار... ئىنتايىن ئاڭسۇق رەسىم، دەپ يۈردى. ئۇنىڭدا پەيغەمبەر رەسىمىنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسمۇ بار ئىكەن، ھەممەيلەنگە كۆرسەتتى. مارى ئىسىملىك بۇ چەت ئەللىك ئايالنىڭ ئۆيىگە بىركۈنى ۋولودە ئىككىمىز مېھمان بولۇپ بارغاندۇق، ئۇ ئايال: "ھەي، مۇشۇنداق پەيغەمبەر رەسىمى مەندە بولسا دەپ يۈرەتتىم، سىلەر دەپ باقساڭلار، ماڭا سېتىپ بەرسە. نېمە دېسە تارتىشماي بېرىمەن" دەپ يالۋۇردى. مەن: ماڭا ھېچنېمە لازىم ئەمەس، ئۇلارنىڭ ساتمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن، دەپ جاۋاب بەردىم. كېيىن ۋولودە ماڭا: مارى پەيغەمبەر رەسىمىنى قولغا كەلتۈرۈشۈمگە ھە ـ ھۇ دېيىشسەڭلار، چەت ئەلگە چىقىشقا ۋىزا ئەۋەتىپ بېرىمەن، چەت ئەلدە تۇغقىنىڭلار بار بولىدۇ، چەت ئەلگە چىقالايسىلەر، دېگەنىدى دېدى. ۋولودە: چەت ئەلگە چىقسام، ساتىراشخانا ئاچىمەن دېدى...دەسلەپتە ئىشەنگۈم كەلمىدى، ئەمما مارى تولۇق ئىشەنچ بىلەن ۋىزىنى چوقۇم ئالىسىلەر دەپتۇ، تېخى جىق پۇل بەرمەكچىمۇ بوپتۇ. ئەمما، روگوژىنلارنىڭ

پەيغەمبەر رەسىمنى ساتمايدىغانلىقنى بىلەتتىم، شۇڭا...

— شۇڭا نېمە قىلدىڭىز؟

— شۇرا ھەدىسدە ئاچقۇچ بارلىقنى بىلەتتىم...شۇنىڭ بىلەن... بولغان ئىشنىڭ ھەممىسى شۇ... ئىشقىلىپ، روگوژىن ئەر-خوتۇنغا پەيغەمبەر رەسىمى لازىم ئەمەس... ۋولودەنىڭ پۇلنى ئالغانلىقىنى بىلمەيمەن، پۇلنى ئېلىش ياخشى ئەمەس، ئەلۋەتتە.

— پۇل ئوغرىلاش ياخشى ئەمەس ئىكەن، پەيغەمبەر رەسىمنى ئوغرىلىسا بولامتىمۇ؟

— بۇ خۇراپاتلىق. پەيغەمبەر رەسىمگە ئەخمەقلار چوقۇنىدۇ ياكى كۆزنى قىزارتىدۇ.

— بۇ دېگەن دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسى. روگوژىن بۇ رەسىمنى ترېدياكوۋ گۈزەل سەنئەت سارىيىغا بېرىڭلار دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغان.

— نېمىشقا دەرھال بېرىۋەتمەپتۇ؟

— پەيغەمبەر رەسىمگە قاراشنى ئاتا-ئانىسىنى خاتىرىلەش دەپ ھېسابلىغاچقا، — كۆزىمچىۋا بىرپەس سۈكۈتتىن كېيىن سورىدى، — رەسىم نەدە؟ شارۇۋ رەسىمنى ھېلىقى چەت ئەللىك خوتۇنغا بەردىمۇ؟ بۇنى بىلەمسىز؟

مارىيانا بېشىنى چىڭ چايقىدى.

— ياق. ئۇ خوتۇن كۆرۈپ باقتى. بىز ئۇ خوتۇن بۇ ئىككى رەسىمنى ياراتمىسا، روگوژىننىڭ ئۆيىگە چاندۇرماي قايتۇرۇپ ئاپىرىپ قويايلى، دەپ كېلىشكەن.

— ئۇنىڭغا ياردىمىۇ؟

مارىيانا بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەمما ۋولودە:ۋىزىنى كۆرمەي تۇرۇپ رەسىمنى ھەرگىز بەرمەيمىز، رەسىمنى چەت ئەلگە مىڭىش ئالدىدا بېرىمىز دېگەن...
— پەيغەمبەر رەسىمى نەدە؟
— ئۇ تۇغقىنىنىڭ داچىسىغا سۇقۇپ قويىدى...
— پىلىپدىر كىنودىمۇ؟
— ئۇ سىزگە دېدىمۇ؟
كۆزىمچىۋا ئۇن چىقارمىدى.
— ئېيتىڭا، — دېدى مارىيانا كۆلمەكچى بولۇپ، ئەمما ئۇنىڭ چىرايى پۈرۈشۈپ كەتتى، — مېنى نېمە قىلاي دەيسىلەر؟ قولىغا ئالمايدىغانسىلەر؟
كۆزىمچىۋا جەينىكىنى شىرەگە تىرەپ، مۇشتۇمىنى تۈگۈپ، مۇشتۇمنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ ئولتۇراتتى.
— ئەجەبا سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىز ناچارمىدى، مارىيانا؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئىچى سىيرىلىپ.
— مەن ھەقىقىي تۇرمۇش پەيزىنى سۈرمەكچى، — دېدى قىز قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىپ، — بىلەمسىز، مەن كەڭ - كۇشادە، چوڭ ئۆيدە ئولتۇرسام، سەيلى - ساياھەت قىلىپ تۇرۇشقا پۇزۇر پىكاپىم بولسا دەيمەن... ئەمما، بۇ يەردە بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشكىلى بولامدۇ؟ ئىش مەززىسىز، ئۆي ئەبجەق، سەرەمجان ناچار، ئاياللار كىيىدىغان ئىشتانپايپاقنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ...
— چەت ئەلدىمۇ ساياھەت قىلىش، ئۆي - جاي سېتىۋېلىش، پىكاپ سېتىۋېلىشقا پۇل بولمىسا بولمايدۇ.
— ئۇ يەردە نەرسە - كېرەك بەك ئەرزان ئىمىش، ئۇقتىڭىزمۇ؟ ئىشسىز بىر ئادەمگە ئېيىغا بېرىلىدىغان قۇتقۇزۇش پۇلىغا "ئايال

غەۋۋاس" ماركىلىق كىيىمدىن يۈزنى ئالغىلى بولىدىكەن. ئانام مۈشۈنداق دەپ بەرگەن، گېزىتتىنمۇ كۆرگەنىدىم...— قىز راسا بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ، ئورۇندۇقتىن تۇردى، — كەتسەم بولامدۇ؟

كۆزىمچىۋا ياق دېگەن مەنىدە بېشىنى چايقىدى.

— گۇناھىڭىز ئېغىر، لۇساكوۋا، سىزنى سولاشقا توغرا كېلىدىغۇ دەيمەن.

(«روسىيە — سوۋېت ئەدەبىياتى»
ژۇرنىلىنىڭ 1987 — يىللىق 5 — سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇللا ئابلىز
تەرجىمە تەھرىرى: ئوسمان موللەڭ

www.uyghurkitap.com

# ليۇباۋا

## ۋ. سۇكاچېۋ

### 1

ئاخىرقى ياز كۈنلىرى. ئاق تېرەكلەرنىڭ ئۇچلىرى بىرىنچى بولۇپ يېقىملىققىنا سۇس سېرىق رەڭ ئالدى، ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئوتتۇرا مەكتەپ قورۇسىدىكى ئاق قېيىنلارمۇ گويا قىزىق قوياش نۇرى تەپتىدىن يالقۇنجاۋاتقاندەك ۋاللىداپ پارقىراشقا باشلىدى. خىزمەتتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتقان ليۇبوكا[1] يول ئۈستىدە كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىلەرگە ئانچىكىلا سەپسېلىپ كېلەتتى، ئۇنىڭ قەلبىنى قانداقتۇ بىر قايغۇ قاپلىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا — دەل مۇشۇ كۈنلەردە دادىسى بىلەن بېلىق تۇتقىلى بارغانلىقىنى ئىختىيارسىز ئەسلەپ قالدى. ئۇ شۇ قېتىم دادىسى، دادىسىنىڭ ئاغىنىسى — ئورمانچىلىق شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋىياچېسلاۋ ئىۋانوۋىچ كۇدېلكوۋ بىللە ئورمانچىلىق شىركىتىنىڭ كېمىسىگە ئولتۇرۇپ، ئامۇر دەرياسىدىن ئۆتۈپ، دەريانىڭ بىر شاخاپچىسىغا بارغانىدى. ساپسېرىق لاي سۇ يۈزىدە

[1] ليۇباۋا، ليۇبوكا ۋە كېيىنكى بەتلەردە ئۇچرايدىغان ليۇبا دېگەنلەر ھېكايىمىزنىڭ ئايال باش قەھرىمانى ليۇبوۋنىڭ ئەركىلەتمە ۋە كىچىك ئىسىملىرى.

سۆگەت يوپۇرماقلىرى مىغىلداپ خۇددى ئالتۇن رەڭلىك قولۋاق-
لاردەك لەيلىشىپ يۇرەتتى. ئۇلار كىمنىڭ كەينى تەرىپىدە ئۇلتۇ-
راتتى، لېۇبوكانىڭ دادىسى ۋىياچېسلاۋدىن سورىدى:

— سلاۋا①، بىلەمسەن، يوپۇرماقلارنىڭ بىراقلا تۆكۈلۈشكە
باشلىغانلىقى نېمىدىن بېشارەت؟

ۋىياچېسلاۋ سۇدا لەيلەپ يۇرگەن يوپۇرماقلارغا قارىغىنىچە بىر
پەس ئويلاندى، ئاندىن خىجىل بولغان قىياپەتتە كۇلۇپ قويۇپ
بېشىنى چايقىدى.

— بۇ بۇ يىل قىشنىڭ بالدۇر كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت، —
دېدى لېۇباۋانىڭ دادىسى ئۇنىڭغا قاراپ، — بېلىق تۇتىدىغان
ئادەم بۇ ساۋاتتىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك.

كېيىن ئىككىيلەن ئورمانچىلىق شىركىتىنىڭ كەسپىي ئىشلىرى
ھەققىدە پاراڭلاشتى. دادىسى ۋىياچېسلاۋغا ئورمانچىلىق ساھەسىگە
دائىر بەزى بىلىملەردىن ساۋاق بەرگەندەكمۇ قىلدى، بىراق ئۇنىڭ
ئېنىق مەزمۇنى لېۇبوكانىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۇلۇپ كەتكەنىدى.
يوپۇرماقنىڭ تۆكۈلۈشى، قىشنىڭ بالدۇر كېلىشى ھەققىدىكى گەپلەر
بولسا ئۇنىڭ خاتىرىسىدە چىڭ ساقلىنىپ قالغانىدى، ئۇ بۇ گەپلەرنى
ھامان ئېسىدە ساقلاپ كېلىۋاتاتتى، ھەتتا دادىسىنىڭ شۇ چاغدىكى
قىياپىتى، ۋىياچېسلاۋنىڭ ئوڭايسىزلىنىپ بېشىنى چايقىغانلىقىمۇ
ھېلىغىچە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. ئۇ مۇشۇ تەپسىلاتلارنى
ئېسىدە نېمىشقا شۇنچە چىڭ ساقلاپ كەلدى؟ بەلكىم بۇ ئۇنىڭ
شۇ يىلى كۆزدىن باشلاپ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئوقۇشتىن قالغان-

---

① ۋىياچېسلاۋنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.



www.uyghurkitap.com

لىقىدىن ۋە ياكى شۇ بېلىق تۇتۇشنىڭ دادىسى بىلەن بىللە ئاخىرقى قېتىملىق بېلىق تۇتۇش بولۇپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك...

ليۇبوكا ئۆيگە كىرىش ئالدىدا، تىپتىنچ ئېقىۋاتقان كەڭ ئامۇر دەرياسىغا غەمكىن نەزەر تاشلاپ، پەلەمپەيدە بىر پەس تۇرۇپ قالدى. كۆز يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى، دەريادا سۇ سۈزۈلۈپ قالغانىدى، هاۋانىڭ تىنىقلىقىدىن يىراق-يىراقلاردىكى مەنزىرىلەرنىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى، يىراقتىكى تاغلار كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، ئەينى هالىتىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى...

ليۇبوكا ھۆل دەسمال بىلەن نەرسە-كېرەكلەرنى سۈرتۈشتۈرۈپ كېلىپ، مىكبىر خىياللار ئىچىدە مەرھۇم ئانىسىنىڭ سۈرىتى ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. توساتتىن كىمدۇ بىرى ئىشىكنى چەكتى. ئۇ سۈرەتتىن تەستە كۆزىنى ئۈزدى-دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپ: "كىرىڭ!" دېدى.

— ياخشىمۇ سىز؟ — ليۇبوكانىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ۋاقىتىدىكى ئوقۇتقۇچىسى مارىيە ئىئوسىفوۋنا تۇراتتى. ئۇ سۇرلۇك، ئەمما كېلىشكەن ئايال ئىدى. ليۇبوكا دەرسخانىدا ئۇنىڭ قاتتىق تەلەپ بىلەن باشقۇرۇشى ئاستىدا قورۇنۇپ-قىسىنىپ ئېھتىيات بىلەن تويتوغرا بەش يىلنى ئۆتكۈزگەنىدى. بۈگۈن ئۇ ئوقۇتقۇچىسىنى كۆرۈپ، يەنە ئەينى يىللاردىكىدەك قورۇنۇپ كەتتى.

— ياخشىمۇسىز، مارىيە ئىئوسىفوۋنا، — دېدى ليۇبوكا بوش ئاۋازدا.

— سىزنى ئىزدەپ كېلىپ قالدىم، بوپتۇمۇ؟

— ئەلۋەتتە، — ليۇبوكا ئېسىنى يىغىۋالدى-دە، ئاشخانىغا كىرىپ پايپېتەك بولۇشقا باشلىدى. ئۇ كىچىك ئورۇندۇقتىن بىرنى ئېلىپ چىقىپ مېھمانغا قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، شىرەدىكى ئاش-تاماق قالدۇقلىرىنى سۈرتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن يەنە نېمىلەرنىدۇ قىلماقچى بولدىيۇ، قىلارغا ئىش تاپالماي قالدى.

— گەپ باشلاشقا ھېچلا تىلىم بارماي تۇرىدۇ، — دېدى ئوقۇتقۇچى ئورۇندۇقنىڭ قىرىدا يېنىچە ئولتۇرۇپ. ئۇ بېشىدىكى ياغلىقنى ۋە چاپىنىنىڭ يۇقىرىقى تۈگمىسىنى ئاستا يەشتى. سېرىلىپ دولىسىغا چۈشكەن ياغلىقنى بىر بۇرجىكىدىن تۇتۇپ ئېلىپ تىزىغا قويىۋالدى. ئوقۇتقۇچى قويۇق قوڭۇر چېچىنى رەتلىك قىلىپ چىڭ تۈگۈۋالغانىدى؛ چېچىنىڭ بۇنداق تۈگۈلۈشى ئۇنى سۈرلۈك، ئۇقۇمۇشلۇق ھەم بىرئاز غەمكىن كۆرسەتتى. ئۇ مۇشۇ ھالىتىدە باشقا كىمدۇ بىرىگە ئوخشاپ قالغانىدى. زادى كىمگە ئوخشاپ قالغان؟ ليۇبوكانىڭ بۇ ھەقتە ئويلىنىشقا چولىسى تېگەتتىمۇ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزى ئوقۇتقۇچىنىڭ چېچىدىكى بوشاپ يىرىمى كۆتۈرۈلۈپ قالغان تارغاققا چۈشۈپ تۇراتتى. ليۇبوكا ئۇ تارغاقتىن بۇ ئايالنىڭ نەقەدەر قاتتىق بىئاراملىق ئىچىدە قالغانلىقىنى بايقىدى؛ ئادەتتە ليۇبوكا كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرسا بەكمۇ راھەتلىنىپ كېتەتتى. بىراق، ئوقۇتقۇچىسىغا ئۇنىڭدا ئولتۇرۇش تولىمۇ بىئەپ بولۇۋاتقاندەك ئىدى...

— بىراق، قانداقلا بولمىسۇن ھەممە گېپىمنى دەۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ.

— ماقۇل، مارىيە ئىئوسىفوۋنا، دەۋېلىڭ، — دەپ جاۋاب بەردى

لىيۇبوكا ئوقۇغۇچىلاردەك ئىنتائەتمەنلىك بىلەن.

— سىزمۇ ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئوقۇتقۇچى ۋە بىر ئوھسىنىۋالدى، — بولمىسا، مەن ئولتۇرۇپ، سىز ئۆرە تۇرسىڭىز سەت تۇرىدىكەن.

لىيۇبوكا ئىچكىرىكى ئۆيدىن بىر يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق ئېلىپ چىقىپ ئولتۇردى. ئۇ مېھماننى كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ خېنىملاردەك يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىدىن ناھايىتىمۇ ئوڭايسىزلاندى. ئەسلىدە ئۇلار ئالمىشىپ ئولتۇرۇشسا بولاتتى. شۇڭا لىيۇبوكا ئىككى قولىنى ئىككى تىزىغا ئالماشتۇرۇپ قويۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئوقۇتقۇچى ئالدىدا ئەدەب-ئىكرام بىلەن ئولتۇردى.

— ۋىياچېسلاۋ ئىۋانوۋىچ سىزنىڭكىگە پات-پات كېلىپ تۇرامدۇ؟ — مارىيە ئىسىوسفۇۋنا لىيۇبوكانىڭ ئوچۇق جاۋاب بېرىشىگە تۈرتكە بولسۇن دەپ، گەپنى ئاددىي ھەم تەبىئىي قىلدى. بىراق ، ئۇ يەنە ئۆزەمدىن توپتوغرا ئون ياش كىچىك قىزغا بۇنداق سوئالنى قويۇشۇم ئابروييۇمنى چۈشۈرىدىغان ئىش بولماسمۇ دېگەن ئويغا كەلدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆزىنىڭ گېپى ئۆزىگە قوپال ھەم سوغۇق بىلىنىپ كەتتى. لىيۇبوكاغا بولسا بۇنداق تۇيۇلمىدى ۋە بۇنى ئۇ بايقىيالمىدى. چۈنكى ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسى مەن بۇ ئايالغا يۈز كېلەلمەيدىغان نېمە ئىش قىلىپ قويغان بولغىيدىم، ئۇنىڭ ئالدىدا بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغاندىمەنمۇ؟ دېگەن ئويلار بىلەن بەند ئىدى، ئۇ ئويلاپ-ئويلاپ ئۆزىدىن ھېچقانداق بىرەر سەۋەنلىك تاپالمىدى-دە، بۇنىڭدىن ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولدى.

تۇقۇتقۇچى بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى ئۇ مۇشۇنداق تۇيغۇلاردا بولغانىدى، مۇشۇنداق خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىدىن كەچكەنىدى، ھەتتا ئۇ بۇنىڭ بىلەن ئازابلانغانمۇ بولدى. ئەمما ھازىر بۇنداق تۇيغۇلار نەلەرگە كەتتىكىن.

— ھەئە، — ليۇبوكا ئارانلا ئاڭلانغۇدەك بوش ئاۋازدا جاۋاب بەردى-دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ، مېھماننىڭ سۇرلۇك كۆزلىرىگە تىكىلدى، ئاندىن تېخىمۇ بوش ئاۋازدا، — ئۇ پات-پات كېلىپ تۇرىدۇ، مارىيە ئىئوسىفوۋنا، — دېدى. ئۇنىڭ قىياپىتى ۋە ئاۋازىدىن گويا ئۇنىڭ ئۆزى ئىتىراپ قىلغان پاكىتتىن ئاغرىنىۋاتقاندەك ئىسكەنلىكى، بۇنداق ئاغرىنىشنىڭ ساددا ھەم سەممىي ئاغرىنىش ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ليۇبوكانىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان مارىيە ئىئوسىفوۋنا تەمتىرەپ قالدى. ئۇ چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ھېلىقى يېرىمى كۆتۈرۈلۈپ قالغان (ليۇبوكا كۆرۈپ قالغان) تارغىقىنى چىڭ قىلىپ قىستى، ئاندىن بايا يېشۋەتكەن تۈگمىلىرىنى ئەتەي تارتىپ تولغىنلى تۇردى. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يامان ئادىتىنى دەرھال بايقاپ قالدى-دە، قولىنى ئىتتىك چۈشۈرۈۋالدى، ئاندىن بىرھازاغىچە جىمىپ كەتتى.

ئۆيىنى جىمجىتلىق باستى، بىراق ھەر ئىككىيلەن بۇ ھالەتتىن نېمە ئۈچۈندۇ ئوڭايسىزلانمايتتى. مارىيە ئىئوسىفوۋنا مۇشۇ جىمجىتلىق ئىچىدە، ليۇبوكانىڭ تۇرمۇش جەھەتتە ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوقلۇقى، ھەم ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تونۇپ يەتمىگەنلىكى، ھەم باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بىلمەيدىغانلىقى، شۇنداقتىمۇ قۇربى يەتمەيدىغان ئېغىر روھىي يۈكنى زىممىسىگە ئېلىۋالغانلىقى ئۈستىدە ئىختىيارسىز ئويلاپ كەتتى. ليۇبوكا

بولسا ئۆزىنىڭ باشقىچە بىر ئوبرازىنى — روھىي جەھەتتە بەردەس كەلگەن، ئەمما يەنە ھەسرەتكە تولغان چوڭ ياشلىق بىر ئايالنى كۆردى، يەنە كېلىپ بۇ ھەسرەت ئۆز كۆڭلىدىكى ھەسرەت بىلەن دەل بىر يەردىن چىقىپ قالغانىدى. ئۆزىدىن يىراق ھەم ناتونۇش بولغان ليۇبوكانىڭ ئالدىدا بولسا ئۇچىسىغا ئاددىي كۆڭلەك، پۇتىغا پاشنىسى مايماق توپلى كىيگەن، ماگلىينىڭ ئوڭ يېقىغا بىر تۇتام قاپقارا چاچ ساڭگىلىغان بوگۇنكى ليۇبوكا تۇراتتى، بۇ ئىككى ليۇبوكانىڭ ئوبرازى قىزنىڭ كاللىسىدا بىرھازاغىچە تەڭ ساقلىنىپ تۇردى.

مارىيە ئىئوسفوۋنانىڭ ليۇبوكادىن سورايدىغان نۇرغۇن ئىشلىرى بار ئىدى؛ ئۇزاقتىن بۇيان بەزى پىتنە-پاسات گەپلەر تارقىلىپ يۈرەتتى، ئۇ باشتا بۇ گەپلەرگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدى، بىراق كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ئىشىنىپ قالدى-دە، ئۇنى بىر سۈرۈشتۈرۈپ تېگىگە يەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ ياش قىزنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنى، ۋىياچېسلاۋغا بولغان پوزىتسىيىسىنى بىلگۈسى كېلەتتى. بىراق، ئۇ بۇ ئەھۋاللارنى ئىگەللەپ كېتەلمىدى، ئۇنىڭ قارىشىچە، بۈگۈنكى كۈندە يەنە كۈچلاپ يۈرۈشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنىدى. ليۇبوكادىن سوراپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى، چۈنكى ئۇ بۇ قىزنى جاۋاب بېرىشتىن باش تارتارمىكىن دەپ ئەنسىرەپمۇ قىلمايتتى، بەلكى ئىچىنى پۇشۇرۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ئەمدىلىكتە كۆڭلى-كۆكسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەھۋالنى بارا-بارا چۈشىنىپ قالاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ليۇبوكانىڭ غېرىبلىق تۇيغۇسىنى ۋە شۇ غېرىبلىق تۇيغۇسى ئويغاتقان سادا، گۈدەكلەرچە مۇھەببەتنى ئاللىقاچان

www.uyghurkitap.com

بىلىپ يەتكەنىدى. شۇ ئاندا ئۇ ليۇبوكاغا زەن سېلىپ بىر پەس قارىۋالغاندىن كېيىن ياغلىقنى چىگدى ـ دە، سورىدى:

ــ ئۆيىڭىزدە ئەينەك بارمۇ؟

ــ بولمامدىغان، ــ بۇ سوئالدىن خۇشال بولغان ليۇبوكا لىككىدە ئورنىدىن تۇردى، ــ بىر چوڭ، بىر كىچىك ئىككى ئەينەك بار، چوڭى ئانامدىن قالغان، كىچىكىنى بۇلتۇر ئۆزەم سېتىۋالغان، ھېلىقى بىز شەھەرگە ئېكسكۇرسىيىگە بارغاندا ئالغان، ئېسىڭىز دەبارمىكىن؟... ــ ليۇبوكا شۇنداق دەپ كېلىپ ئالاقزادىلىك بىلەن بىردىنلا توختاپ قالدى، ئۇنىڭ يۈزى ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ئۆز ئۆيىدە ۋە كۆز ئالدىدا نېمە ئىش بولغانلىقنى ئەمدى تولۇق بىلىپ يەتكەنىدى.

ئۇ ئاستا قەدەم تاشلاپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى ـ دە، تامدىن ئەينەكىنى ئېلىپ، ئىككى قوللاپ تۇتقىنىچە مېھماننىڭ ئالدىغا كەلدى.

ــ رەھمەت، ــ دېدى مارىيە ئىئوسفوۋنا ليوبۇكاغا، ــ مېنى كەچۈرۈڭ... بۇ قېتىم كېلىشىم ...

ــ مەن ...مەن ... ــ ليۇبوكا نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولدى، بىراق مېھمان بىردىنلا ئۇنىڭغا قاراپ بىر خىل ھەسرەتلىك ۋە كەچۈرۈم قىلغان قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ قويدى ـ دە، ئۆيدىن جىم ـ جىملا چىقىپ كەتتى.

ليۇبوكا ئەينەكنى ئىككى قوللاپ تۇتقىنىچە مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدى. قولىدىكى ئەينەكتىن ئالاقزادىلىك ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان، باللارغا خاس بىر جۈپ كۆز ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

# 2

بۇ ئالەمدىكى ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇرۇن ليۇبوكا خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمىغان ئىشلار ئەمدىلىكتە ئۇنى بىئارام قىلماقتا ئىدى. مارىيە ئىئوسىفوۋنا گۇمانلىنىپ قالغان ھېلىقى ئىشنى ھەممە ئادەم دېگۈدەك بىلىپ كەتكەنىدى.

ئەتىسى ئىش ۋاقتىدا ليۇبوكانىڭ خىزمەتدىشى — مال ساتقۇ-چى ياش ئايال ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— بۇ يەرگە كەلگەن كىشى كىم ئۇ! ليۇبوكا، قارىغىنا، تا-لادىن كۆزۈڭنى ئۈزۈۋالالمايسەنغۇ! ئۇ ئادەم سېنى ئىزدەپ كەلگەن.

ئەمەلىيەتتە ليۇبوكا كەلگەن كىشىنى ئاللىقاچان كۆرگەنىدى. ئۇنى يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، كىنو ئېلان تاختىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرغان چېغىدىلا كۆرگەنىدى. بۇ كىشى ۋىياچېسلاۋ ئىدى. بىر-ئازدىن كېيىن ئورمانچىلىق شىركىتىنىڭ جەڭلىسى گىرىخوۋسكى يېتىپ كەلدى. ئىككىيلەن نېمىلەرنىدۇ دېيىشىپ قىسقىلا پاراڭلاش-تى. پاراڭ داۋامىدا ۋىياچېسلاۋ نېمە ئۈچۈندۇ ھەم خۇشال بولغان، ھەم ئەجەبلەنگەن ھالدا، ئۆزىنگىلا خاس قىياپەت بىلەن كۈلۈمسىرىدى. ليۇبوكا ئۇنى كۆرۈپ شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتىيۇ، بۇ خۇشاللىقنى ئاشكارىلاشنى خالىمىدى، ھەتتا ئۇ بۇ خۇشاللىقنى ئۆزىدىنمۇ يوشۇرماقچى بولدى. بىراق ئۆزىدىن قان-داقمۇ يوشۇرۇپ قالالىسۇن؟ ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پۈكەيدىن ئېتىلىپ چىقىپ ۋىياچېسلاۋ-

نىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىغا قارىغۇسى كەپكەتتى. ئەمما ليۇبوكا ئۇنداق قىلمىدى، ئەكسىچە كەينىگە ئۆرۈلۈپ تۇرۇۋالدى: ئۇنىڭ قەلبىنى ئەنە ئەشۇ خىزمەتداش بولۇپ باقمىغان بىر خىل قورقۇنچ قاپلىدى، ئۇ خىزمەتداش قىزلارنىڭ، ئايال ھەمراھلىرىنىڭ ۋە رازدورنويېدىكى ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۆزىگە خۇددى مارىيە ئىۋسفوۋناغا ئوخشاش قاراۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلىنىۋاتقان ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ مۇقەددەس سىرنىڭ ئۇلار ئالدىدا قىلچە قىممىتى يوق ئىدى، بۇ سىر ئۇلار ئۈچۈن سۆز-چۆچەك قىلىدىغان ۋە گۇمان قوزغايدىغان دەستەكتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ليۇبوكا مۇشۇلارنى ئويلاپ قورقتى. ھەم قورقتى، ھەم خىجالەت بولدى. بىراق، ئۇنىڭدىكى بۇ خىجالەتچىلىك بىرنەچچە مىنۇتقا بارمايلا يوقالدى-دە، ئۇنىڭ ئورنىنى بىردىنلا ئاچچىق بىر ئاغرىنىش ئالدى: ئۇ ئۆزىدىن ئاغرىندى، ھەمراھلىرىدىن ئاغرىندى، ئىشقىلىپ، دۇنيادىكى ھەممە نېمىدىن ئاغرىندى، ئۇنىڭ باشقا بىر يەرگە، ئادەمزات بارمايدىغان، ھېچقانداق گەپمۇ ئاڭلانمايدىغان، قايسىسى قۇرۇق گەپ، قايسىسى ياپتا گەپ، قايسىسى دارىتما گەپ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلايمەن دەپ ئاۋارە بولۇپمۇ يۈرمەيدىغان ئاللىقانداق بىر يەرگە قېچىپ كەتكۈسى كەلدى. ليۇبوكا بەزى گەپلەرنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان بولسىمۇ پەرۋايىغا ئالماي يۈرگەنىدى، ئەمدىلىكتە بۇ گەپلەرنىڭ تېگىدە نېمە بارلىقىنى بىلىپ يەتسە، قاتتىق ھارسىنماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە...

ليۇبوكا بۈگۈن ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدى. ئۇ ۋىياچېسلاۋنىڭ ھەربىر ئىكتىگە كۆزىنىڭ قىرىدا سەپ-

سېلىپ تۇراتتى: ۋىياچېسلاۋ باشتا دۇكاننىڭ ئاياغ كىيىم بۆلۈمىگە كىردى، ئاندىن فوتو ئاپپارات سايمانلىرى بۆلۈمىگە كىرىپ، ئۇ يەردە ۋېركا پېتروۋا بىلەن بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، كىيىم-كېچەك بۆلۈمىنىڭ پۇكىيى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ بەستلىك ئادەم بولۇپ، تەن قۇرۇلۇشى خۇددى ياش بالىلارنىڭكىدەك كېلىشكەندى، ئۇچىسىغا سۇس رەڭلىك شاماللىق كىيىپ، چېچىنى تازا كېلىشتۈرۈپ تارىۋالغاندى، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق تۇرقى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئەمما شۇ تاپتا ليۇبوكا ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىن قورقاتتى، ئۇ ئالدىمىغا كېلىپ نېمىلەرنىدۇ سوراپ قالسا، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەي سەتچىلىكتە قالسام قانداق قىلارمەن دەپ قورقاتتى.

ئۇ ئىچىدە قانداقتۇ بىر قارارغا كېلىپ قويدى، بايا، ۋىياچېسلاۋغا ئالاقىزادىلىك بىلەن قايغۇلۇق هالەتتە قاراپ تۇرغان چېغىدىلا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بولغانىدى؛ ئۇ مارىيە ئىئوسىفوۋنانىڭ ئۆزىنى توساتتىن ئىزدەپ كەلگەنلىكىدىن ۋىياچېسلاۋنىڭ خەۋەر تاپماسلىقى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلەتتى. ۋىياچېسلاۋنىڭ دۇكانغا بەلكىم دەل مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن كەلگەنلىكىنى، لېكىن دەرهال ئالدىغا كېلىپ قەلبىنى ئىزهار قىلىشقا ياكى باشقا پاراڭلارنى سېلىشقا پېتىنالمايۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ليۇبوكا قانداقتۇ بىر خىل يوشۇرۇن ئازاب ئىچىدە ۋىياچېسلاۋغا لاپپىدە يەنە بىر قارىدى-دە، گويا ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى بىلىپ يەتكەندەك، چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى، ئاندىن ئاستا بېسىپ باشقا بىر دۇكانغا كىرىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

# 3

كۈز، تاڭ سەھەر، ھاۋانىڭ سۈزۈكلۈكىدىن يىراقتىكى مەنزىرىلەرنىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئاسمان تىنىق ھەم كۆپكۆك ئىدى. سارغايغان يوپۇرماقلار ئاستا-ئاستا يەرگە چۈشمەكتە. كۆكتاتلىقنىڭ كەينىگە دۈۋىلەپ قويۇلغان ئوت-چۆپلەر ئاپتاپتا سارغىيىپ بارا-بارا ئولتۇرۇشۇپ باراتتى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىلا ئەلۋەك ياز كۈنلىرىدىن قالغان يېشىللىق ساقلىنىپ قالغانىدى.

بىركۈنى گۈگۈمدە بىر بۇغا كەنتكە يېقىنلاپ كېلىپ، زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ ئېقىۋاتقان دەريا بويىدا توختىدى-دە، قويۇق ھاۋانى قانغۇچە سۈمۈردى. ئۇ كېلىشكەن، گۈزەل بويىنىنى ئۇزۇن سوزۇپ، دەريا بويىدا خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن قويۇق ئورمان ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئورمان ئۇنى جىم-جىمغىنا قوينىغا ئالدى. ئوۋ مىلتىقى ئاسقان بىرنەچچە يىگىت ئۇنى قوغلاپ ئارقىدىن كەتتى، ئەمما ئۇزاققا قالماي قۇرۇق قول قايتىپ چىقىشتى — ئورمان ئۇلارنى قارشى ئالمىغانىدى. ئورمان بۇغىنى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان، كۈچلۈكلىرى غالىب كېلىپ ئەۋلاد قالدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغان كەسكىن ئۈسۈشۈش جېڭىگە قاتناشسۇن دەپ قوغداپ قالغانىدى.

لىۋبوكا سەھەر ئويغاندى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، مىتكانىڭ تەكشى ئېلىۋاتقان نەپەس ئاۋازىنى ئاڭلاپ خېلى ئۇزاق ياتتى. ئاندىن ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ئاشخانىغا كىردى. ئۇ قانداقتۇ بىر خىل غەمكىنلىك ئىچىدە يىراقتىكى قويۇق ئورمانغا قارىغىنىچە، تاماق شىرەسى يېنىدا ئولتۇردى، ئۇ جۇدەپ بۇرۇنقى گۈزەللىكىدىن قال-

غاندى، بىراق ئۇ بۇ ھالەتنى سەزمەيتتى، سەزگەندىمۇ كۆڭلىنى يېرىم قىلمايتتى. تېخى خۇشال بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ئۇ ئەتىگەندىلا ھارغىنلىق ھېس قىلدى، ئۆيىدىن چىقىپ، يەنە يىراق-يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ ئېگىز پەلەمپەيدە ئولتۇردى.

مىتكامۇ پەلەمپەيگە كەلدىيۇ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، ئەيمەنىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى. لىۋبوكا ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىققانلىقىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەك باسقانلىقىنى بىلىپ تۇردى. مىتكا بولسا لىۋبوكانى چۆچۈتۈۋەتمەي، خاپا قىلىپ قويماي دەپ، ئۇنىڭغا ئارقىسىدىن ئوغرىلىقچە بىر پەس قاراپ تۇردى. ئاندىن ئېھتىيات بىلەن پەلەمپەيدىن چۈشتى-دە، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، قولىغا پالتىنى ئالدى.

مىتكا ئوتتۇندىن بىرنەچچە تال يېرىپ تۇرۇشىغا ئانىسى ئويغاندى. ئانىسى دەرھال ئورنىدىن تۇردى-دە، كىيىنىپ، پەشتامىسىنى تارتىپ، ئىدىشتىن ئالدىراش بىرنەچچە ساپلىق سۇنى ئېلىپ يۈز-كۆزلىرىنى يۇدى-دە، سىيىرنى سېغىشقا ماڭدى، ئۇ پەلەمپەيدە كېلىنىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ھەم ھەيران بولغان، ھەم ئېچىنغان ھالدا بېشىنى چايقاپ قويۇپ، كېلىنى بىلەن ئېھتىيات ئىچىدە سالاملاشتى:

— ياخشىمۇ سەن، قىزىم.

— ياخشىمۇسىز پراگىيە ئىلئىنىچنا، — دېدى بوش ئاۋاز بىلەن لىۋبوكا تۇرغان يېرىدىن قىمىرلىماي يىراقتىكى كۆك بوشلۇققا كۆزىنى تىكىپ.

— ئەجەبمۇ سەھەر تۇرۇپ كېتىپسىلەرغۇ، — دېدى پراگىيە ئەجەبلىنىپ، — تېخى سائەت بەشمۇ بولمىسا.

www.uyghurkitap.com

ليۇبوكا زۇۋان سۇرمىدى، مىتكا قېيىن ئانا بىلەن كېلىن ئىك-كىيلەننىڭ سۆزلىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئانىسىغا دەرھال جاۋاب قايتۇردى:

— سەھەر تۇرسا، خۇدا بەخت ئاتا قىلىدۇ.

— خۇدا بەخت ئاتا قىلارمىش، — دېدى پراگىيە ئۇھسىنىپ، — بىزنىڭ قولىمىزدىن تارتىۋالغانلىرىنى ئۇ تېخى ئۇنتۇمىغاندۇ.

ئانا پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، ئوتۇن يېرىۋاتقان مىتكاغا قاراپ تۇردى، مىتكا يوغان-يوغان قارىغاي ياغاچلىرىنى يېرىپ پارچە-پارچە قىلىپ تاشلىدى، ئۇ ئىشنى تېز ھەم پۇختا قىلاتتى. ئانا مىت-كاغا قاراپ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن، بىرسىپ توخۇ كاتىكىنى ئېچىپ، ئۆزى بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردى. توخۇلار قاقاقلىشىپ كاتەكتىن ئېتىلىپ چىقىشتى، بىر قېرى خوراز كاتەكتە بىرھازا تۇرۇۋېلىپ، قىپقىزىل چوغدەك قاناتلىرىنى كېرىپ، بوغۇق ئاۋازى بىلەن تازا بىرنى چىللىۋېتىپ، ئاندىن كاتەكتىن چىقتى.

ليۇبوكا بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا دىققەت قىلمىدى، ئۇ كۆزىنى قىسقىنىچە، ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشقا قاراپ تۇراتتى.

پراگىيە سۇتنى سۇزۇپ، ئىستاكانغا قۇيدى ۋە مىتكاغا:

— ئۇنى قىچقارغىن، سۇتنى ئىچىۋالسۇن، — دېدى.

مىتكا ئىش كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ، چېكىسىگە چۈشۈۋالغان قوڭۇر چېچىنى قولى بىلەن بىر تەرەپكە قايرىۋېتىپ، پەلەمپەيگە چىقىپ تۇرۇپ ليۇبوكانى چاقىردى.

— ليۇباۋا، ئانام سېنى سۇت ئىچىۋالسۇن دەيدۇ.

— ئىچكۇم يوق، — مۇنداقلا جاۋاب بەردى ليۇبوكا، پەلەمپەي-نىڭ ئاپتاپ تەپتىدىن ئىسسىپ كەتكەن ياغىچىنى سىلاپ تۇرۇپ.

مىتكا ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، پەلەمپەيدە تۇرغان لىيۇبوكاغا بىر ئىستاكان سۈت ئەپچىقتى.

— ئىچىۋالغىن، — دېدى ئۇ، — يېڭى سۈت.

لىيۇبوكا ئىستاكاننى ئېلىپ، سۈتتىن بىرلا ئوتلاپ، جايىدا قىمىر قىلماي ئولتۇرىۋەردى. ئۇنىڭ كۆڭلى سۇنۇق ئىدى، بۇ ئائىلىدە ئۇ بەئەينى يات ئادەمگە ئوخشايتتى.

— ئۇنىڭغا نېمە تاماق ئېتىپ بەرسەم يەيدىكىن-تاڭ، ھېچ بىلمىدىم، — دېدى پراگسيە، — ئۇ يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ، شۇ تاپتا خۇددى كۆيۈپ مېيى تۈگىگەن جىنچىراغقىلا ئوخشاپ قالدى.

— ئۇنى زورلىمىغىن، — دېدى مىتكا ئانىسىغا، — ئوبدان دەم ئېلىپ، بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قانغۇچە نەپەس ئېلىۋالسۇن.

— مەن ھەتتا ئۇنىڭغا قاراپ دېمىمنى چىقىرىشتىنمۇ قورقۇندۇم، — دېدى ئانا ئاغرىنىپ، — ئۇ ئۆيىمىزدە چۈشەكەپ ئۆگزىگە چىقىپ قالغان، ۋارقىراپ قويسىلا ئۇ يەردىن يىقىلىپ چۈشىدىغان ئادەمدەكلا يۈرۈۋاتسا. ئۇنىڭغا دېسەڭ، ئورماننى ئايلىنىپ ئىچى-قارىنى ئېچىپ كەلسىمۇ بولاتتىغۇ. شۇ كۈنلەردە ئورماندا نېمە كەم دەيسەن! ياۋا مېۋە، موگۇ دېگەن نېمىلەر تولۇپ يېتىپتۇ، قىسما-قىسما ئۇششاق ھايۋانلار ماگدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

بىراق، مىتكا ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمەستىن، ئۆز ئىشىغا كەتتى.

## 4

پراگسيە ھەر كۈنى كەچتە ئورمانچىلىق شىركىتىنىڭ ئىشخانىسىنى

تازىلايتتى. ئۇ ئىشنى ئەستايىدىل ئىشلەشنى كىچىكىدىنلا ئادەت قىلىۋالغانىدى، شىرە-پىرە، قاچا-قۇچا دېگەنلەرنى سۈرتۈپ پار-قىرىتىۋېتەتتى، ئىشقا كىرىشىپ كەتسە، ۋاقىتنىمۇ ئۇنتۇپ، پىرىم كېچىلەرگىچە ئىشلەپ كېتەتتى. ئۇ ھەمىشە ئىش ئۈستىدە خىيالغا كېتەتتى، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى كۆز ئال-دىغا كەلتۈرەتتى. بۇنداق قىلىش كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالغانىدى. مىتكا رايون مەركىزىدىن تۇيۇقسىزلا بىر قىزنى باشلاپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇ زادىلا تىنچلىنالمىدى. بىرىنچى كۈنى پراگمىيە كېلىننى كۆرۈپ ھەقىقەتەن خۇشال بولدى، چۈنكى مىتكا تۇرمۇشلۇق بولۇشقا تېگىش-لىك چوڭ يىگىت بولۇپ قالغانىدى-دە. بىراق ئىككىنچى كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ كەيپى ئۇچۇپ كەتتى. مانا توپتوغرا بىر ئايمۇ ئۆتتى، ئۇنىڭ قايغۇسى كۆپىيىپ كەتتى. ئۇ مىتكانىڭ كۈنلەرنى خوتۇنى بىلەن مۇشۇنداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەل-تۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۆز ئۆمرىدە نى-نى تۇرمۇشلارنى كۆرگەن بولسىمۇ، مىتكانىڭكىدەك تۇرمۇشنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. كەنتتە ئەرلەر خوتۇننى دۇمبالايدىغان ياكى خوتۇنلار ئائىلىدىكى خوجايىنلىقى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان ئىشلار ئادەتتىكى ئىش قاتاردا دائىم ئۇچراپ تۇراتتى.

مىتكا يارامىلىق يىگىتلەردىن ئەمەسمۇ-يە؟ ئۇ ئورمانچىلىق شىر-كىتى ئوۋچىلىق كوپىراتىپىنىڭ ئېغىزغا بىر كېلىدىغان ئەزالىرىدىن ئىدى. ئۇ تېخى كىچىك بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيت-تى. مىتكادىن بۇرۇن كوپىراتىپتا ستىپان ماتۋىيېۋ ئون يىلغىچە بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتاتتى، مىتكا يېتىلىپ ئوۋچە-

لىق سىپىگە قېتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىرىنچىلىك ئورنىنى بىر يولىلا تارتىۋالدى. شىركەتتىن ئىتكاغا بېرىلگەن تەقدىرنامىلەرنىڭ سانىنى ئېلىپ بولمايتتى، ھەتتا بۇلتۇر ئۇنىڭغا موسكۋادىنمۇ ئور-دېن ئەۋەتىلدى. ئىتكا شانىنوتروسوۋنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى-مۇشۇنىڭدىنلا بىلىنىپ تۇرمامدۇ. ئۇنىڭ دادىسى قازانغان شان-شەرەپنى كىشىلەر پاتلا ئۇنتۇپ قېلىشتى. ئىتكا بولسا ئۇ شان-شەرەپكە تولۇق ۋارىسلىق قىلدى. ھازىر ھەتتا موسكۋامۇ شانىنوت-روسوۋلارنى بىلىپ قالدى. دېمىسىمۇ بۇ ئانا شەھەر ئۇلارنىڭ نام-شەرىپى بىلەن خېلى بۇرۇندىنلا تونۇش ئىدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن ئۈچ كىشى موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشىغا قاتناشقان، ئۇلاردىن ئىككىيلەن ئالدىنقى سەپتە باتۇرانە جەڭ قىلىپ، مەرت-لەرچە قۇربان بولغان. كىشىلەر ئۇلارنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالسۇن؟ ئۇلار فىئودور، پېترو ۋە ئۇلارنىڭ دادىسى گرىگورى ماركىلوۋىچ شانىنوتروسوۋ ئىدى. ئاتا-بالا ئۈچەيلەن ئېگىز بويلۇق، قەددى-قامەتلىك كىشىلەر ئىدى. ئىتكامۇ ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى يارامىلىق بالا ھېسابلىناتتى. ئۇ شۇنداق ياۋاش ئىدىكى، ئادەتتە چىۋىنغىمۇ ئازار بەرمەيتتى، بىراق ئاچچىقى كېلىپ قالىدىغان بولسا، يالماۋۇز-نىڭمۇ مۈڭگۈزىنى يۇلۇۋالالايتتى. شانىنوتروسوۋلار ئاتا-بوۋىسى-دىن تارتىپ بىر ئادەمنى تاك ئېتىپ چېكىپ باققان ئادەملەر ئەمەس ئىدى. ئىتكادىمۇ ئەنە شۇنداق خىسلەت بار ئىدى. ئۇنىڭ بىباھا ئانىسى ئۇنى دادىسىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن تەربىيىلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆمرى جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇرۇش يىللىرىدا تارتقان جەبىر-جاپالىرىلا يېتىپ ئاشاتتى. ئۇنى ئاز دەپ، ئۇرۇشتىن كېيىن 1947-يىلى بىر قېتىم قاتتىق

قەھەتچىلىك بولدى، 1950 ـ يىلى كەنتتە بولغان ئوت ئاپىتىدە ئۆيى كۆيۈپ كېتىپ، ئائىلىسىدىكىلەر قىشنى گەمىدە ئۆتكۈزدى. ئۇ ئۇنىڭدىن باشقا مۇشەققەتلەرنىمۇ ئاز تارتمىدى. ئىشقىلىپ، ئۆمرىدە كۆرمىگەن مۇشكۇللۇك، تارتمىغان جاپا قالمىدى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلار ئەسلىدە مۇنداق دەردلەرنى تارتمىسا بولاتتى، بىراق، بەزىدە ئويلاپ كۆرسە ڭىز، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى ئەركەكلەرنىڭ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك ئىشلىرىنى ئەسكە ئالالايسىز: ئۇلار ئۆز بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىپ، شان ـ شەرەپ قازىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇكاپاتىغا، قىسىم باشلىقلىرىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن. خوش، ئاياللارنىڭ تۆھپىسىگە كىم باھا بېرىدۇ؟ ئۇلارغا نېمە مۇكاپات بېرىشكە توغرا كېلىدۇ؟ دۇرۇس، ھەر قېتىم 8 ـ مارت بايرىمى كەلگەندە، ئاياللار بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. يىغىندا ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە توغرا باھالار بېرىلىدۇ، بىراق ئۇنىڭدا تولىراق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدىكى خىزمەت ئىلغارلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئائىلە ئاياللىرىچۇ؟ ئۇلار كۈن بويى ئاددىي ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ تىلغا ئالغۇدەك نېمىسى بار. بىراق، ئۆي ئىشىنى قىلىشمۇ ئاياللارنىڭ تۆھپىسى ـ دە!

مىتكا ئائىلىدە كەنجى ئوغۇل بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى. مىتكا پىراگېيەنىڭ 40 ياش ۋاقتىدا بويىدا قالدى. مىتكا ئىككىنچى ئاكىسى پېترودىن 13 ياش كىچىك ئىدى. دادىسى خوتۇنىنىڭ ئېغىر بويى بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، خېلى ئۇزاققىچە ئىشەنمەي



www.uyghurkitap.com

يۇردى، ئاخىر ئىشنىپ مۇنداق دېدى:
— سادىغاڭ كېتەي پراگىيە، سەندىكى چىدامنىڭ چوڭلۇقىنى قارا، بالدۇرراق ئۇققان بولسام ئۆي سالدىغان ئىشنى كېچىكتۈرۈپ تۇرساق بولماسمىدى.
دېمىسىمۇ، ئۆينىڭ ئۇلى ئاللىقاچان سېلىنىپ، تاملارنىڭ يېرى-مىمۇ قوپۇرۇلۇپ بولغان، ئەمدى مەھەللىدىكى جامائەتنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن تاملارنىڭ ھەممە يېرىنى قوپۇرۇپ، ئۆينىڭ ئۈستىنى يېپىۋېتىدىغان ئىش قېپقالغانىدى.
— مەن پار مۇنچىسىغا بېرىپ يۇيۇنۇپ كېلەيمىكىن؟ — تۇيۇق-سىز سوراپ قالدى پراگىيە ئېرىدىن. بىراق كۆتمىگەن يەردىن ئېرى قاتتىق خاپا بولدى-دە، ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى نەشتەردەك سانجىپ ئالىيىپ، ئۇن چىقارماي تالاغا چىقىپ كەتتى. پراگىيە ئېرىنىڭ بۇنداق قاتتىق خاپا بولغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى، ئۇ خىجالەتچىلىكتە ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالدى. بۇ ئىش ئۆمۈر بويى ئۇنىڭ ئېسىدىن كەتمىدى.
ئۆي سېلىشتىكى قىينچىلىق ئۇلارنى قورقىتالمىدى، خۇداغا شۈكۈر، ئۇلار ئىككى يىل جاپا تارتىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۆيىنىمۇ يېپىۋالدى. مىتكانىڭمۇ سىرلانمىغان يېڭى پول ئۈستىدە ئايىغى چىقىپ قالدى.
ئۇ چاغدا فېئودور تېخىنىكۇمدا ئوقۇش ئۈچۈن شەھەرگە كەت-كەنىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئوقۇشقا ئامراق ئىدى. پېترو ئۇنىڭغا ئوخ-شمايتتى، ئۇ دادىسىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولماي ئويناپ يۈرەتتى. بەزىدە ئۆيىدىكىلەرنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، كونا مىل-تىقنى ئاساتتى-دە، ئۆيدىن غىپپىدە چىقىپ كېتىپ، ئورمانغا كىرىپ

كېتەتتى. يۈگۈرگەندە مىلتىقنىڭ پاينىكى ھەدەپ سوڭغالچىقىغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

— ئۆيىمىزدىن سوڭغالچىقى تۆمۈردىن قاتتىق بىر يىگىت چىقىدىغان بولدى، — دېگەندى دادىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ.

دېمىسىمۇ پېترو راستلا پېشانىسى كەڭ، قوڭۇر چاچلىرى بۇجغۇر كەلگەن تەمبەل يىگىت بولۇپ يېتىلدى. ئۇ ئىچ مايماق بولۇپ، شانوتروسوۋلار ئۇرۇقىنى تارتقانىدى. ئۇ 15 ياش ۋاقتىدا بىر ئېيىقنى ئۆلتۈرگەن. ئېيىق ئۆلتۈرۈش دېگەن ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس. ئۇ ئۆڭكۈر ئېغىزىدا ئوت يېقىپ، ئېيىقنى ئىستا بۇرۇختۇم قىلىپ، ئۆڭكۈردىن چىقىشقا مەجبۇر قىلغان، ئېيىق يېقىنلاپ كېلىپ ئىككى ـ ئۈچ قەدەم قالغاندا، ئۇنىڭغا قارىتىپ بىر پاي ئوق چىقارغان. ئېيىق پېتروغا ھەيرانلىق بىلەن بىر قارىۋېتىپ، گۈپپىدە يىقىلىپ تىن تارتماي جان بەرگەن. ئۇنىڭ زېرەك ھەم چەبدەسلىكىنى دادىسىمۇ ئىختىيارسىز ماختاپ كەتكەن...

1946 ـ يىلى يازدا پېترونىڭ بىر ئاغىنىسى پراگمىيەنى يوقلاپ كېلىپ، ئۇنىڭغا پېترونىڭ قانداق قۇربان بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. پېترو قۇربان بولغاندا، ئۇرۇشنىڭ ئاياغلىششىغا ساناقلىقلا كۈنلەر قالغانىدى. دۈشمەن ئۇنى تولىمۇ قەبىھ يول بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. پېترونىڭ ئاغىنىسى بايان قىلىپ كېلىپ مۇنداق دېدى: شۇ چاغدا بىزنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرىمىز نېمىس ئالۋاستىلىرىغا چىقىش يولى بەرمەكچى بولدى (پراگمىيە بۇ ئىشنى ھەر قېتىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، ئۇنى زادىلا كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيتتى: قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان، يىرتقۇچتىنمۇ ۋەھشىي نېمىس ئالۋاستىلىرىغا رەھىمدىللىك قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟ دەيتتى). بىز ئۇلارغا

شەرت قويدۇق. پېترو بۇيرۇقنا بىنائەن تىنچلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئاق لاتىنى ئېلىپ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىشكە باردى. ئۇنىڭ شۇ كەتكەنچە كەلمەيدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن. ئۇ ھېچقانداق قورال ئالماي كەتكەنىدى، قولىدا قورال بولىدىغان بولسا، دۈشمەنگە ھەرگىز ئۆزىنى تۇتۇپ بەرمەيتتى!

پېترو ۋاقىتسىز قازا تاپمىغان بولسا، ھاياتنى نەقەدەر بەختلىك ئۆتكۈزگەن بولاتتى - ھە! ئۇ ئۇرۇشنىڭ ئالدىدا تازا تولغان، كېلىشكەن يىگىت بولۇپ يېتىلگەنىدى. كۆن بويى ئورماننى كېزىپ يۈرۈپ چارچاپ ھالىدىن كەتكىنىگە قارىماي، ئاخشىمى كۆكۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن قالمايتتى. كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ھەم ئۇنىڭسىز ئۆتمەيتتى. گارمون تارتىشقا شۇنداق ئۇستا ئىدىكى، ئۇنى سايرىتىپ تىلغا كىرگۈزۈۋېتەتتى، تانسا - ئۇسسۇل دېگەنلەردىن ئوت چىقىرىۋېتەتتى. ئۇ تېخى بارانىغا يەتمەي تۇرۇپلا، قىزلار كۆيۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ چۆرىسىدە پىرقىراشقىلى تۇردى. ئۇنىڭ تۇنجى سۆيگىنى داكا ھېلمۇ پراگىيە موماينى پات - پات يوقلاپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۆيگە پۈتۈنلەي غەمكىن چىراي كىرىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھەسرەت پراگىيەنىڭ قەلبىدىمۇ ھەسرەت قوزغايدۇ. ئىككىيلەن بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشىدۇ، پېترونى ھېچقايسىسى تىلغا ئالمىسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن جىم - جىم ماتەم تۇتۇشىدۇ. داكا بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن توساتتىن ئەنسىزلىككە چۈشىدۇ - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئالمان - تالمان چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن پىنھان يەردە بۇقسۇپ - بۇقسۇپ يىغلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ تەگكەن ئېرى شۇنداق يامان ئادەمكى، پېترو ئۈچۈن ياش تۆككىنىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنى جېنى چىققىچە دۇم-

بالايدۇ...

پېتروغا قارىغاندا مىتكا ئورۇقراق بولۇپ، چوڭ ئاكىسى فېئو-دورغا بەكرەك ئوخشايتتى. بىراق ئۇ ئاكىلىرىغا سېلىشتۇرغاندا شۇنداق بولغىنى بىلەن، كەنتتىكى باشقا يىگىتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بەست ـ قامەتتە ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتەلمەيتتى. ئالدىنقى يىلى 1-ماي بايرىمىدا فېرمىدا چېلىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇنى كوركا رازۋارىخىن باشقۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ شەھەردە چېلىش بويىچە مەخسۇس تەربىيە كۆرگەنلىكى بىلەن ماختىناتتى. ئۇ كونا ـ يېڭى چېلىشچىلارنى بىر ـ بىرلەپ يىقىتتى. چېلىش ماھىرى، بويىنىڭ تومۇلۇقىدىن خۇددى چېلەككىلا ئوخشاپ قالغان ستىپان ماتۋىيېۋمۇ ئۇنىڭدىن يېڭىلىپ قالدى. كۆرەڭلەپ خۇدىنى يوقاتقان كوركا مىتكانىڭ ئالدىغا كەلدى:

— قانداق ئۇكا، مەن بىلەن چېلىشىپ باققۇڭ بارمۇ؟

— ياق، چېلىشمايمەن.

— تەڭ كېلەلمەيمەن دەۋاتسەنغۇ دەيمەن؟ — دېدى كوركا قىستاپ كېلىپ.

— ھەئە، شۇنداق دېگەنمۇ بولاي، — دەپ جاۋاب بەردى مىتكا.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئانىسى ئۆزىنى باسالماي قالدى، ئۇ خەۋپكە قارىماي مىتكانى دەي ـ دەيگە سالدى: "ئائىلىمىزنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈۋاتسەنغۇ مىتكا؟ ئۇنداق قىلما، بالام، چۈشكىنا، ئۇنى كېلىشتۈرۈپ راسا بىر ئېتىۋەت، شۇنداق قىلمايدىغان بولساڭ، ھەددىدىن ئېشىپ كەنتنى بېشىغا كىيىدۇ، ئۇ".

مىتكا مەيدانغا چۈشتى. ئۇ كوركانى بېشىدىن ئېگىز قىلىپ دەس كۆتۈردى. چېلىشىش ماھارىتى نەلەرگىدۇ ئۇچۇپ كەتكەن كوركا

ھاۋادا پۇتلىرىنى ئارۋاڭ-دارۋاڭ پۇلاڭشىتىپ تاماشىچىلارنىڭ كۆلكىسىگە قالدى. مىتكا ئۇنى بىر پەس كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، يەرگە ئەپچىللىك بىلەن ياتقۇزۇپ قويدى. مىتكا ئۆزىنىڭ ئۈستىلىكىنى قالتىس كۆرسىتىۋەتتى. ئەپسۇسكى، دادىسىغا ئوغلىنىڭ بۇ كارامەتىنى كۆرۈش نېسىپ بولمىغانىدى. شۇ تاپتا دادىسى ھايات بولىدىغان بولسا، ئادەتتە ئادەمنى ئوڭايلىقچە ماختىمايدىغان بولۇشىغا قارىماي، ئوغلىنى راسا بىر ماختاپ قويغان بولاتتى.

بوغالتىرنىڭ قىزى ژاركا مېتىركىنانىڭ كۆن بويى مىتكانىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ، ئۇنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى پراگىيە بايقاپ قالدى. ئۇ مىتكانىڭ ئۆز كۆڭلىدىكىدەك بىر قىزغا ئۆيلىنەلمەي قېلىشىغا رازى ئىدىكى، مېتىركىنانىڭ ئائىلىسى بىلەن قۇدا چۈشۈشكە رازى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ خۇي-مىجەزى ئۇچۇنغۇ بالا ئەيىبلىك ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئائىلىدىن ئۆزىمىزنى نېرى تۇتقىنىمىز ياخشى. مەنغۇ بۇ چاغىچە بوغالتىر كاراسكانىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ باقماپتىمەن. ھەرقانچە خۇشامەت قىلىپ كۆچۈكلىنىپ كەتكىنى بىلەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىن ھەم ھەرگىز ئاتلاپ سالماسمەن... دەپ ئويلايتتى.

پراگىيە شۇ خىياللار بىلەن بەند بولۇپ كېتىپ، قىلىدىغان ئىشىنى تۈگىتىپ قويغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ شىركەت ئىشخانىسىدا ھاڭۋاقىنىچە جىمجىت تۇرۇپ قالغىنىنى ئەمدى بىلدى. ئۇ خىيالغا چۆكۈپ كېتىپ خۇددىنى يوقىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزى مازاق قىلىپ قويدى، ئاندىن ئىشخانىنى بىر ئايلىنىپ، قىلغان ئىشلىرىنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقتى.

پراگىيە ئىشىنى تۈگىتىپ ئىشخانىدىن چىقتى. بۇ چاغدا ئازراقلا

ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسىدىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، كۆپچى-
لىك ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسىدىن تېلېۋىزور ئېكرانىدىن چىقىۋاتقان
كۆكۈش نۇر كۆرۈنەتتى. ئۇ شىركەتنىڭ ماشىنىسى بۇرۇۋەتكەن
يول بىلەن بىر-بىر بېسىپ، ئىككى قاتتىكى قاپقاراڭغۇ ئۆيلەرگە
سەپسالغاچ، ئوت ئاپىتىدىن كېيىن ھەرقايسى ئائىلىلەرنىڭ ماتېرىيال
غەملەپ ئۆي سالغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئەسلىگىنىچە ئاستا
كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆمرىدە تۇغۇتتىن باشقا ھېچقانچە ئاغرىق ئازابى
تارتمىغانىدى، ئەمدىلىكتە بولسا پۇت ئۇگىلىرىنىڭ غىرىسلاۋاتقانلى-
قىنى سېزىپ، قېرىپ، يىلدىن-يىلغا ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى
ئويلىدى. پۇتلىرىغا بارا-بارا كېسەل دارىۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى
يېرىم بولاتتى. پۇتلىرى يەڭگىللىشىپ كەتكەندەك، يەرگە دەسسىمەي-
ۋاتقاندەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، ئەمدى ئىككى
قولۇمغا دەرد كەلمىسە بولاتتى، قولۇمغا دەرد كەلدىمۇ، بولدى،
تۈگەشكىنىم شۇ، ئۇ چاغدا ئىشمۇ قىلالمايمەن، ئۆز كۈچۈم بىلەن
ياشيالمايمەن، بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر نەس ئىش بولامدۇ دەپ قاتتىق
ئەندىشە قىلاتتى.

پراگىيەنى ئۆيگە يېقىنلاشقانسېرى ئوي-خىياللار تېخىمۇ قاتتىق
چىرمىۋالدى. ئۇ ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ كېلىنىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيت-
تى. ئۆزى ھەممىلا ئادەمنىڭ زوقى كەلگۈدەك شۇنداق چىراي-
لىق، شۇنداق ئەقىللىق بىر قىز. نېمىشقا بىز بىلەن كۆڭۈلدىك-
دەك ئۆتەلمەيدىغاندۇ؟ مىتكانىڭ ئەيىب-قۇسۇرى جىقمۇ-يە؟
ئۇنىڭدا نېمىمۇ ئەيىب بولسۇن؟ يەنە نەدىمۇ بۇنداق ئوبدان يىگىت
بولسۇن؟ مىتكا بۇ قىزنى نەدىن تاپقانلىقى، قانداق قىلىپ توي
قىلغانلىقى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ بەرمىدى. مىتكا ئۇنى

رايون مەركىزىدىن ئۆيگە باشلاپ كەلدى، ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ئانىسىغا، جېنىم ئانا، كېلىنىڭىزنى قارشى ئېلىڭ، دېدى. ئانا نېمىشقىمۇ قارشى ئالمىسۇن، ئۇ كېلىنىنى ئۆيگە باشلىدى، بىراق، كۈتمىگەندە ئىشىنىڭ ئاخىرى مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز بولۇپ چىقتى. يېزا تۇرمۇشى ئۇنىڭ دىتىغا ياقماي قالدىمۇ-يە؟ ئۇنداق دېسە، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شەھەرلىك ئەمەسقۇ، رازدورنويې بازىرىنىڭ ئاۋاتلىشىپ قالغىنىغىمۇ ئانچە ئۇزاق بولمىدىغۇ، ئۇ بازار مۇشۇ ماكاروۋكادىن ھېچقانچە چوڭ ئەمەسقۇ.

پراگىيە ئاستا مېڭىپ پەلەمپەيگە چىقتى، كاتەكتىكى توخۇلارنىڭ قۇر-قۇر قىلغان، قوتاندىكى سىيىرنىڭ پۇشۇلدىغان ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ بىر پەس تۇردى، ئاندىن ئۆتۈكىنى پولغا سۈرتۈپ-سۈرتۈۋېتىپ، ئۆيگە يېنىپ كىردى.

مىتكا ئاشخانىدىكى شىرە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ قىشلىق ئوۋچىلىق ئۈچۈن مىلتىق ۋە ئوق-دورا تەييارلاۋاتاتتى. ئۇ ئانىسىنى كۆرۈپ تەبەسسۇم بىلەن:

— ليۇباۋا ئۇخلاپ قالدى، بەك ھېرىپ كېتىپتۇ، — دېدى.

ئانا نېمىندۇ چۈشەنگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى-دە، دەم ئېلىش ئۈچۈن ئۆز خانىسىغا كىرىپ كەتتى.

## 5

نېمىدېگەن ئۇنتۇلماس كۈن-ھە! مىتكا تاسادىپىي پۇرسەت بىلەن رازدورنويې بازىرىغا كېلىپ، ليۇبوكا بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشتى. ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى ئورمانچىلىق شىركىتى ئوۋچىلىق

www.uyghurkitap.com

كوپىراتىپىنىڭ جىڭلىسى مىتكا بىلەن كوركانى بىلىق سۈرلەيدىغان ئايالىلارغا ماخ بىلىقنى ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن تۈزلاش-سۈرلەش سىخنغا ئەۋەتتى. ئەتىسى بىلىق تۈگى توشۇيدىغان چاتما كىمىنىڭ رايون مەركىزى رازدورنويېغا بارىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كېلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن جىڭلى ئۇلارنى رايون مەركىزىگە ئەۋەتتى.

كۆزدە يول بەكمۇ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن مىتكا بىلەن پېتكا 40 كىلومېتر يولنى قارا ماشىنا بىلەن توپتوغرا ئىككى سائەتتە بېسىپ بولدى. يولدا ماشىنا ئۈچ قېتىم پېتىپ قالدى، ئۇلار ماشىنىنى لوم تۆمۈر، پالتىلارنى ئىشقا سېلىپ يۇرۇپ مىڭبىر تەسلىكتە چىقىرىشتى. شۇنداق قىلىپ چۆشكە يېقىن پىرستانغا يېتىپ كېلىشتى. بۇ چاغدا پىرستانغا بېنزىن بېسىلغان بىر كېمىنىڭ كېلىپ توختايدىغانلىقى، شۇڭلاشقا چاتما كېمىنى پىرستاندىن ھەيدەپ چىقىپ يىراقتىراق لەڭگەر تاشلاپ توختىتىپ تۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا بۇيرۇق كېلىپ قالدى.

پېتكا ئاچچىقىدا ئاغزىنى بۇزۇپ بىر ئېغىز تىل ياندۇردى-دە، قايتىپ كېتەيلى دەپ تۇرۇۋالدى. مىتكا قايتمىقىمىز تەس گەپ ئەمەس، بىراق بۇنداق ئوبدان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق كېرەك دەپ ئويلاپ، پىرستان مۇدىرىنى تېپىپ، بۇ يەرگە بىرەر قېتىم كېلىشىمىز ئوڭاي ئەمەس، بىر ئامال قىلىپ بىزنى يولغا سېلىۋەتسىڭىز ئىكەن، دەپ ئۆتۈندى. مۇدىر ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل كېلىپ، چاتما كېمىنى قىرغاققا يېقىنلاشتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئۇلار تۈگىلەرنى قاچىلاپ، يۈك تالونىنى تولدۇردى-دە، ماشىنىنى ھەيدەپ بىر ئاشپۇزۇلغا باردى. ھەربىرى ئىككى ئىستاكاندىن

پىۋا ۋە ئاز-تولىدىن يېمەكلىك ئېلىپ، بىر ياندىكى كاۋچۇك دەردىخىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. بىر دەم يەپ ئىچىشكەندىن كېيىن، پېتكانىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— بىلەمسەن مىتكا، — دېدى ئۇ نۇرسىز كۆزلىرىنى مىتكاغا تىكىپ، — بۇ يەردە چىقىشىپ قالغان بىر قىزچىقىم بار. ئىسمى دىنا، كېلىشكەن قىز دېگىنە، مەن ئۇنى بۇلتۇر تۇزغا كەلگەن چېغىمدا ئىسكىلاتتا كۆرۈپ قالغان. ئۇ مېنى بىللە تاماشا قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، يەنە تېخى چايغا تەكلىپ قىلماقچىمۇ بولدى، هەي، چايغا تەكلىپ قىلغانىنىڭ تېگىدە گەپ بار دېگىنە، — پېتكا خىرىلداپ كۈلۈپ قويدى ۋە نېمىشقىدۇ قورۇنۇپ ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ دېدى، — بىز بۈگۈن كېچە مۇشۇ يەردە قونۇپ قالساقچۇ؟ يېرىم يولدا ماشىنا بۇزۇلۇپ قېلىۋىدى، كېچىچە هەپىلىشىپ يۈرۈپ، ئەتىگەندە ئاران ئوڭشىدۇق، دېسەك ئىش تۈگەيدۇ، قانداق ؟

— مەن تاغقا بۇلغۇن تۇتقىلى بارىمەن، — دېدى مىتكا بېشىنى چايقاپ، — بىر كۈنمۇ هايال بولۇشقا بولمايدۇ، شۇ تاپتا تۈرلۈك ماللار دۇكىنىغا بېرىپ ئوۋچىلىققا كېرەكلىك ئوق-دورىغا قاراپ باقىمەن، ئاندىن شۇ يەردىن قايتىمىز.

— ئۇ قىز ئانچە چىرايلىقمۇ ئەمەس، — دېدى پېتكا بايىقى گېپىدىن يېنىپ، — يۈزلىرى ساپلا سەپكۈن، بىراق ئۇنىڭ چېيىزە بەك پەيزى جۇمۇ.

مىتكانىڭ ئاياللارغا مۇشۇنداق شىلامچىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەملەر بىلەن خۇشى يوق ئىدى. بىرەر كىشى مۇشۇنداق تېتىقسىز گەپلەرنى قىلغۇدەك بولسا، ئۇنىڭغا يىرگىنىش ئىچىدە غەزەپ بىلەن ئالىياتتى-دە، شۇ كىشىنى تىلىنى تارتىشقا مەجبۇر

قىلاتتى.

مىتكا كۈلۈبىنىڭ ئويۇن-تاماشىلىرىدىن قالمايتتى، شۇنداق بولسىمۇ تېخىچە ئۆزىگە لايىق بىرەر قىز تاللىمىغانىدى، بۇ ئىش ئۈستىدە ھەتتا تۇزۇكرەك ئويلىنىپمۇ باقمىغانىدى. بۇنىڭغا ئالدىراپ نېمە قىلاتتىم، شۇ تاپتا خويما ئەركىن-ئازادە يۈرۈۋاتىمەنغۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇ ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان چېغىدا بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپمۇ قالغان. قىزغا قانداق قىلىپ يېقىنلىشىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتقاندا، ئۇ قىز تۇساتتىن قوشنا رايونلۇق گارنىزوندىكى بىر ئوفىتسېرگە ياتلىق بولۇپ كەتتى. مىتكانىڭ پۈتكۈل رومانتىكىسى ئەنە شۇ ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ مۇھەببەت بابىدا ئىقتىدارسىز يىگىتمۇ ئەمەس ئىدى، شۇغىنىسى، ھېسسىياتقا بەك بېرىلىپ كېتىپ قالارمەنمىكىن، پېشانەمگە پۈتۈلگەن قىزنى ئۇچراتقىنىمدا، قەلبىمدىكى مۇھەببەتنى قويماي ئىزھار قىلىۋېتىپ، ئاشۇرۇۋېتىپ قالارمەنمىكىن دەپمۇ قورقۇپ يۈرەتتى...

مىتكا تۈرلۈك ماللار دۇكىنىنىڭ يوغان ھەم ئېغىر ئىشىكىنى ئاچتى ۋە ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇپ، ئۈستىگە ئاقۇچ رەڭلىك شاماللىق كىيگەن بوغداي ئۆڭلۈك، قارا چاچلىق بىر يىگىتكە يول بەردى. يىگىت مىتكاغا تەبەسسۇم بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ — سالام بېرىپ ئۆتتى. ئادەم تونۇشقا ماھىر مىتكا يىگىتكە قىزىقىش ئىچىدە ئوبدان بىر سەپسېلىۋالغاندىن كېيىن، ئوۋچىلارغا خاس ئۆتكۈكى بىلەن غارس-غارس دەسسىگىنىچە دۇكانغا كىرىپ كەلدى. ئۇنى سوڭداپ پېتكامۇ كىرىپ كەلدى.

ئىككىيلەن ئوۋچىلىق سايمانلىرى پۈكىيىنىڭ ئالدىدا توختىدى. مىتكا خېلىغىچە ئۇنى-بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، مىلتىقنىڭ خۇرۇم

قېپىدىن بىرنى، نەپەس سوقۇلغان ئوۋچى پىچىقىدىن بىرنى تاللىدى. ئوۋچىلىق كىنىشكىسىنى كۆرسىتىپ، كاسسىرغا پۇل تاپشۇرۇپ، مال ئېلىش تالونىنى كەستۈردى. مال ئېلىش ئۈچۈن پوكەيگە قاراپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كۆزى تۇساتتىن قانداقتۇ مۆكۈلىنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز قارتىتىدە قىلىپ قالدى-دە، قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە نېمە ئۈچۈندۇ باشقىچىلا بىر خىل غەشلىك پەيدا بولدى. ھېلىقى كۆز ئۇنىڭغا قانچە قاتتىق تىكىلگەنسېرى، ئۇنىڭدىن ئەكس ئېتىۋاتقان ئازاب مىتكانىڭ قەلبىگە شۇنچە چىڭ ئورنىشىپ، ئۇنىڭدىمۇ شۇنداق قاتتىق ئازاب قوزغاشقا باشلىدى، بۇ ئازاب مىتكاغا گويا ئۇزاقتىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك، قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۇزاقتىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ مال ئېلىشنى ئۇنتۇدى، دۇكاندا ئاستا چامدىغىنىچە بىر ئۇ يان، بىر بۇيان مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ھېلىقى ئەلەملىك كۆزلەرنىڭ ئۆزىنى تەشنالىق بىلەن چاقىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— بۇ قىز مېنى ئويلىتىۋاتامدۇ نېمە، — دەپ ئويلىدى مىتكا ئەنسىزلىك بىلەن، — ئۇ ئۆزىنىڭ سىھرىي كۈچىنى سىناپ بېقىۋاتسا كېرەك.

مىتكا بەلكىم بۇ قىز مېنى راستلا چاقىرىۋاتسا كېرەك دەپمۇ ئويلىدى. ئۇ كۆزى قىزنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقان مىنۇتتىن باشلاپلا قىزنىڭ تۇمۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى بولدى. ئۆزىنىڭ قىزغا قانداق قاراشتا ئىكەنلىكى ئۆزىگە ئايان ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن قىشلايدىغان كىچىك كەپىدە يېتىپ، ئۇزاق-ئۇزاق قىش كېچىلىرى ئاشۇ بىرجۈپ كۆزنى ئەسكە ئالغىنىدا، كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ،

ساراسىملىق ۋە تىت-تىتلىق ئىچىدە ئۇ بۇ بۇلۇڭدىن بۇ بۇلۇڭغا توختىماي مېڭىپ چىقىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. شۇ تاپتا ئۇ بۇ ئىشنىڭ گويا بىر ئۆمۈر بېشىنى قاتۇرىدىغان ئىش بولۇپ قالغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتتى.

مۇبادا مىتكا دۇكاندىن چىقىش ئالدىدا ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىمىغىنىدا، بەلكىم شۇنداقلا كېتىپ قالغانمۇ بولاتتى. ھېلىقى كۆزلەر مىتكاغا تەلمۈرۈپ تىكىلىپ تۇراتتى. ئۆتكۈر نۇرلۇق ھەم ئىنتايىن غەملىك بۇ كۆزلەردىن شۇنداق بىر بېشارەت كېلەتتىكى، قىز گويا مىتكانى تۇتۇپ قالماقچى بولۇۋاتقاندەك، ئۇنى قايتىپ كېلىشكە ئۈندەۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا نېمىنىدۇ دېگۈسى باردەك قىلاتتى. مىتكا ئارقىغا ئۆرۈلدى-دە، خېلىدىن بېرى ھەيرانلىقتا تۇرغان پېتكاغا سوقۇلۇپ كەتتى ۋە ئېغىر قەدەم تاشلاپ پوكەي ئالدىغا كەلدى. پېتكا بىر چەتتە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. مىتكا كۆزلەرنى قىزنىڭ مۆڭلۈق كۆزلىرىگە تىكتى ۋە ئۆز ۋۇجۇدىنىڭمۇ خۇددى شۇنداق مۆڭلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇنىڭ قىزغا بىرنەچچە ئېغىز سەممىي گەپ قىلىپ تەسەللى ئېيتقۇسى، ئىلھام بەرگۈسى ھەتتا ئۇنىڭ باش-كۆزلىرىنى سىلىغۇسى كەلدى، شۇ چاغدا پېتكا تۇساتتىن گەپ باشلاپ قالدى:

— پوكەيدە تۇرۇپ مال سېتىش تەس كېلىدىغاندۇ-ھە؟ — دېدى ئۇ توغرىدىن توغرا.

— تەس كەلمەيچۇ، — دېدى لىيۇبوكا ئۇھسىنىپ.

— بۇ يەردىن چىقىپ كەتسىڭىز بولمامدۇ؟

— بارارغا باشقا جايىم يوق.

— بولمىسا بىز تەرەپكە بېرىڭ، — دېدى پېتكا كۈلۈپ، —

قاراڭ، مىتكا هازىر بويىتاق، شۇ تاپتا جۆرە تىپىشىنىڭ كويىدا يۈرۈپتۇ. تويۇڭلارنى قىلىپ قويمايلىمۇ!

پېتكانىڭ يەڭگىللىك بىلەن قىلغان بۇ گېپىنى ئاڭلىغان مىتكا قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ بېقىنىغا ئاستا جەينەكلەپ قويدى، بىراق پېتكا ئۇنداق قىلىشلارغا پەرۋا قىلىدۇ دەمسىز.

— قانداق؟ زادى بارامسىز ـ بارمامسىز؟

— نەگە؟ — قىزنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى، مىتكا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھەم ھۇدۇقۇش، ھەم قەتئىيلىك ئالامەتلىرىنى بايقىدى.

— بىزنىڭ ماكاروۋكا كەنتىگە، — دېدى پېتكا قولىنى پۇلاڭشىتىپ، — بىزنىڭ كەنتىمىز دېگەن شۇنداق چوڭ دەڭا، ئۇ يەردە موگۇلار دېگەن دەرەختە ئۆسىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز ئورمانغا بىرىپ كۆرۈپ باقارسىز.

— سىلەر تەرەپكە راستىلا بارسام ئۇ يەردە قىپقالمەنمۇ؟ — دەپ سورىدى قىز ۋە جاۋاب كۈتۈپ پېتكاغا ئەمەس، مىتكاغا قارىدى. مىتكاغا بۇ سوئال مەسخىرىلىك سوئالدەك بىلىنىپ كەتتى.

— مەرھەمەت، كەنتىمىزنىڭ قۇچىقى كەڭ...

مىتكا كۆز ئالدىدا نامايان بولۇۋاتقان بۇ ئىشتىن ئىسەنكىرەپ قالدى، ئۇ روي بېرىۋاتقان بۇ ئىشقا ئىشىنەلمەيۋاتاتتى، ئۇنىڭغا بۇ ئىش ئۆزىگە ئەمەس، خۇددى باشقا بىر ئادەمگە مۇناسىۋەتلىكتەك تۇيۇلاتتى. ئۇ، قىزنىڭ كاپىنكىغا چىقىپ ئىشكنى تاقاپ ئولتۇرۇشىغا تەمكىنلىك ۋە قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇردى؛ قىزنىڭ ماكاروۋكاغا بېرىپ باقمىغانىدىم، بىر بېرىپ ھەقىقىي ئۇۋچىنىڭ قانداق بولىدى-

غانلىقنى كۆرۈپ باققۇم بار دېگەن گېپىنى ئاڭلىسىدى. ئۇنىڭ كاللە-
سىدا: "ئۇ ئۆزگىرىۋالمىسا بولاتتىغۇ، بارغاندىن كېيىن يېنىپ كېلە-
مەن دەپ تۇرۇۋالمىسا بولاتتىغۇ..." دېگەن بىر ئوي
پەيدا بولدى.
كەنتكە بارغاندىن كېيىن ئىش قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭدىن
كېيىنچۇ؟ بۇلار مىتكاغا نامەلۇم.

## 6

ئۈچ كۈندىن كېيىن مىتكا بىلەن لىۇبوكا يېزىلىق سوۋېتقا بېرىپ
توي خېتى ئالدى. كەنتتىكىلەر بۇ خەۋەردىن ھەيران قېلىشتى.
ھەي، بۇنداق ئىشنى كوركاغا ئوخشاشلار قىلىپ قويىغان بولسىغۇ
بىر گەپ ئىدى، مىتكانىڭ قىلىپ قويىغىنىنى دېسە. مۇشۇ ئىككى-
ئۈچ كۈندىن بۇيان مىتكالارنىڭ دەرۋازىسى يېپىلىپ باقمىدى.
كەنتتىكىلەر مىتكانىڭ باشلاپ كەلگەن قىزنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن
ھەر سەۋەب-ھەر باھانىلەر بىلەن ئائىلىگە ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇردى.
مىتكا بولسا لىۇباۋانى قانداقتۇ تىل تەگمىسۇن، كۆز تەگمىسۇن
دەپ قوغداۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمىدى.
توي شەنبە كۈنى كەچ سائەت ئالتىدە ئادەتتىكىچە تەييارلىق
بىلەن ئۆتكۈزۈلدى، پراگىيە سېمىز توخۇدىن بىرقانچىنى ئۆلت-
تۈردى. مىتكا خىزمەت ئورنىدىن توڭلىتىلغان چوشقا بىلىق ۋە
ئېيىق جىگىرى ئېلىپ كەلدى. شىرە ياغىيۇ ئارىلاشتۇرۇپ قورۇلغان
توخۇ گۆشى، بېلىق سامسىسى، شىرنىلىك ئېيىق جىگىرى ۋە
قىسما-قىسما چىلانغان خام سەيلەر بىلەن تولدى.

مىتكانىڭ ھەرگىزمۇ توي قىلىپ بەرگۈسى يوق ئىدى. پېشانە-سىگە پۈتۈلگەن جۈرىسى، گۈزەل لېۋباۋا قېشىدا بولسىلا شۇنى ئەڭ چوڭ خۇشاللىق، ئەڭ چوڭ توي دەپ بىلەتتى. ئۇ لېۋباۋانى پۈكەيدە كۆرۈپ قېتىپ قالغان مىنۇتتىن ئېتىبارەن ئۇنىڭدىن بىر-دەممۇ ئايرىلمىدى. ئۇنىڭ لېۋباۋاغا ئۆز مۇھەببىتىنى ئىختىيارسىز ئىزھار قىلغۇسى كېلەتتى. لېۋباۋانىڭ مۈرىلىرىنى سىلىغۇسى، ئۇنى قۇچاقلىغۇسى، كۆزلىرى ۋە لەۋلىرىگە سۆيگۈسى كېلەتتى. بىراق قانداقتۇ بىر خىل سىرلىق كۈچ ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويـ-مايتتى. ئۇ لېۋباۋانىڭ ئالدىدا ھامان قورۇنۇپ-تارتىناتتى. ھەتتا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇنى قۇچاقلاپ باغرىغا بېسىشتىن بولسا ئەسلا سۆز ئاچقىلى بولمايتتى.

مېھمانلار ماكاروۋكانىڭ قەدىمدىن قالغان ئادىتى بويىچە بولۇشىغا يەپ-ئىچىشتى، ئۇلار شىركەيىپ بولۇشلىرىغا قارىماي، ئۆزلىرىنى ئەدەب بىلەن راۋرۇس تۇتۇشاتتى. ئۇلار قائىدە بويىچە قىز بىلەن يىگىتنىڭ سۆيۈشۈشىنى تەلەپ قىلدى. مىتكا قورۇنۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، سۆيۈشۈش مىنۇتلىرىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ لېۋباۋانى تېخىچە بىر قېتىممۇ سۆيۈپ باقمىغان، ھەتتا سۆيۈشنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلىپمۇ باقمىغانىدى، مانا ئەمدى ئۇنى توي سورۇنىدا سۆيۈش ئالدىدا تۇراتتى.

مىتكا ئورنىدىن تۇردى، لېۋباۋامۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار بىر-بىرىگە قارىشىپ ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرۇشتى. شۇ چاغدا مىتكا نېمىشقىدۇ بىردىنلا چۆچۈپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇ ئۆز ئايالىنىڭ كۆزلىرىدىن شۇ قەدەر قاتتىق ئازاب ۋە ھەسرەت، شۇ قەدەر چوڭقۇر ئەلەم ۋە غەم يېغىپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى.

ئۇ ليۇباۋانى سۆيۈش ئورنىغا، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قانداقتۇ بىر سېھىر ئىشلىتىپ، ئۇنى ئاشۇ يوشۇرۇن ئازاب ۋە بەختسىزلىكتىن خالاس قىلىش كېرەك دەپ ئويلىدى. مىتكا بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا تەييار ئىدى، قانداق قىلىشنى بىلمەيتتى. ليۇباۋامۇ ئۆزىنى قانداق قىلغاندا ئازابتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىگەندى.

مىتكا ئۇنى سۆيۈشكە ئاخىر جۈرئەت قىلالمىدى، ليۇباۋا چىرايى تاتارغان، كۆزلىرى يوغىناپ كەتكەن، ئوڭ پېشانىسىگە بىر تۇتام چېچى چۈشۈپ تۇرغان ھالەتتە مىتكاغا يېقىنلىشىپ لېۋىنى ئۇنىڭكىگە شۇنچىكىلا تەگكۈزدى-دە، ئۆزىنى شارتتىدە تارتىۋالدى.

— خالايىق، شۇنداق قىلسا بولامدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى ستېپان ماتۋېيېۋ دەل جايىدىن تۇتۇۋېلىپ. ئۇ ھاراقنى جىق ئىچىپ خېلىلا قاتتىق كەيپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پىششىقان ئۇۋۇچىغا خاس ئۆتكۈر كۆزلىرى يەنىلا چاقناپ تۇراتتى.

— بولدى قىلىڭلار، ئەمدى، — دېدى پراگىيە ئارىلىشىپ، — كېلىنچەكنى كۆرسەڭلار، تاماشايىڭلارنى قىلساڭلار بولمامدۇ. ئۆيۈڭلەردە ئۆزەڭلەرنىڭ سۆيىدىغان-كۆيىدىغىنىڭلار تۇرۇپتۇغۇ، ئەمدى بولدى قىلىڭلارچۇ.

— ئۆرپ-ئادىتىمىز يول قويمايدۇ-دە، — دېدى ستېپان ئۇنىماي.

— ئۆرپ-ئادىتىمىز بويىچە يەنە كېلىن بېشىغا ياغلىق ئارتىشى كېرەك ئىدى، — دەپ غوتۇلداپ قويدى پراگىيەنىڭ ھەمراھى سامسانىنخا موماي.

— ئەتتىگەي، مېنىڭ مۇشۇنداق خوتۇنۇم بولىدىغان بولسا، —

دېدى كوركا كۆزىنى قىسىپ، — قانغۇدەك سۆيۈۋالغان بولاتتىمدە، — ئۇ شۇنداق دەپ تەمبەل يەلكىسىنى قېقىپ قويدى. شۇ تاپتا گارمون بولسا، گارموننى راسا سايرىتىپ، مىتكانى مۇشكۇل ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغان بولاتتى.

مىتكانىڭ ئۆۋچى ھەمراھلىرى بىر-بىرىگە يېقىن ئولتۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ رومكىلىرىغا تولدۇرۇپ ھاراق قۇيۇلدى. مىتكا دەسلەپ كۆپچىلىككە، ئاندىن گارمون تەڭشەۋاتقان كوركاغا قارىدى، ئۇنىڭ قەلبىنى قانداقتۇ بىر غەم-قايغۇ قاپلىغانىدى...

ئۆۋچى يىگىتلەر ئۇسسۇلغا چۈشتى، ئۇلار كەيپلىكىدىن پۇتلىرىنى ئېغىر-ئېغىر ئالاتتى، بىراق ناھايىتى ئەستايىدىل دەسسەيتتى. ئۇلار شۇنداق ھەۋەس بىلەن ئوينىدىكى، پول غىچىلداپ، شىرەدىكى رومكىلار جىرىڭلاپ كەتتى، تورۇسقا ئېسىلغان چىراغ گويا يەر تەۋرەۋاتقاندەك پۇلاڭلايتتى. يىگىتلەر ليۇباۋانىمۇ ئۇسسۇلغا تارتتى، ليۇباۋا خۇش ياقمىغان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چۈشتى. يىگىتلەر ئۇنىڭ چىرايلىق، لەرزان ئوينىغانلىقىدىن بەك رازى بولۇپ كەتتى.

— نېمىدېگەن چىرايلىق قىز-ھە، — دەپ ماختايتتى سامسانىنىخا موماي، — بىراق، ئۇ نېمىشقا ئۇنداق غەمكىندۇ؟

ھەۋەس بىلەن بېرىلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ليۇباۋانىڭ مەڭزلىرى قىپقىزىل قىزىرىپ، كۆزلىرىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى چاقنىدى، بىراق بۇ نۇرلار يەنە بىردىنلا خىرەلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار ئارىسىدىن چىقىپ تالاغا ماڭدى. مىتكا ئىككىلىنىپ بىردەم تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتى. ئۇ ماكاروۋكا كەنتىنىڭ ئاسمىنىنى قاپلىغان يۇلتۇزلارغا، ئاسمانىنىڭ بىر

قىرىدا پارلاپ تۇرغان يېڭى ئايغا نەزەر سالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ پەلەمپەيدە ئولتۇرغان لىۋباۋانى باشتا كۆرمەي قالدى. كۆرگەندىن كېيىن بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن چىقمىسامۇ بوپتىكەن دەپ پۇشايمان قىلدى. بىراق، كۆرگەندىكەن، ئەمدى گەپ قىلماي كىرىپ كەتسە بولمايدۇ.

كەڭ زېمىن ئۈستىنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى نېمىدېگەن گۈزەل-ھە! ئەتراپ ھەتتا قۇلاقنىڭ زىڭىلداشلىرىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولىدىغان دەرىجىدە جىمجىت ئىدى. كۆز كەلگىنىگە خېلى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، سوغۇق تېخى ئادەم مۈزلەيدىغان دەرىجىگە بارمىغانىدى. ھۈزۈر بەخش بۇ سالقىن ھاۋا كىشىدە شۇنداق بىر ئۈمىدنى يەنى بىپايان كەڭ زېمىندا ئىشەنچ بىلەن ئالغا چامداپ مېڭىۋەرگەندە، نېمىنىدۇ تاپقىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىر ئۈمىدنى پەيدا قىلاتتى.

— مۈزلىدىڭىزمۇ، لىۋباۋا؟ — دەپ سورىدى مىتكا ئېھتىيات بىلەن.

لىۋباۋا ئۇزاققىچە جاۋاب قايتۇرمىدى. شۇ تاپتا مىتكاغا ئۇ ئۇزاق بىر يەردىن، ئۇنىڭ ئۆزى تۇگۇل، ھەتتا ئۇنىڭ ئوي-خىيالىمۇ يېتىپ بارالمايدىغان چەكسىز ئۇزاق بىر يەردىن بۇ پەلەمپەيگە كېلىپ قالغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

— ياق، مۈزلىمىدىم، — جاۋاب بەردى لىۋباۋا.

— تېخى سوغۇق چۈشىدىغان ۋاقىت كەلمىدى، — دېدى مىتكا ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ، — 11-ئايدىن تارتىپ قاتتىق سوغۇق بولۇشقا باشلايدۇ.

مىتكا بىر قۇر يېڭى كىيىم كىيگەن بولۇپ، ئاق نىلون كۆڭلەك-

نىڭ تۆگمىسىنى تولۇق ئېتىۋالغانىدى، بۇ ھال ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قانداقتۇ بىر خىل سۆيۈنۈشلۈك بولۇپ تۇيۇلاتتى.

ليۇباۋا گەپمۇ قىلمىدى، كەينىدە قورۇنۇپ تۇرغان مىتكاغا بۇرۇلۇپ قاراپمۇ قويمىدى. بۇ چاغدا ھاراق ئىچىپ راسا قىزىۋالغان كوركا ئۆيدىن گارموننى چالغىنىچە ئۈچقاندەك چىقىپ پەلەمپەينىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ گارمون چېلىپ بەللىرىنى شۈنداق كېلىشتۈرۈپ تولغىدىكى، ئۆگە-ئۆگىلىرى گويا چاك كەتكەن چىرىمىدان مۇزدەك غىرىسلاپ كەتتى. ئۇ قىزىقچىلىق قىلىپ دېدى:

— ھەي، ئېغىز تەگكىن سۈت قۇيۇلغان تاتلىق نانغا، قىزچىقىڭنى باشلىمامسەن ئىسسىق كاڭغا.

— بوشراق، — دېدى مىتكا ھوش-ش قىلىپ، — سەتلەشمە-سەڭچۇ!

كوركا ئۇن چىقارمىدى، تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى ۋە بىردەمدىن كېيىن بوش ئاۋاز بىلەن:

— پات ئارىدا تاغقا ئۇۋغا ماڭىمىز. ئەمدى كېچىدە سوغۇق بولىدىغان بولۇپ قاپتۇ، — دېدى.

— يەنە ئىككى ھەپتىلەردىن كېيىن كېتىپ قالىمىز، — دېدى مىتكا جاۋابەن، — مەن ۋېرخودنىكا دەرياسى مۇز تۇتقىچە سۇ يولى بىلەن بېرىۋالسامىكىن دەۋاتىمەن.

— كېمەڭگە دەريا قىنىدىكى خادا تاشلار توسالغۇ بولماسمۇ؟

— ياق، بۇ يىل دەريادا سۇ ئۇلۇغ، خادا تاشلار چوڭقۇردا قالىدۇ.

— ئېھتىمال، — دېدى كوركا قوشۇلۇپ، — دەريادا كېتىۋاتقىنىڭدا مەن ئۇۋچىلىق قىلىدىغان رايوندا قىرغاقىقا يېقىنلىشىپ قالغۇدەك

www.uyghurkitap.com

بولساڭ مېنى ئىزدىگىن.
— مەن قىرغاقتا چىقىدىغان جاي يېقىندىراق، زوكادا چىقىمەن.
— ئۇ يەرمۇ مەن بار يەرگە يىراق ئەمەس.
— ماقۇل. سېنىڭكىگە بېرىپ قېلىشىمۇ ئېھتىمال، قېنى ئەھۋالغا قارارمەن.

مىتكا ئايالنىڭ رېتىمسىز نەپەس ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ تېخى ئۇخلىمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ ئوڭدىسىچە ياتاتتى. ئۇ ئايالغا ھەتتا شۇنچىكى تېگىپ كېتىشكىمۇ پېتىنالمايتتى. ئۇ قانداقتۇ بىر قورقۇنچلۇق نەرسىنىڭ ئۆزىگە تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىدىن، ئۆزىنى قورقۇتۇۋاتقانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىكى قورقۇنچنىڭ غەلىتىلىكى ۋە چۈشىنىكسىزلىكىدىن ئەجەبلىنەتتى. ليۇباۋانى قۇچاقلاشقۇ ئوڭاي ئىش، بىراق، مىتكا ئۇنداق قىلالمايتتى. ئۇنىڭ قوللىرى گويا مۇز تاڭغاندەك سوغۇق، قوغۇشۇن قۇيغاندەك ئېغىر ئىدى. قانداقتۇ بىر خىل ئەلەملىك تۇيغۇ ئۇنى پاراكەندە قىلاتتى، بۇ تۇيغۇ ئۇنىڭغا گويا يىراقتىكى قىرغاقتىن كۆرۈنۈۋاتقان سۇس ئوتتەك غۇۋا مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.
— مىتا①، رەنجىمىگىن، — دېدى بىردىنلا ليۇباۋا بوش ئاۋازدا تەمكىنلىك بىلەن، — مېنى كەچۈر.
— رەنجىمىدىم، — جاۋاب بەردى مىتكا ھەسرەت ئارىلاش، — بۇ نېمە دېگىنىڭ ليۇباۋا.
— مەن تۇرمۇشۇڭغا زامىن بولدۇم، مىتا، — دېدى ليۇباۋا ئۇھ

① مىتا، مىتكا دېگەنلەر مىخائىلنىڭ كىچىك ۋە ئەركىلەتمە ئېتى.

تارتىپ، — ئۆز ۋاقتىدا بۇنداق بولارنى ئويلىماپتىكەنمەن، ئەمدى بولار ئىش بولدى، كېچىكتىم...

ئىككىيلەن ئۈن-تىن چىقارماي يېتىشتى. سائەتنىڭ چاكىلدىغان، سۇنىڭ سۇ كۆلچىكىدىن قۇرۇق داسقا تامچىلاۋاتقان ئاۋازى بىلەن نېرىقى ئۆيدىن پراگىيەنىڭ ھېلىدىن-ھېلىغا چوڭقۇر ئۇھ تارتقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

— ليۇباۋا، — دەپ چاقىردى مىتكا ئاستا، — ھەممە ئىش ئۆز يولىدا ئۆتۈپ كېتىدۇ. تولا پۇشۇقمىغىن.

— مەن پۇشۇقمايمەن، مىتا، — دەپ جاۋاب بەردى ليۇباۋامۇ ئاستا.

شۇ چاغدا بىر ئاقار يۇلتۇز كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆچىدىغان كۆكۇش يايىسمان نۇر ھاسىل قىلىپ، كېچە ئاسمىنىنى ئاستا يېرىپ ئۆتتى-دە، يىراقتىكى تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ غايىب بولدى.

## 7

ليۇبوكا 16 ياشقا كىرگەن چاغدا تۇرمۇش كولپەتلىرى ئۇنىڭغا تۇيۇقسىزدىن شىددەتلىك چاڭ سالدى. 10-سېنتەبىر ئوقۇۋاتقان چېغىدا، دادىسى بىلەن ئانىسى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قازا قىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر يىلنىڭ ئىچىدىلا باشقا دوستلىرىغا قارىغاندا خېلىلا پىشىپ قالدى، مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ بىر قىسىملا بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ ئانىسى بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن 12-ئاي كۈنلىرى ئۇشتۇمتۇت قازا قىلىپ كەتتى، ئاخشىمى ليۇبوكا تاپشۇرۇق ئىش-

لەپ ئولتۇراتتى. ئانىسى بولسا يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتى، شۇ ئۇيقۇغا كەتكەنچە ئىككىنچى ئويغانمىدى، ئۇ مەڭگۈگە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئانىسىنىڭ جان ئۈزگىنىنى ھەتتا دادىسىمۇ سەزمەي قالدى. دادىسى ئانىسى ياتقان كارىۋات تۆۋىدىكى سافادا يېتىپ قالغان، ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ بىر تال تاماكا چەكتى، بۇ چاغدا بەلكىم ئانىسى ئاللىقاچان جان ئۈزۈپ بولغان بولسا كېرەك. دادا بۇ ئىشتا قادداقلا قىلغان بىلەن ئۆزىنى ئەپۇ قىلالمايتتى. ئۇ ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا كاچكۇلغا چۈشۈپ كېتىپ قازا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ليۇبوكا دادىسىدىنمۇ ئايرىلدى. ئۇ ھەسرەت ئوتىدا ئۆرتىنەتتى، قايغۇ ئىچىدە ئازابلىناتتى، بىراق ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئېغىر بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى دەماللىققا ھېس قىلىپ كېتەلمەيتتى. ئۇ دوستلىرىدىن يىراقلاشتى، بىردىنلا ئۇلاردىن كۆپ چوڭ بولۇپ كەتتى، مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ غەلىتە بولۇپ قالدى. ۋىياچېسلاۋ غەمخورلۇق قىلمىغان بولسا قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتىكىن-تاڭ. ۋىياچېسلاۋ ليۇبوكانىڭ ئۆز بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەت ۋە قايغۇ-ئەلەملىرىنىڭ توساقلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈشىگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاۋايلاپ ياردەم بەرمەكتە ئىدى. ليۇبوكا باشتا ۋىياچېسلاۋنىڭ ياردىمىنى تەرسالىق بىلەن رەت قىلدى. ئۇنىڭ ھېسداشلىقىنى بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش دەپلا ھېسابلاپ، چىن كۆڭلىدىن قوبۇل تاپمىدى. ۋىياچېسلاۋچۇ، ئۇ بۇنى بايقىماي، ليۇبوكانىڭ دەردىگە ئەدەب بىلەن دەرمان بولۇپ كەلدى. ليۇبوكا ئانىسىنىڭ قازا تاپقىنىغا بىر يىل تولغان كۈنى كېچىچە بۇقسۇپ-بۇقسۇپ يىغلاپ چىقتى، ئەتىسى ئىشقىمۇ بارالمىدى. ئۇنىڭ ئۆيى سوغۇق، جىمجىت ۋە كۆڭۈلسىز ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئور-

www.uyghurkitap.com

نىدىن تۇرۇپ، ئوت يېقىپ، چاي راسلاپ ئىچىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. بىراق، ئۇ ئورنىدىن تۇرمىدى، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، تورۇسقا قارىغىنىچە ئۇزاق ياتتى. ئۇنىڭ كۆز يېشى تۆكۈلۈپ تۈگىگەنىدى، بېشى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئاغرىيتتى، يۈرىكى يالغۇزلۇق ئازابىدىن ئۆرتىنەتتى. ئۇ جەمئى ئىنسانىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللادىن ئۆزىگە نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئازابلىق تەقدىر بەخ-شەندە قىلغانلىقىنى تالاي قېتىملاپ سورىدى. دېمىسىمۇ بۇ دۇنيادا نېمە ئۈچۈن پەقەت ليۇبوكالا شۇنداق يېتىم-يېگانە قالىدۇ؟ ئۇ ئۆزىنى ئازابلاپ قىيناۋاتقان ئاچچىق دەرد-ئەلەملىرىنى كىمگە تۆكۈپ بېرىدۇ؟ ئۇنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ ئۇنىڭ قولىدىن ئىش تاشلاشتىن ئۆزگە ھېچنېمە كەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئىشقا بارمايلا قويدى.

ھاۋا سوغۇق، تالادا بوران ھۇشقىتماقتا. قايسىبىر يىلى گۈللۈككە ليۇبوكانىڭ دادىسى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ تىككەن ئاق قېيىنلار بوراندا قاتتىق لىڭشىيتتى. ئۇلار بۇ شىددەتلىك بوراننىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقاندەك، نابۇت بولۇپ كېتىدىغان-دەك قىلاتتى.

ليۇبوكا بېشىنى يوتقانغا تىقىپ ئۇيقۇغا كېتىش ئالدىدا تۇرغاندا، كىمدۇ بىرى ئىشىكنى يېنىككىدە چەكتى. بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن ئىشىك يەنە چېكىلدى. ليۇبوكا ئىدارىدىن ئەۋەتىلگەن ئادەم بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغۇسى يوق ئىدى. شۇ مىنۇتتا ئۇ ھېچكىم بىلەن سۆزلىشىشنى، ھېچكىمنىڭ ئىچ ئاغرىتىپ قارىغان، ھېسداشلىق قىلىپ ئاھ ئۇرغان ھالەتلىرىنى كۆرۈشنى خالىمايتتى. بىراق ئىشىك ئۈچىنچى قېتىم چېكىلدى.

ليۇبوكا سوغۇق پولنى يالڭاياغ دەسسەپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى-دە، تېگرقىغىنىدىن قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئارىلىقتا ۋېياچېسلاۋ تۇراتتى. ئۇ ليۇبوكانىڭ چالا-پۇچۇق كىيىنگەنلىكىنى كۆرۈپ سەل ئوڭايسىزلاندى-دە، قورۇق يۆتىلىپ قويۇپ كەينىگە چېكىندى.

— هوي، ۋېياچېسلاۋ ئىۋانوۋىچقۇ، — دېدى ليۇبوكا قوللىرىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ ئالاقزادە بولۇپ، — مانا، مانا، مەن هازىرلا چىقىمەن، ۋېياچېسلاۋ ئىۋانوۋىچ، هازىرلا...

ئۇ ياتىقىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئالمان-تالمان كۆڭلىكىنى ئىزدىدى. كۆڭلىكىنى تەستە تېپىپ ئالدىراپ كىيىپ، تۈگمىسىنى ئەتتى.

— مەرھەمەت، ۋېياچېسلاۋ ئىۋانوۋىچ، — دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن.

ۋېياچېسلاۋ خۇددى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدەك قورۇنۇش ئىچىدە ئۆيگە كىردى ۋە بىر قولاقلىقنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ، بېشىدىن تۇمىقىنى ئالدى.

ليۇبوكا بۇ چاغدا ئۆزىنى خېلى تۇتۇۋالغان ۋە باياتىنقى ھەسرەتلەردىن خالاس بولۇپ قالغانىدى، ئۇ ئۆزىنى ھاياتىدا قانداقتۇ بىر ئەھمىيەتلىك ئىش يۈز بېرىدىغاندەك سېزىپ، خېلى خۇشال بولۇپ قالدى.

— بۇ ياققا كېلىپ ئولتۇرۇڭ، ۋېياچېسلاۋ ئىۋانوۋىچ.

— ئۆيۈڭ ئەجەبمۇ سوغۇق ئىكەن، ليۇبا، — ۋېياچېسلاۋنىڭ ھۇۋ قىلىپ چىقارغان تىنىقى تۇمانغا ئايلىنىپ ئۆيگە تارقالدى، — قارىغاندا، ئوتۇندىن قىسىلىۋاتقان ئوخشايسەن.

— ئوتۇن بار، ۋىياچېسلاۋ ئىۋانوۋىچ، مانا ھازىر...ئولتۇرۇ-
ۋېرىڭ...تۇرماڭ...

ئوچاقتا يالقۇنجاپ ئوت كۆيۈشكە باشلىدى، ئوتنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ھۇشقىتىپ چىقىۋاتقان بوران ئاۋازىنى نەلەرگىدۇ قوغلىۋەتتى، ئوت يېقىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ليۇبوكانىڭ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىردىنلا چوڭقۇر خىيالغا پاتتى ۋە خىيال سۈرۈۋېتىپ ئۆزىنى باشقىچە ئادەم بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى. شۇ بىرنەچچە مىنۇتتا ئۇنىڭ ھاياتىغا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى مەزمۇن قوشۇلدى. ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئوت يېقىشى ۋە ئۆي يىغىشتۇرۇشى بىر ئىش بولسا، ۋىياچېسلاۋنىڭ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا نەزەر سېلىپ تۇرۇشى پۈتۈنلەي باشقا بىر ئىش ئىدى. ئۇ بۇنى تۇنجى قېتىم بىلىپ يەتتى. ئۆزىدە شۇنداق ئوي پەيدا بولغانلىقىنى سەزگەندە بولسا ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى ۋە ۋىياچېسلاۋ مېنىڭ نېمىنى خىيال قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىۋالدى بولغاي دەپ بەك ئوڭايسىزلاندى.

— ھەي، ليۇبا، — دېدى ۋىياچېسلاۋ بىر خىل تەشۋىشلىك ئاۋازدا، — ئۇنداق قىلما...ئادەم يالغۇز ئۆزىنىڭلا كۈچى بىلەن ھېچ ئىش قىلالمايدۇ، سەنمۇ شۇنداق. دەرۋەقە، ئاتا-ئانىدىن ئايرىلىش كىشىگە بىر ئازاب، ئىنتايىن ئېغىر ئازاب. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن كىشىلەرگە ئارىلاشماي، دەردىڭنى ئىچىڭگە يۇتۇپ يۈرۈۋەرگەن بىلەن بولمايدۇ، ئويلاپ باققىنا، داداڭ ھايات ۋاقتىدا تۇرمۇشنى نەقەدەر سۆيەتتى، نەقەدەر ئۈمىدۋار ئىدى، ئەگەر ئۇ سېنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالدا يۈرگىنىڭنى بىلىدىغان بولسا، سەندىن رازى بولمايدۇ. بەلكىم گېپىم خاتادۇ ليۇبا، بىراق مەن سېنىڭ

روھلۇق يۈرۈشۈڭنى ئۈمد قلمەن. گېپمنى چۈشنۋاتامسەن؟ — ئۇ سوئال نەزرى بلەن سەل خجل بولغان قياپەتتە ئۇنڭغا قاردى.

— چۈشنۋاتمەن، ۋياچېسلاۋ ئىۋانوۋىچ.

ليۇبوكا ۋياچېسلاۋنڭ گېپنڭ مەنسنى تولۇق چۈشەندى. ئۇ ۋياچېسلاۋدن ھەرگز ئۆزەمنى قاچۇرمايمەن دەپ ئويلىدى. ئۇ ۋياچېسلاۋ بلەن بللە بولسا ئۆزنى يېنك ۋە خۇشال ھېس قلاتتى، ئۇنڭ بلەن، پەقەت ئۇنڭ بلەنلا كېچە-كۈندۈزلەپ مۇڭداشقۇسى كېلەتتى، باشقلار بلەن مۇڭدىششنى بولسا پۈتۈنلەي مەنسز ھېس قلاتتى. بۇ ئۇنڭدكى سەۋەنلكمۇ؟

— ماقۇل، ليۇبا، سېنى پات-پات يوقلاپ تۇرمەن، خالامسەن؟ — سورىدى ۋياچېسلاۋ ئۇنڭ كۆڭلنى چۈشەنگەندەك. ليۇبوكا بۇ سوئالدن باشتا ئوڭايسزلاندى، كېين ئۆزنى ئوڭشىۋالدى-دە، ئاستا دېدى:

— ھەئە، خالايمەن.

ۋياچېسلاۋ ليۇبوكانى بۇنداق جاۋاب بېرەر دەپ ئويلىمىدى بولغاي، ھەيرانلق ۋە تېكسرقاش ئچدە ئۇنڭغا قاردى. ئۇنڭ بېشنى تۆۋەن قلپ مۇڭلنپ ئولتۇرغان ھالتنى كۆرگنندە ئچى سېرىلپ كەتتى.

— ماقۇل، مەن پات-پات كېلپ تۇرمەن، — دېدى ۋياچېسلاۋ بىر-ئككى يۆتلپ، — سېنى تېخى بېلق تۇتقلى ئېلپ بېرىشمۇ مۇمكن.

— ھە، بېلق تۇتقلى دەمسز! — ليۇبوكا ئورندن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، — مەن بارمەن، مېنى ئالغاچ بېرىڭا، ۋياچېسلاۋ

ئۇۋانوۋدچ، ئالغاچ بىرىلىك، ماقۇلمۇ؟

ليۇبوكانىڭ چىرايىدىكى قايغۇ ئالامىتى بىردەمدىلا قاياقلار-غىدۇ يوقالدى. مەڭزلىرىگە قىزىللىق يۈگۈرۈپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىچىلىپ-يايراپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ۋىياچېسلاۋ يىللىق بىر كۈلۈپ، كېسىپ جاۋاب بەردى:

— جەزمەن ئاپىرىمەن.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار دېگەندەك بىللىق تۇتقىلى باردى. ئوچۇق ۋە گۈزەل ئەتىگەن. ئامۇر دەرياسىنىڭ ئۈستىنى خۇددى شايىدەك ئاق تۇمان قاپلىغان، تۇمان مەيىن شامالدا دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قاراپ ئىس-تۈتەكلەرگە ئوخشاش ئۈزۈپ باراتتى. كۆپكۆك ئاسمان يۇيۇپ قويغاندەك سۈزۈك ئىدى، ئەتىگەنكى قۇياش تاغ كەينىدىن ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. بۇ گۈزەل ئەتىگەن بىلىق تۇتۇش ھەۋىسىدىن كېلىۋاتقان لەززەت بىلەن قوشۇ-لۇپ ليۇبوكانى باشقىچىلا خۇشال قىلىۋەتكەنىدى. ليۇبوكا سازاڭ قاچىلانغان ئېغىر چېلەكىنى كۆتۈرۈپ، قەدەملىرىنى چوڭ-چوڭ ئېلىپ ۋىياچېسلاۋنىڭ كەينىدىن خۇشال كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ماتور-لۇق كېمىگە ئولتۇرۇپ دەريا شاخاپچىسىدا ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. كېمە قۇياشنىڭ دەريا يۈزىگە سەپكەن ئالتۇن نۇرلىرىنى يېرىپ، ئارقىسىدا بۇژغۇنلاپ تۇرغان دولقۇنلۇق ئېقىم قالدۇرۇپ ئۈزۈپ باراتتى. تەبىئەت بەكمۇ گۈزەل ئىدى، ليۇبوكا شادلىقتىن يايراپ كەتتى. ۋىياچېسلاۋ ئۇنىڭ چېچىنى ئىختىيارسىز بوش سىلاپ قويدى. شۇ دەقىقىدە ئۇ رولىنى قويۇۋېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن كېمە بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كەتتى-دە، ۋىياچېسلاۋ ئۆزىنى تۇتۇۋا-لالماي يان تەرەپكە يىقىلدى، شۇ چاغدا كېمىنىڭ يان تەرىپىدىن

www.uyghurkitap.com

ۋاشىشدە بۇزغۇن كۆتۈرۈلدى. لىيۇبوكا چۆچۈپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە ئىختىيارسىز ۋىياچىسلاۋغا چىڭ چاپلىشىۋالدى. خەتەر كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى، كېمە ئۇچقاندەك كېتىۋەردى، ئىككىيلەننىڭ قەلبىدىكى قورۇنۇش ۋە ئۇڭايسىزلىقمۇ نەلەگىدۇ غايىپ بولدى. شۇ تاپتا لىيۇبوكانىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە قانداقتۇ بىر ئۈمىد پارلايتتى. ئۇنىڭ نېمىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى ئۆزىگە نامەلۇم ئىدى. بەلكىم ئۇ قانداقتۇ بىر مۆجىزىنىڭ روي بېرىشىنى ئۈمىد قىلسا كېرەك. ئادەمنىڭ ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان مەزگىلدە ھەممىدىن بەك خىيالچان بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلسىڭىز كېرەك.

سەپەر بىكارغا كەتمىدى، ئۇلار نۇرغۇن بېلىق تۇتتى. ۋىياچېسلاۋ چوڭ بىر تاپان بېلىقنى تارتىۋېتىپ خۇشاللىقىدىن لىيۇبوكاغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— تۇتتۇم! بۇ كەپسىز جۇۋاينىمەك قارماققا چۈشتى.

— مەنمۇ تۇتتۇم! بۇ يەردىمۇ بىرى قارماققا چۈشتى، — دەپ ۋارقىرىدى لىيۇبوكامۇ ۋىياچېسلاۋغا.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 بولدى، ئەتىگەنلىك بېلىق تۇتۇش مەشغۇلاتى ئاياغلاشتى. ۋىياچېسلاۋ كەيپى ئۇچقان ھالدا دېدى:

— ئەپسۇس، لىيۇبا، قازان ئالغاچ كەلمىگىنىمىزنى قارا، قازان بولغان بولسا، يېڭى بېلىق شورپىسى ئىچەتتۇق دېگىنە.

— كېلەر قېتىم جەزمەن ئالغاچ كېلەيلى، — دەپ قويدى لىيۇبوكا ئانچىكىلا.

كېيىنكى قېتىمدا ئۇلار راستلا بېلىق شورپىسى ئىچتى. شورپا ناھايىتىمۇ ئوخشىغان بولۇپ، كىشىگە ئۆزگىچە لەززەت بېرەتتى. ئۇلار جاھان جىمىقىپ، ئاسماننى يۇلتۇز قاپلىغان چاغدا ئاندىن

قايتىشتى. جىمجىتلىقتا ماتورنىڭ تەكشى گۈركىرىگەن ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئۇششاق-ئۇششاق بۈزغۈنلار ھېلىدىن-ھېلىغا كېمىگە چاچرايتتى. يىراقتىكى قىرغاقتا رازدورنويىي بازىرىنىڭ ئارا-ئارا يېنىۋاتقان چىراغلىرى كۆرۈنەتتى. لىيۇبوكا ھەم شۇ چىراغلارغا تەلپۈنەتتى، ھەم نېمىشقىدۇ ئۇلاردىن يىراقلاپ كەتكۈسى كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتقۇسى يوق ئىدى، ئۇنىڭ قەلبىدە كېمە بىزنى ئېلىپ توختىماي ئۈزسە، ۋىياچېسلاۋنىڭ سەل قورۇنۇش چىقىپ تۇرغان ئويچان چىرايى بىلەن مۇڭلۇق ۋە سەمىمىي كۆزلىرىگە مەڭگۈ ھەمراھ بولسام دېگەن ئارزۇ-ئۈمىد ئوت بولۇپ ياناتتى. ئۇنىڭ قەلبىنى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل تېپىلىنچ بەخت تۇيغۇسى بىلەن ئۆز تۇرمۇشىدىكى قانداقتۇ بىر كەم نەرسىنى تولدۇرۇش تۇيغۇسى چۇلغىۋالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خۇشاللىقىدىن ياشرىتىپ ناخشا ئېيتقۇسى كەلدى، يەنە بىردىنلا نېمە ئۈچۈندۇ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىغۇسى كەلدى.

ماتورنىڭ ئوتى ئۆچتى. ۋىياچېسلاۋ تاماكا تۇتاشتۇردى. سەرەڭگە ئوتىنىڭ قىسقا نۇرى ئۇنىڭ يادىڭغۇ يۈزىنى، مۇلايىم كۆزلىرىنى، سەل ئېچىلغان لەۋلىرىنى يورۇتتى. لىيۇبوكانىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە قانداقتۇ بىر خىل تەمكىن ۋە سېھىرلىك بەخت تۇيغۇسى مەۋج ئۇردى، ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغانىدەك بىر ھالەتتە لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ، بوش ئاۋاز بىلەن چاقىردى:

— ۋىياچېسلاۋ ئىۋانوۋىچ...

ئۇ جاۋاب كۈتمەيلا، تىزىنى ئاستا پۈكتى-دە، بېشىنى جىم-جىم پەسلىتىپ ۋىياچېسلاۋغا يېقىنلاشتى.

— نېمە بولدۇڭ، لىيۇبا؟ — سورىدى ۋىياچېسلاۋ مۇلايىملىق

www.uyghurkitap.com

بىلەن.

— ۋىياچېسلاۋ ئىۋانوۋىچ، — دەپ يەنە چاقىردى لىيۇبوكا ۋە تار يەلكىسىنى تىترىتىپ بۇقسۇپ يىغلىدى. ۋىياچېسلاۋ يىگىتلىك قوللىرى بىلەن لىيۇبوكانىڭ چاچلىرى ۋە مەڭزلىرىنى سىلىدى. لىيۇبوكا ئۇنىڭ قولىدىكى بېنزىن پۇرىقى دىمىغىغا ئۇرۇلغاندا ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلدى.

كېمە دەريادا يېنىككىدە ئۈزۈپ باراتتى، ئاسماندىكى تولۇن ئاي شولىسىمۇ تىنىمسىز دولقۇنغا ئەگىشىپ بىر خىلدا ئۈزۈپ باراتتى. لىيۇبوكا چايقىلىپ تۇرغان ئاي شولىسىغا قېتىپ قاراپ قالدى، پۈتكۈل دۇنيا ۋە دەرد-ئەلەملىك تۇرمۇش ئۆزى ئۈچۈن شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتىمۇ، ياكى بولمىسا ئۆزى مۇشۇ دۇنيادا ۋە دەرد-ئەلەملىك تۇرمۇش ئىچىدە غايىب بولدىمۇ، لىيۇبوكا بۇنى بىلىپ يېتەلمەيتتى.

## 8

جىمجىت، ئاسايىشلىق كۈز. كېچىلىك قىرودىن كېيىن، يىراقتىكى نەرسىلەر ئادەتتىن تاشقىرى ئېنىق كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، زېمىن شامال چىقىپ يوپۇرماقلارنىڭ توكۇلۇشىنى كۈتمەكتە ئىدى. شالاڭ ئاق قېيىن ئورمانلىقىنى سېرىقلىق قاپلىغان، تېرەك ئورمانلىقى ئوتقاشتەك قىزارغانىدى. كەچ كۈزدە گۈللەر تېخىچىلا پورەكلەپ ئېچىلىۋاتسا، دەرەخلەردە يوپۇرماقلار بارا-بارا شالاڭلاپ كېتىۋاتاتتى. بىر تال يوپۇرماق شېخىدىن ئايرىلىپ، لەپەڭشىپ ئۇچقىنىچە يەرگە چۈشتى، ئاندىن يەنە بىرى چۈشتى، كۈن نۇرىدا

ئۇنىڭ تومۇرلىرى ئېنىق كۆرۈنەتتى. يەرگە چۈشۈۋاتقان يوپۇرماققا ئالقىنىڭىزنى تۇتۇپ تۇرسىڭىز، يوپۇرماقنىڭ ئالقىنىڭىزدا بوش تىترەۋاتقانلىقىنىلا سېزىپ، ئېغىرلىقىنى سېزەلمەيسىز، شۇ ئاندا كۆڭلىڭىزنى قانداقتۇ بىر غەشلىك قاپلايدۇ، يوپۇرماقنى قويۇۋەتكىنىڭىزدە، ئۇ شامالدا ئۇچۇپ نەلەرگىدۇ كېتىدۇ.

كۈز. كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان پەسىل. بۇ غەشلىك ھەممە كىشى ئۈچۈن ئايان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن مەنىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. بەزىدە سىزنى توساتتىن قانداقتۇ بىر غەم چىرمىۋالىدۇ-دە، سىزدە تۈنۈگۈن خىيالىڭىزغىمۇ كەچمىگەن بىر ئوي — ئاللىقانداق بىر يىراق جايغا كېتىش ئويى تۇغۇلىدۇ. سىز بۇنداق ئوينىڭ تېگىگە ھەرقانداق ۋاقىتتىمۇ يېتەلمەيسىز.

كۈز. كۆك ئاسماننى ياڭراق سادا قاپلايدۇ. قۇشلار قاتار-قاتار سەپ تۈزۈپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سايراشقىنىچە ئۇچۇپ ئۆتىدۇ. ئارقىدىن شىمال تەرەپتىن ساۋام-ساۋام بۇلۇتلار ئۈزۈپ كېلىشىدۇ، ئۇلار باشتا ئېگىز دېرەك، شالاڭراق بولسا، كېيىنچە پەسلەپ قويۇقلىشىدۇ، بۇلۇتلار ئارىسىدىكى ئوچۇقلۇقلاردىن كۆپكۆك ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كەچقۇرۇنلۇقى كۈز شامىلى چىقىپ، دېرىزىلەرنى تاراقشىتىپ، قۇرۇق چېلەكلەرنى ئۆرۈپ-دومىلىتىپ، بىرپەس چۇقان-سۈرەن كۆتۈرۈۋېتىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. يېرىم كېچىدە قانداقتۇ بىر ئالۋاستىنىڭ قىچقىرىۋاتقانلىقىنى، ئىڭراۋاتقانلىقىنى، يىغا-زار قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىسىز، شۇنىڭ بىلەن يوپۇرماق تۆكۈلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ يېتىسىز. ئەتىسى دېرىزىدىن تالاغا قارىغى-

نىڭىزدا تەبىئىي ئورمانىنى تونۇيالىماي قالسىز. ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىدىن ئايرىلىپ، رەڭدىن مەھرۇم بولۇپ، يالىڭاچلىنىپ سەتلىشىپ كەتكەن، ئۆزىنىڭ يېشىللىقىنى نامايىش قىلىۋاتقان يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخلەرگە قاراپ ئازابلىنىۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ، كۆڭلىڭىز غەشكە تولىدۇ. مانا بۇ كۈزنىڭ ئاياغلىشىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت...

ماكاروۋكا كەنتى چۇقان-سۈرەنگە تولۇپ، قاينام-تاشقىنلىققا چۆمدى. ئوۋچىلار ئوۋ ئۈچۈن ئورمانغا يۈرۈش قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلماقتا. ئاياللار كوچىدا ئۇچقاندەك چېپىپ يۈرىدۇ. خۇشاللىققا چۆمگەن ۋە ھاياجانلانغان ئەرلەر سەپەر ھارىقى ئىچىشنىمۇ قويۇپ، ئوۋچىلىق كوپىراتىپى ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا يىغىلىشتى. بۇ ئۇلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان يىغىلىشى ئىدى. كۆپچىلىك قىسما-قىسما ئىشلار ئۈستىدە سۆزلىشەتتى. ھەربىر ئوۋچى ئۆزىنىڭ ئوۋچىلىق بابىدىكى كارامەتلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن سۆز قىستۇرۇشقا ئىنتىلەتتى.

ئوۋچىلىق كوپىراتىپىنىڭ ياش جىگىلىسى يېگور ئىۋانوۋىچ ئالىي مەلۇماتلىق ئادەم ئىدى. ئۇ يىگىتلەرنىڭ پىكىر-تەكلىپلىرىگە خۇش خۇيلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ قۇلاق سالاتتى، يىگىتلەرمۇ ئۇنىڭ خۇش خۇي مىجەزىنى، قەيسەر پەزىلىتىنى ياخشى كۆرگەچكە ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى ۋە كۆڭلىدىكى گەپنى ئۇنىڭدىن ئايىمايتتى. ئىش كۆنگەن ئادەت بويىچە داۋام قىلماقتا: ئاياللار ئۆيلىرىدە ئەرلىرىنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكلىرىنى ۋە لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلىماقتا. ئەرلەر بولسا ئوۋچىلىق كوپىراتىپىنىڭ ئىشخانىسىغا يىغىلىپ، قىزىق-قىزىق پاراڭلارنى سېلىشماقتا. بىر-بىرىدىن ئوۋ مەزگىلىدە نېمىلەرنى

قىلدىغانلىقلىرىنى، بولغۇن تېرىسىنىڭ باھاسىنى سوراشماقتا. يەنە
بۇ يىل بولغۇنلارنىڭ كىم-كىملەرنىڭ ئوۋچىلىق رايونىدا پەيدا
بولىدىغانلىقى، كىمنىڭ ئامىتى كېلىپ ئۇنى جىقراق قولغا چۈشۈر-
دىغانلىقى ئۈستىدە پىكىر قىلىشماقتا ئىدى.

پەقەت مىتكالا چەتتە قانداقتۇ بىر خىل ھەسرەت ئىلكىدە ئۈن
چىقارماي ئولتۇراتتى. تۇمان ئاستىدا ياتقان يىراقتىكى تاغلار،
سوغۇق قارامتۇل دەريا سۈيى ۋە ساپ ھاۋا ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ،
كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا تىك ئۇچار ئايروپىلانىنى
كۈتمەيلا، ئۆزىنىڭ يىراقتىكى ئوۋچىلىق رايونىغا كەتكۈسى
كېلەتتى. ئۇ ئۇ يەرگە جىق بارغان، كۆنۈپ قالغانىدى، ئۇ يەرنىڭ
ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ھەتتا ئۇ يەرنىڭ قىش ئالدىدىكى
غەمگە پاتقان چوڭ-چوڭ دەرەخلىرىمۇ يالىڭاچلىنىپ قالغان شاخ-
لىرىنى ئاسمانغا سوزغىنىچە ئۇنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. يىگىتلەر
ئۇنىڭ قەلبىنىڭ قانداقتۇ بىر يوشۇرۇن ھەسرەت ۋە تايىنى يوق
ئازاب ئىچىدە ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى بىلگەن بولسا كېرەك، ئۇنى
چۆچۈتۈۋەتمەسلىككە تىرىشاتتى، ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدەك چاقچاقمۇ
قىلمايتتى...

شۇ چاغدا لىيۇبوكا ئورماندا ئۆزى يالغۇز كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ
قۇلىقىغا تاپىنىدىكى قىرو باسقان غازاڭلارنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى
بىلەن مۇزلاپ قاتقان يەرگە دەسسەپ كېتىۋاتقان ئاياغ ئاۋازىدىن
باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئۇ ئالدىنى توسقان شاخلارنى ھېلىدىن-
ھېلىغا قايرىپ ئالغا باراتتى. كىچىككىنە بىر قۇشقاچ شامالدا
يىقىلىپ چۈشكەن قاخشال دەرەخ ئۈستىگە بەھۇزۇر قونىدى-دە،
بىر كۆزىنى قىسىپ، يەنە بىر كۆزى بىلەن باشقا ياققا بۇرالغان

ليۇبوكاغا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، شاخستىن ـ شاخىقا سەكرەپ نەلەرگىدۇ ئۇچۇپ كەتتى.

ليۇبوكا دەريا قولتۇقىغا كېلىپ توختىدى، ئۇنى كۆز ئالدىدىكى گۈزەل مەنزىرە مەپتۇن قىلىۋالدى. شاۋقۇنلاپ تۇرغان دەريانىڭ ئۇ قېتىدا سارغۇچ كەڭ ساي، سايىنىڭ ئايىغىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغلار، تاغلارنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلار كۆرۈنەتتى. كۆكۈش جىلغىنى تۇمان باسقان، ئېگىز تۆپىلىكنى كۈمۈچ رەڭلىك يالتىراق قار قاپلىغانىدى. بۇ چىرايلىق مەنزىرىدىن ليۇبوكانىڭ كۆڭلى يايراپ، قەلبى ھاياجانغا تولدى. ئۇ ئالغا قاراپ يەنە بىر نەچچە قەدەم چامداپ توختىدى ـ دە، قورام تاشلىق تۆپىلىكنىڭ يېنىدا بىر پەس جىمجىت تۇرۇپ قالدى. تۆپىلىكنىڭ باغرىدا ئېقىۋاتقان دەريادىن سوغۇق ھاۋا ۋە بىر خىل سىرلىق تۈيغۇ كېلىپ تۇراتتى. قورام تاشلار ھېلىدىن ـ ھېلىغا دەرياغا دومىلاپ چۈشەتتى. شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان سۇ تاشقىن مەزگىلىدە قىرغاقتا دۆۋىلەنگەن ياغاچلارنى ئېقىتىپ كېتەتتى.

ليۇبوكا ھەم مەپتۇنلۇق، ھەم قورقۇنچ ئىچىدە كەينىگە بىر ـ نەچچە قەدەم چېكىندى، بىراق شۇ چاغدا قانداقتۇ بىر يوشۇرۇن كۈچ ئۇنى ئالغا قاراپ مېڭىشقا ئۈندىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىك يار لېۋىگە قاراپ يەنە بىر قەدەم تاشلىدى. ئۇ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ، كۆزلىرى تورلىشىپ، بېشى قېيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئۇ ئالغا قاراپ يەنە بىر قەدەم تاشلىسا ئىشنىڭ ئاسانلا تۈگۈشىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەندەك قىلدى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ كەينىگە يېنىپ، قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان ئورماننى بىر پەس ئايلاندى. ئۇ ئورماندىن چىقتى ـ دە، كەنتنى

تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، چۆچۈپ قەدىمىنى توختاتتى. ئۆيلەرنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى، ئۆي-ئۆيلەردە ئىتلار ئىگىلىرىگە تارتىشىپ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن قاۋىشىپ قوياتتى. ئورمانچىلىق شىركىتى ئوۋچىلىق كوپىراتىپىنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا ئادەملەر ئولاشقان بولۇپ، دۇكان ئالدىدا پاك-پۇك، پاراس-پۇرۇس ئاۋازلار توختىماي ياڭرايتتى. بۇ قاينام-تاشقىنلىق مەنزىرىنى كۆرگەن ليۇبوكا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن بۈگۈن ئوۋچىلار سەپەرگە ئاتلىنىدىغان كۈن ئىكەنلىكىنى بىردىنلا خىيالىغا كەلتۈردى. ئۇ بۇ ئىشنى ئۆزى بىلەن ئالاقىسىز ئىشتەك كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سۇس قاردى. بىراق بىر دەقىقە ئىچىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا چىرايىدىن ھەسرەت ۋە تەشۋىش يېغىپ تۇرغان مىتكا كەلدى. مىتكا ئۇنىڭدىن نېمىندۇ كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىنى مىتكاغا بولغان قاتتىق ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى قاپلىدى. ئۇ ساقايماس كېسەلگە دۇچار بولغان ئادەمگە ئىچ ئاغرىتقاندەك مىتكاغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇ يەنە مىتكاغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئوڭايسىزلاندى، كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى. ئەگەر ئۇ تۇغۇلۇشتىلا يولسىز، ئۆكتەم، قوپال مىجەزلىك بولىدىغان بولسا، بۈگۈنكىدەك كۈندە مىتكا ھەققىدە ئويلىمايلا قوياتتى-دە، خۇددى بايرام قىلغاندەك خۇشال بولۇپ، ئۇنى پاتراق يولغا سېلىۋېتىشكە ئالدىرىغان بولاتتى. بىراق شۇ تاپتا ئۇنىڭدا خۇشاللىق دېگەندىن ئەسەر يوق ئىدى...

— قىزىم، ساراڭ بولدۇڭمۇ نېمە؟ — دېدى پراگىيە ئۇنى كۆرۈپ كەسكىنلىك بىلەن، — يولدىشىڭنىڭ ھازىرلا سەپەرگە ماڭىدىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

بىلمەمسەن؟ خەقنىڭ خوتۇنلىرى ئەرلىرىنى ئۆزىستىش ئۈچۈن كوچا ئاغزىغا يىغىلغىلى نەكەم، بىراق مىتكا خۇددى بويتاق كىشىدەك ئۆزى يالغۇز تۇرىدۇ. بۇ ئىشىڭ بولمىدى، لېۋباۋا، بىزنىڭ ئۆيىمىزدە ئاتا-بوۋىمىزدىن تارتىپ بۇنداق ئىش بولغان ئەمەس. ئاغقا چىقىپ ئوۋ ئوۋلاش دېگەن ياسىنىپ بازار ئويىنىغاندەك ئىش ئەمەس. بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، لېۋباۋا. بۇ ئادىمگەرچىلىك ئەمەس.

خىجالەتچىلىكتە لېۋبوكانىڭ يۈزى ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى، ئۇ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆككىنچە كوچىغا قاراپ ئۈچقاندەك يۈگۈردى. ئۇ قوللىرىنى كۆكسىگە تۇتۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈرەتتى، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئوۋچىلىق كوپىراتىپىنىڭ ئىشخانىسىدىن 500 مېترمۇ كەلمەيدىغان ئارىلىق ئۇنىڭغا گويا بەش كىلومېتردەك بىلىنىپ كەتتى. لېۋبوكا ئۈلگۈرەلمىدى، ئوۋچىلار چۈشكەن ماشىنا قوزغىلىپ كەتكەنىدى، ماشىنىدىكى ئوۋچىلار خۇشال كەيپىياتتا خوتۇنلىرىغا نېمىلەرنىدۇ دەپ ۋارقىرىشاتتى. لېۋبوكا مىتكانىڭ چىرايىنى بىر كۆرۈۋېلىشقا جېنىنىڭ بارىچە تەمشەلدى، ئۇ نېمىشقىدۇ شۇنداق قىلماي بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. بىراق، ئۇ مىتكانى ئاخىر كۆرەلمەي قالدى.

## 9

مىتكا ئوۋغا كەتكەندىن كېيىن شانوتروسوۋلار ئائىلىسى جىمجىت بولۇپ كەتتى. مىتكانىڭ تەقدىرىدىن ھەسرەت چېكىپ يۈرگەن پراگىيە قەلبىنى ئۆرتەۋاتقان ئازاب دەستىدىن كېسەل

بولۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ ليۇبوكانىڭ ئوغلىنى ياراتمىغانلىقىنى ئىختىيارسىز ھېس قىلاتتى، ئوغلىنىڭ كېلىنگە ياقمايۋاتقان ئەيىب-قۇسۇرلىرىنى ھەرقانچە ئىزدەپمۇ زادىلا تاپالمايتتى. ئۇ ئوغلۇم ھەر جەھەتتىن كۆزگە كۆرۈنگەن يارامىلىق يىگىت، پەقەت بىتەلەي چىقىپ قالدى دەپ ئويلايتتى. ئانا ئۇچۇن بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى خىيالىغا كەلتۈرۈشىنىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئاشقۇدەك ئازاب ئىدى، ئۇ بۇنداق كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئازابىغا قانداقمۇ بەرداشلىق بەرسۇن؟ پراگسىيە ئېرىنىڭ يوقلۇقىغا قاتتىق ئېچىندى. ئۇ، ئېرىم ھايات بولىدىغان بولسا، ھەممە ئىش شۇنىڭ سىزىقى بويىچە بولاتتى، ئەر ئۇۋغا ماڭغاندا، ئايال ئۇنىڭغا قۇتلۇق تىلەپ، ئۇنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن ئۇزىتىپ قويماي باقسۇنچۇ، ئۇ بۇنداق ئىشقا مۇتلەق يول قويمايتتى دەپ ئويلايتتى.

ئۇ ئەينى يىللاردا ئېرىنى ئۇۋغا ئۇزاتقانىدىكى ئەھۋالىنى ئەسلىدى، ئېرى ئۇۋ ئۇچۇن ئورمانغا بىر كەتسە، ئۇ يەردە پۈتۈن بىر قىش — نەچچە ئايلاپ تۇرۇپ قالاتتى؛ سەپەر ئالدىدىكى كېچىسى ئۇ ئېرىگە پەۋقۇلئاددە ئامراقلىق قىلاتتى. ئېرى ئۇۋدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ شېرىنلىكىچۇ تېخى. بۇنداق خوتۇنلار بۇ كەنتتە شۇ بىرلىسىمۇ، كەنتتىكى ئائىلىلەرنىڭ يېرىمى ئۇۋچى ئائىلىسى دەڭە.

”كېلىنىمگە مىتكانىڭ زادى نەرى ياقمىغاندۇ-ھە؟ — دەپ ئويلايتتى پراگسىيە ليۇباغا قاراپ تەئەججۈپ بىلەن، — ئۆزەمنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ ئويلاپ باقاي، ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا دېگەندەك ئىش ئەمەسمۇ؟ بۇ كۈندە ئۇنى ئەرگە تەگكىن دەپ كىم زورلىيالايدۇ؟ ئۇلار ئۆز ئەركى

بىلەن توي قىلغان تۇرۇقلۇق، تۇرمۇشى نىمىشقا بۇنداق كۆڭۈلسىز...»

11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاخشىمى تۈنجى قار ياغدى. كۈگۈم ۋاقتىدىن تارتىپلا قار چۈشۈشكە باشلاپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا كەڭ زېمىن ۋە ئورمانلار ئاپئاق تون كىيدى. پراگىيە پەلەمپەيگە چىقىپ، خۇشاللىقىدىن پاھ، پاھ، دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئاپئاق قار زېمىنغا گۈزەللىك ۋە پاكلىق بەخش ئەتكەندى. پراگىيە ھاياجاندىنى باسالماي پەلەمپەيدىن چۈشتى. ئۆز ھويلىسى، ھەممە خەقنىڭ ئۆگزىلىرى، كوچا ـ كويلار قار شەرپىدىن كۈمۈشتەك يالتىرايتتى.

— قار يېغىپتۇ، كۆردۈڭمۇ ليۇباۋا، — دەپ سورىدى پراگىيە ئۆيدىكى ليۇباۋادىن.

— كۆردۈم، — دەپ جاۋاب بەردى ليۇباۋا.

— ياكىيۇ بىلەن نىمە تاماق قىلاي دەيسەن؟

— قورداق قىلاي دەيمەن، — دېدى ليۇباۋا پېشانىسگە چۈشۈۋالغان چېچىنى جەينىكى بىلەن بىر چەتكە قايرىۋېتىپ.

— ماقۇل، ئەمىسە مەن گەمىگە چۈشۈپ، ئاق موگۈدىن ئازراق ئەچىقاي، — دېدى پراگىيە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، — بۈگۈن ئوخشىتىپ بىر ۋاخ كەچلىك تاماق يەيلى. ئۆتمۈشتە كىشىلەر چار پادىشاھ بولىسا يېسە، پۇقرالار زاغرا يەيدۇ دېيىشەتتى، بۈگۈنكى كۈندە يەۋاتقىنىمىز چار پادىشاھنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ.

كەچقۇرۇنلۇقى رادىئو سائەتنىڭ ئون بولغانلىقىدىن مەلۇمات بەرگەندە ئۇلار كەچلىك تاماققا ئولتۇرۇشتى. پراگىيە بىردىنلا مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلدى ـ دە، ئۆز خانىسىغا قاراپ ماڭدى.

— بىزنىڭ ئەرلەردىن نەرسىمىز كەم ئىدى، — دېدى ئۇ بىر

بوتۇلكا ھاراق ئىچىپ،— ليۇباۋا، قېنى ھاراقنى قوي، ئىككىمىز خاسىيەتلىك قارنى قۇتلۇقلاپ بىر رومكىدىن ئىچىشەيلى.

ليۇباۋا لىق بىر رومكا ھاراقنى گۇپپىدە ئىچىۋەتتى ۋە پراگىيە سۇنغان موگۇنى ئاغزىغا سېلىپ، خۇشاللىقىدىن كۈلۈپ قويدى. پراگىيە ھاراقنى ئازراقلا ئوتلاپ لېۋىنى تامشىدى ۋە بۇ ھاراق بەك كۈچلۈك، ئىچىپ كۆنمىگەن كىشىنىڭ كېلىنى ئېچىشتۇرۇپ، يۆتەلدۈرۈۋېتىدۇ دېگەندەك قىلىپ، مەزۇزلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشى-تىپ قويدى.

— قانداق، قىزىم، يەنە بىر رومكا ئىچەمسەن، — دېدى پراگىيە كېلىنىگە چاقچاق قىلىپ.

— ئەمدى بولدى، — دېدى ليۇباۋا بېشىنى چايقاپ، — بۇ ھاراق راستلا كۈچلۈك ئىكەن.

— باشقا ھاراق بىزنىڭ ئۆيدىكى ئەرلەرنى مەس قىلالمايدۇ. ئېرىم بەزىدە ئۆزى يالغۇز بىر شىشە ئىچىۋەتسىمۇ ھېچنېمە بول-مايتتى، تېخى كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ گېزىت كۆرەتتى. مەن: ئاتىسى، قانداقراق، ھاراقنىڭ جېنى بارمىكەن؟ دېسەم، ئۇ كۈلۈپ: "مەن تېخى گېزىتتىن ماڭا ئوخشاش ئەركەكلەرنى يەنە ئىچسە بولىدۇ دەپ دەۋەت قىلىدىغان بىرەرگەپ بارمىكىن دەپ ئىزدە-ۋاتىمەن" دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بەزىدە ئۇنىڭغا يەنە بىرنەچچە رومكا قۇيۇپ بېرەتتىم.

— سىز ئۇ كىشىگە ئامراقمىدىڭىز، — ليۇباۋا توساتتىن سوراپ قالدى ۋە ئويلىمىغان يەردىن بۇ گەپنى قىلىپ سالغىنى ئۈچۈن خىجالەت بولدى.

— ئۇنى بىر دېمە، — سالماق جاۋاب بەردى پراگىيە ۋە قولى

بىلەن بېشىنى تىرەپ ئولتۇرۇپ بىرھازا ئىچىچە چوڭقۇر ئويغا كەتتى، ــ ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىقىمنى تەسۋىرلەشكە ئاجىزمەن. باشقا ئەر ـ خوتۇنلار ئۇرۇش ـ جېدەل دېگەندىن خالىي ئەمەس ئىدى. مەنچۇ، ئۇنىڭ تالادىن كىرىپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى، ئاڭلىسا ملا خۇشاللىقىمدىن ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتەتتىم ـ دە، ئۇنىڭ ئۇچۇن پايپېتەك بولۇپ كېتەتتىم. خۇدا ھەققى، ئۇنىڭ ئەلپازى بەك يامان ئىدى. قىز ۋاقتىمدا ئۇنىڭ ئالدىدا قورۇنۇپ ـ تارتىنىپلا يۈرەتتىم. ئۇ شۇنداق بىر قاراپ قويسىمۇ ئەيمىنىپ قورقۇپ كېتەتتىم. كېيىن ئىككىمىز توي قىلدۇق، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئېپىنى مەنمۇ بىلىپ قالدىم... مىتكا ئاتىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ، بىرلا يېرى ئۇ ئاتىسىدىن مۇلايىم ۋە ياۋاشىراق، بۇ جەھەتتە ئۇ ماڭا ئوخشايدۇ، بىراق...

پراگىيە گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى، لاپپىدە لىۋىباۋاغا بىر قارىۋېتىپ، ئالدىغا قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. شىرەدىكى ياغىيۇ ئاللىقاچان سوۋۇپ كەتكەن بولۇپ، شۇ پېتىچە تۇراتتى.

ــ چوڭ ئوغلۇم فىئودورنىڭمۇ مىجەزى ئوبدان ئىدى، ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى پراگىيە خېلى بىرھازادىن كېيىن، ــ ئىككىنچى ئوغلۇم پېترو كىچىككىدىنلا ئوۋ ملتىقىنى ئېسىۋېلىپ كۆن بويى ئورماندا چېپىپ يۈرەتتى. فىئودور ئۇنداق قىلمايتتى، ئۆي ئىشلىرىدا ماڭا ھەمدەم بولاتتى. دەرسلىرىنى بېرىلىپ مەشق قىلاتتى، ئالدىمدا ھەمىشە خۇش خۇي ئويناپ يۈرەتتى... بىز ئۇنى بىرىنچى بولۇپ ئالدىنقى سەپكە ئۇزاتتۇق. ئۇ چاغ دادىسىنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ساغلام ھەم تېمەن ۋاقتىمىز ئىدى. بىز ئۇنى تەنتەنە بىلەن يولغا

سالدۇق. مېڭىش ئالدىدا ئۇ ماڭا: "ئۆزەڭنى ئاسرىغىن، جېنىم ئانا، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن توي قىلىمەن. كەلگۈسىدە نەۋرىلىك بولۇشنى خالامسەن، ئانا؟" دېدى. مەن "خالىمامدىغان" دېدىم. مەن شۇ چاغدا تۇرۇپ كۈلۈپ، تۇرۇپ يىغلاپ، ئۇنىڭ سۆيگىنىنىڭ كىملىكىنى ۋە قەيەرلىكلىكىنى سورىۋېلىشىمۇ خىيالىمغا كەلمەپتۇ. ئادەم قېرىغاندا مېڭىسى گاللىشىپ كېتىدىكەن. ئۇ قىزنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ھازىرغىچە بىرەر خەۋەر ئالالمىدىم.

— شۇنداق قىلىپ فىئودور سىلەرگە خەتمۇ يازمىدىمۇ؟

— ياق، قىزىم، يازمىدى، — دېدى پراگمىيە ئۇھسىنىپ، — ئۇ كېتىپ بىر ئايدىن كېيىن باشقا بىر كىشىنىڭ ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ يازغان بىر پارچە خېتىنى ئالدۇق. لەنىتى ئەزرائىل بىزنىڭ ئۆيىنىڭ يولىنى پىششىق بىلىۋالغان چېغى، ئەجەل چاڭگىلىنى توپتوغرا بىزنىڭ ئۆيىمىزگە سالدى، شۇ سالغانچە ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە قولىنى تارتمىدى... مەن نەۋرە كۆرۈشنى ھېلىمۇ تەشنالىق بىلەن كۈتمەكتىمەن... ھەي، قىزىم، يەنە بىر-ئىككى رومكىدىن ئىچەيلىچۇ، بۈگۈن نېمىشقىدۇ كەيپىم كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، — پراگمىيە ليۇباۋاغا بىر رومكا ھاراق قۇيدى، ئاندىن رومكىدىكى يالتىراپ ھەم يېنىك چايقىلىپ تۇرغان ھاراققا ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— تاماققا بېقىڭ، — دېدى ليۇباۋا ئەسكەرتىپ، — بولمىسا تېخىمۇ سوۋۇپ كېتىدۇ.

— سوۋۇپ قالسىمۇ كېرەك يوق، بۇزۇلمايدۇ، — دېدى پراگمىيە كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، — كېرەك يوق. مۇشۇ كۈنلەردە تاماققا رەغدىم تارتمايدىغان بولۇپ قالدى. ماڭا قارىماي يەۋەرگىن.

پراگىيەنىڭ يۇپيۇمىلاق يۈزلىرىنى قورۇق باسقانىدى. ئۇ خۇددى تالاغا قاراپ يۈگۈرىدىغاندەك، شىرە تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا ناھايىتى دەردلىك بىر قىياپەتتە يېنىچە ئولتۇراتتى. ليۇباۋانىڭ ئۇنىڭغا قاراپ ئىچى سىېرىلىپ يىغلىۋەتكۈسى كەلدى. ئۇ بۇ مومايغا چىن كۆڭلىدىن بىرنەچچە ئىغىز تەسەللى ئېيتقۇسى كەلدىيۇ، گەپ تاپالمىدى. ئۇ ھاراقنىڭ تەسىرىدىنمىكىن، پراگىيەنىڭ قېشىدا ئولتۇرغانلىقىدىن قانداقتۇ بىر خىل خاتىرجەملىك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭدا مۇشۇنداق تۇيغۇ پەيدا بولمىغىنىغا ئۇزاق ۋاقت بولغانىدى.

— مەن باللارنىڭ دادىسىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتەتتىم، — دېدى پراگىيە ئۇرۇق قوللىرى بىلەن داستىخاننى سىلاپ ۋە ھېلىدىن-ھېلىغا ئىختىيارسىز ئۇنىڭ يېپىنى سۇغۇرۇپ، — ئۇنى نېمىسلارنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتمەس دەپ ئويلايتتىم. بىراق ئۇ بىستەلەي بولۇپ چىقتى، 1943-يىلى ئۇنىڭ قازا قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدىم. ھەي قىزىم، ھەي قىزىم، بۇ ئىشلارنى ئويلىسام يۈرىكىم قانداقمۇ ئۆرتەنمىسۇن. سەنزە مېنى بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەندۇ، قايغۇ-ھەسرەت كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندۇ دەپ قارايدىغانسەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس... قارىغاندا ئۆلگۈچە دەرد تارتىدىغان ئوخشايمەن...قانداق ليۇباۋا، ئەمدى داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ ئۇخلاپ قالايلىمۇ؟

— بىلمىدىم، سىز دەڭ.

— ئۇخلاپ قالايلى، كەچ بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورساقتىكى گەپنى بىر يولىلا دەپ تۈگەتكىلىمۇ بولمايدۇ. مىتكا ئورماندا كۈن بويى چېپىپ يۈرۈپ، ھېرىپ ھالى قالماي، شۇ تاپتا

ئۇيقۇغا كەتكەن بولسا كېرەك...

ئۆي جىمجىت. قېلىن ياغقان قاردىن كېيىن ئەتراپ بۆلەكچە يورۇپ كەتكەنىدى. دېرىزىدىن چۈشكەن يورۇقلۇق تام-تورۇسنى تەكشى يورۇتۇپ تۇراتتى، لىۋباۋا كارىۋاتتا يېتىپ شۇ يورۇقلۇق ئىلكىدە خىيالغا كەتتى.

## 10

ماكاروۋكىلىق قېرىنداشلار ۋىرخوزىنكا دەرياسىنى تىلغا ئالغان-لىرىدا: "دەريا ياقىلاپ ماڭساڭ ئايىغىڭ پايلىماس، كېمە بىلەن ماڭساڭ پالىقىڭ پايلىماس" دېيىشىدۇ، دېمىسىمۇ راست. دەريا خۇددى چاتقاللىقتا چېپىپ يۈرگەن توشقاندەك، تاغ ئارىسىدا ئايلە-نىپ-تولغىنىپ ئاقىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر ئايلانمىسىنى يا يىقىلغان دەرەخ، يا خادا تاش توسۇپ تۇرىدۇ. بىراق، دەريا مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكىنى بىر دېمەڭ. قىرغاقتىكى يوغان-يوغان تال-دەرەخلەر-نىڭ باراقسان شاخلىرى دەريا يۈزىگە غۇلاچ يايغان. دەريانىڭ تار جايلىرىدا ئىككى قىرغاقتىكى تال-دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن. تال-دەرەخ يوق جايلىرىدا شالاڭ-شالاڭ چىڭگىلەكلەر ۋە مۇخلار ئۆسكەن تىك قىيالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ياز كېلىش بىلەن بۇغا-ماراللار پاشا-كۆمۈتلەردىن قېچىپ مۇشۇنداق قىيالار ئۈستىگە كېلىۋالىدۇ. ئەنە، تىك يار تۆپىسىدە چىرايلىق بىر بۇغا شاخلاپ كەتكەن مۈڭگۈزلۈك بېشىنى مەغرۇرانە كۆتۈرۈپ ئاللىنىلەرگىدۇ نەزەر تاشلاپ تۇرماقتا، بۇنداق مەنزىرىنى بىر كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ، مەڭگۈ يادىڭىزدىن كەتمەيدۇ. باھار كۈن-

لىرى دەريانىڭ بەزى جايلىرىنىڭ ئىككى قىتىنى پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەر قاپلايدۇ، كۆز كۆنلىرى بۇ يەرلەردە ھىمالايا ئېيىقلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ.

دەريا سۈيى سۈپسۈزۈك بولۇپ، تۆۋەن تەرەپكە قاراپ شىددەت بىلەن ئاقىدۇ. كۆز كۆنلىرى ئۇنىڭ يۈزىنى تۆكۈلگەن يوپۇرماقلار قاپلاپ كېتىدۇ. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇ دەريانىڭ كەڭرەك جايلىرىدىن ئۆتۈپ، قولتۇقلارغا كەلگەندە قايىنام ھاسىل قىلىدۇ، خەتەرلىك دۆمبەللەردە ۋاشىلداپ بۇژغۇن چېچىپ، ئىككى قاشتىكى تاشلارغا ئۆزىنى زەرب بىلەن ئۇرىدۇ. ئۇ شۇنداق ئېقىپ شىخوت-ئالىن تاغلىرىغا كەلگەندە سەل ئاستىلايدۇ.

كېمىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئولتۇرغان مىتكا رولىنى چىڭ تۇتۇپ، قىرغاقتىكى مەنزىرىنى تاماشا قىلغاچ، دەريانىڭ ئەگرى-بۈگرى قولتۇقلىرىدىن ۋە خەتەرلىك دۆمبەللىرىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. دەريانىڭ تىك كەتكەن قىرغىقىدا بىر قاراشتا ھېچقانداق تىرىكلىك يوقتەك قىلاتتى، بىراق ئۇنىڭ سىرىنى پىششىق بىلىدىغان ئادەم ئۇنىڭدا ھاياتىي كۈچنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغانلىقىنى ۋە ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايتتى. قىرغاقتىكى سۇنىڭ ئۇرۇشى بىلەن يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخ يىلتىزلىرى ئارىلىقىدا ئۆسكەن چىملىقتا قاپقارا بىرنەرسە غىل-پال كۆرۈنۈپ قالدى. مىتكا ئۇنىڭ قۇندۇز ئۇۋىسى ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالدى. يازدا دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا كېلىپ قالغان بۇ قۇندۇز مۇشۇ ئەپلىك جاينى تاللاپ ماكانلاشقانىدى. مىتكا قۇندۇز مۇشۇ يەردە بەھۇزۇر كۆپىيىپ ئەۋلاد قالدۇرسۇن دەپ ئويلىدى. كېمە يەنە بىر دۆمبەل ۋە قولتۇقتىن ئۆتۈپ،

سۇپسۇزۇك سۇنى ئىككىگە يېرىپ، سۇ بۇژغۇنلىرىنى چاچرىتىپ تېز ئىلگىرىلەپ كەتتى.

مىتكا كېتىۋېتىپ، يوغان تۇمشۇق، قىسقا قۇيرۇقلۇق بىر يېشىل قۇشنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىنجىلى كېپكەتتى. بۇ قۇش كېلىۋاتقان كېمىدىن ئۈركۈپ، خۇددى بىر پارچە كۆكۈش يالقۇندەك، قونغان يېرىدىن ئۇچۇپ، بىردەمدىلا نەلەرگىدۇ غايىب بولدى.

"ئاپلا، ئۇنىڭ بېلىق تۇتۇشقا كاشىلا قىلىپ قويدۇم-دە، — دەپ ئويلاپ قالدى مىتكا ئەپسۇسلىنىپ، — بۇ قۇش بۇ يەردە خويمۇ سەمرىگەنىكەن، ئەمدى قىشلاش ئۈچۈن باشقا يەرگە كەتتى. دېمەسمۇ كېتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى-دە. مانا، كېچىلەردە قۇرۇق دەريا قىنلىرىمۇ مۇز تۇتىدىغان بوپتۇ، ۋىرخوزىنىكا دەرياسىنىڭ قاشلىرىمۇ مۇز تۇتاي دەپ قاپتۇ."

مىتكا چوڭ ئورماندا ئۆزىنى خاتىرجەم، ئەركىن-ئازادە ھېس قىلاتتى. ئۇ بۇ يەردە كىشىنى بىئارام قىلىدىغان خىياللار ۋە ئىچ پۇشۇرىدىغان ئىككىر-چىككىرلەردىن خالاس بولۇپ، غەمسىز ۋە چەكلىمىسىز تۇرمۇشتىن خالىغانچە بەھرىمەن بولالايتتى. ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ يىلتىز تارتقان بۇ يەرگە كەلگەنىدە خۇشال بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ شانوتروسوۋلار ئائىلىسى بۇ يەردە قەدىم-قەدىمدىن ئوۋچىلىق قىلىپ كەلگەن. مىتكانىڭ دادىسى بۇ يەرنى ئالا قويماي كېزىپ چىققان، پېترومۇ بۇ يەردە ئوۋچىلىق قىلغان، ئۇلار بۇ يەرگە يۇز يىللاپ چىدايدىغان قىشلىق ئۆي سېلىپ خاتىرە قالدۇرۇپ كەتكەن. دەرەخلەردە دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ ئېيىق ئۆڭكۈرىگە بارىدىغان يولنى كۆرسىتىدىغان بەلگىلىرى قالغان، بۇ

بەلگىلەرنىڭ بەزىلىرى پۈتۈپ پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان، بەزىلىرى رەڭگى ئۆزگىرىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن. بىراق، مىتكا ئۇلارنى ئېنىق كۆرەلەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ يېنىغا كېيىنكىلەر پايدىلانسۇن دەپ يېڭى بەلگە سىلىپ قويغاندى. شانوترو- سوۋلار ئائىلىسى بۇ ئورماندا مۇشۇ بەلگىلەر كۆرسەتكەن يول بىلەن ئەۋلادمۇئەۋلاد مېڭىپ كەلدى: مىتكانىڭ دادىسى مىتكانىڭ بوۋىسى سالغان بەلگە بويىچە ماڭدى، بوۋىسى ئۇلۇغ بوۋىسى سالغان بەلگە بويىچە ماڭدى، قاراپ تۇرۇڭ، مىتكانىڭمۇ ئۆزى سىلىپ قويغان بەلگە بويىچە ماڭىدىغان ئۇۋچى ئەۋلادلىرى بولىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارمۇ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن بەلگە قالدۇرۇپ كېتىدۇ... بۇ ئۇنچىۋالا چوڭ ئىشمۇ ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ بۇ بەلگىلەر خۇددى مۇشۇ بىپايان ئورمانغا، مۇشۇ ئەزىم دەرياغا ۋە مۇشۇ ھەيۋەتلىك تاغلارغا ھەم ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇشۇ ئالەمگە ئوخشاش مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

مىتكا دادىسىنىڭ تەقى-تۇرقىنى ئۇنتۇپ كەتكەندى. دادىسىنىڭ كۈلۈپ تۇرىدىغان يىللىق چىرايى، مېڭىش-تۇرۇشلىرى، تۇرمۇش ئادىتى، قىسقىسى، ھېچنېمىسى، ئۇنىڭ ئېسىدە قالمىغاندى. ھازىر ئۇ دادىسىنىڭ قانداق ھالەتتە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىدا، ئۆزىنى قانداقتۇ بىر خىل ھىمات ئاستىدا تۇرغاندەك ھېس قىلاتتى، يەرنى چىلىك دەسسەپ مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغاندەك تۇيغۇغا كېلەتتى، قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بۇ تۇيغۇ مۇشۇ بىپايان ئورمانغا كەلگەندە تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. دادىسى قۇربان بولغاندا مىتكا تۆت ياشقىمۇ كىرمىگەن تۇرسا، ئۇنىڭ قەلبىگە قانداق قىلىپ مۇشۇنداق تۇيغۇ ئورنىغان؟ بۇنى مىتكا بىلمەيتتى، بىلىشنىمۇ خالى-

مايتتى. ئۇ دادىسىدىكى مۇشۇنىداق قىسمەتلىك مەنۇى كۈچىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەنلىكىنى بىلگىنىدە، كۆڭلى ئېچىلىپ، دىلى يايراپ كېتەتتى...

ۋىرخوزنىكا دەرياسىنىڭ سۈيى يۇقىرى ئېقىنىغا يېقىنلاشقانسېرى ئۆركەش ياساپ تېخىمۇ شىددەت بىلەن ئاقماقتا ئىدى. منتكا بىر دۆمبەلگە كەلگەندە قىرغاققا يېقىنلاشتى. ھېرىپ كەتكەنلىكىدىن كېمىدە ئولتۇرۇپ بىردەم ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قىرغاققا چىقىپ ئەپچىللىك بىلەن گۇلخان ياقتى-دە، ئۇستىگە چۆگۈن قويدى...

گۇلخان كۆپكۆك ئىس چىقىرىپ لاۋۇلداپ يانماقتا. ئۇرمان ئاسمىنىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. بىر چىپار تىيىن يەرگە ئۆرۈلۈپ چىرىپ كەتكەن دەرەختىن غىپپىدە ئۆتۈپ، بىر دەرەخنىڭ كامىرىغا كىرىپ كەتتى، ئاندىن يەنە بېشىنى چىقىرىپ منتكاغا قىزىقسىنىپ قارىدى. ئۇ منتكانى ئېنىق كۆرەلمىگەنلىكى ئۈچۈنمىكىن ياكى باشقا سەۋەبتىنمىكىن، كاماردىن لىككىدە چىقىپ، دەرەخ شېخىغا ياماشتى-دە، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، ئالدىدا تۇرغان ناتونۇش ئادەمگە قورقماي قاراپ تۇردى. منتكا كۈلۈپ قويدى ۋە يەردىن چىرىپ كەتكەن ياغاچ پارچىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئاتتى. تىيىن منتكاغا غەزەپلىك كۆزلىرى بىلەن بىر قارىۋېتىپ، شاخنى بويلاپ ئۇچقاندەك قاچتى.

"ئۇخلىيالمايۋاتقان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى منتكا، — ئىش بىلىدىغان تىيىنلار قىشلىق ئوزۇقىغا كەتكىلى نەكەم، سەنزە ياز بويى لاغايلاپ يۈرۈپ، قىشنىڭ تەييارلىقىنى ئەمدى قىلىۋېتىپسەن-دە، ئاچچىقىڭدىن ئۆرگىلەي."

www.uyghurkitap.com

تيين گويا ناتونۇش كىشىنىڭ ئۆز يېغىرىنى ئېچىۋەتكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك، يېنىدىكى دەرەخكە ئەپچىللىك بىلەن سەكرەپ ئۆتتى. ئاندىن دەرەختىن ـ دەرەخكە سەكرەپ، قىشلىق تەييارلىق ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. مىتكامۇ ئورنىدىن قوپتى، چۈنكى، بۇ يەردىن قىشلايدىغان ئۆيگە يەنە 20 چاقىرىم[1] بارئىدى...

## 11

ئات قارغا پېتىپ قالدى، ھارۋىنىڭ شىرشىم شوتىسى ئېگىلىپ كەتتى، ئات ئاستا بىر تەرەپكە يىقىلدى. ئاتنىڭ بوغىسى ئاجراپ كېتىپ، بويىنىنى سىقىۋالدى، قورقىنىدىن تىترەككە چۈشكەن ئات تاقىلانغان پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ تېپچەكلەشكە باشلىدى. پراگىيە چاتاق چىققانلىقىنى بىلىپ، ئاتنىڭ قېشىغا ئىتتىك كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ بويىنى ئاستىدىكى تۇگۈنچەكنى يېشىشكە كىرىشتى، خۇداغا شۈكۈر، ھېلىمۇ ياخشى ئېرى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا تۇگۈنچەكنى چېگىش ـ يېشىشنى ئۆگىتىپ قويغانىكەن، شۇڭا ئۇ تۇگۈنچەكنى تېزلا يېشىۋالدى. بوغىنىڭ بالدىقى بوشىدى، ئات ئېچىگە كىرىپ كەتكەن بېقىنىنى ئاران ـ ئاران مىدىرلىتىپ، ئېغىر پۇشۇلدايتتى. پراگىيە ئاخىر ئۆزىمۇ قار دۆۋىسى ئۈستىگە يىقىلدى، يۈزى مۇزدەك سوغۇق قارغا پېتىپ كەتكىنىدە، ئۇ يىغلىۋەتتى. ئاتمۇ، پراگىيەمۇ قار ئىچىدە يېتىپ قالدى. بۇ، جاھاننى دەھشەت باسقان 1943 ـ يىلى ئىدى. يۇقىرىدىن تاپشۇرۇلغان "مۇشكۇل ۋەزىپە" پراگىيەنى

---

[1] رۇسلاردا بىر چاقىرىم 1.06 كىلومېتىرغا تەڭ.

مۇشۇ ئاتقا باغلاپ قويغانىدى. يولدا بىرەرمۇ يولۇچى كۆرۈنمەيتتى، پراگىيە ياردەمگە ئادەم چاقىرىپ كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ ھېچ نەتىجە چىقىرالماي، ئاخىر ئۆزى بىر ئامال قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

پراگىيە ئاستا ئورنىدىن تۇردى-دە، ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن ياشلىرىنى سۈرتتى، ياغاچلارنى چۇشۇرۈۋەتمەكچى بولۇپ ھارۋا قېشىغا كەلدى. ئۇ ئارغامچىنى يېشىپ ئەڭ تۆپىدىكى ياغاچنى ئىتتىردى، بىراق بۇ نەس ياغاچ مىدىرلاپمۇ قويمىدى، چۈنكى ئۇ توڭلاپ ئاستىدىكى ياغاچقا چىڭ چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ياغاچلار ئۈستىدە خۇددى سېمىزلىكىدىن ئۆزىنى كۆتۈرەلمەس بولۇپ قالغان چوشقىدەك ياتقان بۇ ياغاچنى مىدىرلىتىش ھەقىقەتەن مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھېچ ئىلاج قىلالمىغان پراگىيە بەلگە كەلگۈچە قار كېچىپ، ملىڭ مۇشەققەتتە قېيىنزارغا كېلىپ، قومۇرغۇچ قىلىش ئۈچۈن كىچىكرەك قېيىندىن بىرنى كەستى. قومۇرغۇچ بولسا ئىش ئاسان بولاتتى.

پراگىيە ياغاچلارنىڭ بىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، كاروخا نامەلۇق ئېتىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئاتنىڭ خېلى ھاردۇقى چىقىپ قالغان بولۇپ، چىلىق-چىلىق تەر باسقان قورسىقىنى قىرو قاپلىغان، بەزى يەرلىرىنى بولسا مۇز باسقانىدى. كاروخا خۇش بولغاندەك ئورنىدىن تۇردى. پراگىيە بوغىنى تىزى بىلەن تىرەپ تۇرۇپ، تۈگۈنچەكنى چىگدى.

"ئەمدى ماكايلى، ئەزىزىم، — دېدى پراگىيە ئېتىغا يېقىنلىق بىلەن، — ماكايلى، كاروخا، بۇ بىز تۇرىدىغان يەر ئەمەس، مۇشۇنچىلىك قۇربىمىزنىڭ بارىدا تېزرەك كېتەۋالايلى، قارا، كۈنمۇ بىر

يەرگە بېرىپ قاپتۇ.»

كاروخا ئوڭۇشلۇق يۈرۈپ كەتتى. هارۋىغا ئىشلىتىدىغان سېرىلما ياغاچ ئاستىدىكى قاردىن غاچىلداپ ئاۋاز چىقاتتى، هارۋا ئالغا ماڭماقتا ئىدى، پراگىيە چۇۋۇ، چۇۋۇ دەپ ئاتنى ھەيدىگىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ هارۋىنىڭ لايغا پېتىپ قالغان يان شىبلىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىتتىرەتتى ياكى تارتاتتى. شۇنداق قىلىپ پراگىيە بىلەن كاروخا ھەمكارلىشىپ، هارۋىنى ئاخىر تاراڭشىپ قېتىپ كەتكەن چوڭ يولغا ئېلىپ چىقتى. پراگىيە سەل ئارامىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، هارۋىدىكى ياغاچلارنى چۈشۈرۈۋېتىپ، يولدا قالغان ھېلىقى يېرىم هارۋا ياغاچنى بېسىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتنى كەينىگە ياندۇردى. ياغاچنى چۈشۈرۈش ئوڭاي بولغان بىلەن بېسىش ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس ئىدى. پراگىيە خېلى ئۇزاق ھەپىلەشسىمۇ ھېچ ئامال قىلالماي، هارۋىنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۇ هاۋانىڭ سوغۇقلۇقىنى ئانچە ھېس قىلمايتتى، ئورمانلىقتىكى دەرەخلەرنىڭ چاراسلاپ يېرىلىۋاتقان ئاۋازى بىلەن ئاغزىدىن چىقىۋاتقان قويۇق ھوردىنلا هاۋانىڭ قاتتىق سوغۇق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مۇزلىغانلىقى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا چولىسى يوق ئىدى، ئۇنىڭ كاروخا بىلەن بىر هارۋا ياغاچ ئەكېلىشى ئوڭايغا توختىدى دەمسىز. يول بويى گاھ كاروخا يىقىلاتتى، گاھ پراگىيە دومىلايتتى. پراگىيە ئىككى قېتىم توشۇشقا تېگىشلىك ياغاچنى بىر قېتىمدىلا توشۇپ كېتىمەن دەپ نەپسى بالالىق قىلغانلىقىدىن ئۆزىنى كايىدى. ئۇ بىر قېتىمدىلا توشۇۋالسام، ئۆيگە بالدۇرراق قايتىپ، ئۇزاقتىن يۆتەل بىلەن قىينىلىپ كېلىۋاتقان مىتكانى ئىسسىق بىر يۇيۇندۇرۇۋالايمەن دەپ ئويلىغانىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يۇيۇشقا تېگىشلىك كىيىم-كېچەكلەرمۇ بار ئىدى، گەمىدىكى ياگېيۇنىمۇ جايلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلەتتى. كالا ئېغىلى تازىلانمىغانلىقتىن، قىغ ئېگىزلەۋېرىپ، كالىنىڭ دۈمبىسى تورۇسقا تېگىپ قالاي دەپ قالغانىدى. ئۆيىنىڭ جىمى ئىشى بىر پراگىيە-گىلا قاراشلىق ئىدى. ھەرنېمە بولسا خۇدانىڭ كۆزى بار ئىكەن، ئۇرۇش بولۇۋاتقان ئۈچ يىل مابەينىدە ئۇنى ئاغرىق-سىلاقتىن ساقلاپ كەلدى، بولمىسا ئۇ تۈگىشىپ كەتكەن بولاتتى.

پراگىيە خىيال بىلەن بەند بولۇپ، بىر تاغىل ئاتنىڭ تالدا توقۇلغان يېنىككىنە چانىنى بىمالال سۆرەپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئۇ كاروخانىڭ قۇلاقلىرىنى دىك قىلىپ، بوش كىشنەپ بېشارەت بەرگىنىدىن كېيىن ئاندىن ئېسىگە كەلدى.

تاغىل ئات قەدىمىنى بىردىنلا توختاتتى-دە، كەينى پۇتىنى ئېگىپ زوڭزىيىپ قويۇپ، ياشلىق باھارىغا خاس ئېپتىخارىنى نامايان قىلىپ پۇشقۇردى. ھارۋىكەش كاراسكا مېتىركىن چۇلۋۇرنى تاشلاپ، ھارۋىدىن كالامپايلىق بىلەن چۈشۈپ كەلدى.

— خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، پراگىيە،— كاراسكا پراگىيە بىلەن سالاملاشتى ۋە كالتە جۇۋىسىنىڭ يانچۇقىدىن تاماكا خالتىسىنى چىقاردى.

— خۇدادىن پاناھلىق تىلەشمۇ ئوبدان ئىش، بىراق، خەق قىيىنچىلىقتا قالغاندا ياردەم بېرىشمۇ كېرەككۇ دەيمەن،— دېدى پراگىيە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ،— ئۆيدە ئېرىم بار چاغدا ياردەملە-شىپ تۇراتتىڭ، بۈگۈنكى كۈندە ئۆيدە ئەر خەق يوق، خۇدادىن تىلىسەم، خۇدامۇ ياردەم بەرمەيدۇ.

— ئۇنى ئۆزەڭنىڭ سەممىيەتسىزلىكىڭدىن كۆر،— دېدى

www.uyghurkitap.com

كاراسكا پراگىيەنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇ سېرىق بۇرۇتلىرى
ئارىسىدىن پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىرىــپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى.
پراگىيە موخۇركىنىڭ پۇرىقى بىلەن كاراسكانىڭ تەمــبەل ۋە كېلىشـ
كەن بەستىدىن چىقىۋاتقان پۇراقتىن ئەرلەرگە خاس بولغان، ئۆزى
بىلىدىغان ھەم ئامراقلىقى كېلىدىغان قانداقتۇ بىر خىل جۇشقۇنلۇق
ۋە مەردانىلىقنى ھېس قىلغاندەك بولدى. پراگىيەنىڭ ئېرى ھايات
ۋاقتىدا ھەمىشە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تورۇسقا قارىتىــپ پۇر-پۇر
ئىس چىقىرىپ تاماكا چېكەتتى، پراگىيە شۇنداق مىنۇتلاردا ئايالل-
قىنىڭ شادلىقىنى ھېس قىلاتتى، قانداقتۇ بىر يىمىرىلمەس كۈچنىڭ
ئۆزــگە مەدەتــكار بولۇۋاتــقانــلىقــىنى، ھەرقاچان، ھەر قەيەردە
ئۆزىگە تايانچ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن يۈرىكى
خۇشاللىقتىن ئويناپ كېتەتتى.

— ھارۋاڭ قانداق قىلىپ ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى، — دەپ سورىدى
كاراسكا ئاق چوشكەن كۆزىنى قىسىپ. شۇ چاغدا پراگــىيە كىچىــك
ۋاقتىدا ئۇنى يەكچەشمە دەپ مازاق قىلغان ئەھۋالنى كۆز ئالدىغا
كەلتۈردى؛ كېيىن قىز بالا ۋاقتىدا تانىسىدا ئۇ پراگىيەگە ئېسىلىۋال-
غاندا، پراگىيە ئۇنى قارىغۇ دەپ تىللىغانىدى.

— كاروخــا تارتالــماي قالــدى، شۇنىڭ بىلەن ھارۋا ئۆرۈلۈپ
كەتتى.

— ئازراق باسساڭ بوپتىكەن، بەك جىق بېسىۋېتىپسەن.

— ئازراق بېسىشنى ئۆزەممۇ بىلەتتىم، بىر قېتىمدىلا تۆگــتەي
دەپتىمەن. بولار ئىش بولــدى، ئەمــدى گەپ قىلىــپ يۈرۈشــنىڭ
ئورنى يوق، — دېدى پراگــىيە ئورنىــدىن تۇرۇپ، — نېــرى بول،
ئىككــىمىز گەپ بىلەن بولۇپ كەتــسەك كەچكىچــىمۇ يولــغا چىقــىپ

كېتەلمەيمىز.

پراگىيە قومۇرغۇچنى قولىغا ئالدى، كاراسكانىڭ مىدىر-سىدىر قىلماي چەتتە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى؛ يوغان بىر تال ياغاچنىڭ چوڭ بېشىنى كۈچەپ تۇرۇپ تەستە هارۋىغا چىقاردى، يەنە بىر بېشىنى چىقىراي دېگۈچە چىقىرىلغان بېشى يەنە چۈشۈپ كەتتى.

— هۇ، مەلئۇن، — دەپ تىللىۋەتتى پراگىيە ئاچچىقىنى باسالماي، — شورى قۇرىغۇر جۇۋاينىمەك! — ئۇ ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى، يىراق كاراسكانىڭ ئالدىدا بوش كەلمەي دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— بۇنداق كۈچەپ كەتسەڭ كېيىن پەرزەنت كۆرەلمەيسەن، — كاراسكا شۇنداق دەپ كۈلدى-دە، تاماكا كۆتىكىنى قارغا تاشلاپ ئۈستىگە دەسسىدى.

— مېنىڭ ئەمدى تۇغىدىغان نىيىتىم يوق، — دېدى پراگىيە كاراسكانىڭ كۆزىگە قاراپ، ئاندىن غەزەپ بىلەن ياغاچ يېنىغا باردى.

— توختاپ تۇر، — كاراسكا جۇۋىسىنى سېلىپ ياغاچقا يېقىن كەلدى، — نېرى بول، بولمىسا راستلا پەرزەنت كۆرەلمەيسەن.

يېرىم سائەت ئىچىدە ياغاچلار هارۋىغا بېسىلىپ، چىلىك تېڭىلدى.

— رەهمەت، كاراسكا ۋاسىلىيېۋىچ، — دېدى پراگىيە ئۇنىڭغا، — ئەمدى مەن مۇنچا ئىسسىتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلەيدىغان بولدۇم.

— سەن ئەجەب هەپتە ئارىلىقىدا مۇنچا ئىسسىتىماقچى بولۇپ قاپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى كاراسكا جۇۋىسىنى كىيىۋېتىپ، ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراپ.

— مىتكا قاتتىق يۈتىلىپ تۇردۇ، ئۇنى بىر يۆيۈندۇرۇپ تەرلىتىپ باقاي دەيمەن.
— شۇ باھانىدە مەنمۇ يۆيۈنۈۋالسام قانداق؟ — كاراسىكا شۇنداق دەپ ھارۋىغا چىقتى-دە، مۇزلاپ كەتكەن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى.
— كەلسەڭ كەلگىن، — دېدى پراگىيە كۆلۈپ، — ۋاراقشىپ قايناپ تۇرغان قايناق سۇنى ئۇستۈڭدىن بىر قۇيۇپ تازا بىر پىشۇرۇپ قوياي، — شۇ گەپتىن كېيىن ئىككىيلەن ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ ئۆز ئۆيلىرىگە يول ئېلىشتى...
پراگىيە مۇنچىسىغا ئوت يېقىپ قويۇپ، كالا ئېغىلىدىن قىغ چىقىرىشقا كىرىشتى. مىتكا ياردەم بېرىمەن دەپ ئانىسىنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرەتتى. ئۇ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئانىسىنىڭ ئۆيدە بولغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى. پراگىيە ئۇنى ئۆيگە كىرىپ كېتىشكە شۇنچە ئۈندىگەن بولسىمۇ، ئۇ يىغلاپ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. مىتكا 2-ئايدا ئۈچ ياشقا كىرگەنىدى، ئۇ ھازىر بوي تارتىپ تېز ئۆسۈۋاتاتتى. پراگىيە ئوغلىنىڭ شۇنداق تېز چوڭ بولۇۋاتقانلىقىغا قالتىس خۇشال بولۇۋاتاتتى! ئۇ تەلىيىگە خەقنىڭ سىيرىنى سېتىۋېلىش ھەققىدىكى مەسلىھىتىگە قۇلاق سالماي، سىيىرنى ساقلاپ قېلىپ ياخشى قىلغانىدى، مىتكا ئەنە شۇ سىيىرنىڭ سۈتى بىلەن بىر ئوبدان چوڭ بولۇۋاتاتتى. بىراق سىيىر بېقىش پراگىيە ئۈچۈن تولىمۇ قىيىنغا چۈشتى، ئۇ كېچىلىرى ئايدىڭدا ئوت-چۆپ ئورۇپ كۆكتاتلىقىغا توشۇپ كېلىپ، سىيىر ئۈچۈن يەم-خەشەك تەييارلىدى، سامسانىنىخانىڭ ياردىمىدە بىرنېمىلەر قىلىپ ئۆت-چۆپلەرنى توشۇپ دۆۋىلىۋالدى.

ئۇ كۈنى پراگىيە ياڭيۇنى يىغىۋىلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىدى. ئېغىلدىكى قىغنى چىقىرىپ بولغۇچە مۇنچىمۇ ئىسسىپ قالدى. ئۇ مەشتىن ئوتنى تارتىۋەتكەندىن كېيىن پولنى پاكىز سۈرتتى، يېڭى شەمشاد شېخىدىن بىر قولتۇق شاخ ئېپكېلىپ مۇنچىنىڭ كىيىم يۆتكەش بۆلۈمىگە سالدى.

— كەل، مىتكا، ئىككىمىز ئىسسىققىنا بىر يۇيۇنۇۋالايلى، — دېدى ئۇ ئوغلىغا، ئاندىن يۇيۇش ئۈچۈن كىر كىيىملەرنى يىغىشتۇردى.

— دادام پار مۇنچىسىدا يۇيۇنغانمۇ؟ — دەپ سورىدى مىتكا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— يۇيۇنغان، مىتكا، يۇيۇنغان، تازا قانغۇدەك يۇيۇنغان دېگىنە. بىز ئۇنىڭغا يېتەلەمدىغان.

— ئىككىنچى ئاكامۇ يۇيۇنغانمۇ؟

— ئىككىنچى ئاكاڭمۇ يۇيۇنغان.

— شەھەردىكى چوڭ ئاكامۇ يۇيۇنغانمۇ؟

پراگىيە بىر ئاھ ئۇرۇۋېتىپ، مىتكانىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ غەشلىك بىلەن دېدى:

— چوڭ ئاكاڭمۇ يۇيۇنغان، مىتكا. يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى پار مۇنچىسىدا يۇيۇنۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، سەنمۇ ئائىلىمىزنىڭ يىگىتى-دە؟

— ھەئە، — مىتكا سەل ئويلاپ تۇرۇۋېتىپ كەسكىن جاۋاب بەردى، — مەنمۇ كېيىن چوڭ بولىمەن.

— ناۋاتتەك گەپ قىلدىڭ. چوڭ بولغاندىن كېيىن كېمە ھەيدەپ مەن بىلەن ئوينايسەن، ماڭا ناخشا ئېيتىپ بېرىسەن.

پراگىيە مىتكانى يۇيۇندۇرۇپ بولۇپ ئۇخلاتقاندىن كېيىن ئۆزى

يۇيۇنۇشقا باشلىدى. ئۇ پارنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، تەرلىنىش كارىۋىتىغا چىقتى-دە، راھەتلىنىپ ياتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئۇستىخان-ئۇستىخانلىرىغىچە ئىسسىق ئۆتكەندەك تۇيۇلدى. دېرىزە تەكچىسىدىكى چىراغ سۇس يېنىپ تۇراتتى، بارا-بارا سوۋۇپ بېرىۋاتقان تاش پاراس-پاراس قىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى. ھېرىپ كەتكەن پراگىيە ئۆگدەك بېسىپ ئىختىيارسىز ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ ئىشىكنىڭ توساتتىن غىچ قىلىپ ئېچىلغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغاندى-دە، كۆزىنى ئېچىپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ قېتىپلا قالدى: كاراسكا قىپيالىڭاچ ھالەتتە خۇددى ئورماندا ھىجايغاندىكىدەك ھىجىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ پراگىيەنىڭ شۇ تاپتا ماڭا ھاجىتى چۈشۈۋاتقاندۇ، مېنىڭ ياردىمىمنى رەتمۇ قىلماس دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك ئەتىمالىم.

— سەن تەييارلىغان پاردا مەنمۇ ھوردىنىپ يۇيۇنۇۋالسام بولامدۇ، پراگىيە؟ — ئۇ شۇنداق دەپ ئاستا سورىدى-دە، پراگىيەگە يېقىنلاپ كەلدى.

پراگىيە دەرھال ئىسكە كېلىپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرماقچى بولدى. بىراق كاراسكا چاققان كېلىپ ئۇنى كارىۋاتقا چىڭ بېسىۋالدى ۋە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ كۆكسىنى مۇجۇقلاشقا باشلىدى. پراگىيە ئۇنىڭ ئالدىدا بوش كېلىدۇ دەمسىز، ئۇنىڭ جان يېرىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپتى. كاراسكا كارىۋاتتىن دومىلاپ چۈشۈپ يىرتقۇچ ھايۋاندەك چىرقىراپ كەتتى. پراگىيە لىق قايناق سۇ قاچىلانغان كورىنى كۆتۈرۈپ كەلدى-دە، كاراسكانىڭ ئۇستىگە قايناق سۇ قۇيماقچى بولدى. كاراسكا ئۆملىگىنىچە كىيىم يۆتكەش بۆلۈمىگە قېچىپ كىرىۋالدى. پراگىيە ئۇنىڭ كىيىملىرىنى

سوراپ يالۋۇرۇپ كەتكەن بىچارىلەرچە قىياپىتىنى كۆرگىنىدە كۆلۈۋەتكىلى تاس قالدى. كېيىن ئۇ: ئەتتىگەي، ئۇنىڭ كىيىمىنى بېرىۋېتىپ ئەجەب ئەخمەقلىق قىلىپتىمەن دېسە، ئۇنى يالىڭاچ قوغلىۋەتسەم، ئۆيىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ قەيەردە مېھمان بولۇپ، قانداق كۆتۈلگەنلىكىنى ۋە قانداق قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەتكۈزسەم بولىماسمىدى دەپ پۇشايمان قىلدى.

ئەتىسى پراگىيە بىلەن ئوغلىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەت كەلدى — پراگىيە ئېرىنىڭ قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدى. خۇدا بۇ بەختسىز مىنۇتلارنى ئەسلەشنى مەڭگۈ نېسىپ قىلمىسۇن. ئۇ ئۇقتۇرۇشنى ئالغاندا پوچتىكەشنىڭ نېمە خەۋەر ئېپكەلگەنلىكىنى ئۇنىڭ چىرايىدىنلا بىلگەنىدى. بىراق ئۇ بۇ ئۇقتۇرۇشنىڭ زادى كىمنىڭ قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى...

...ھويلىنىڭ شادا ئىشىكىنىڭ تاراققىدە ئېچىلىشى بىلەن پراگىيە ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتى-دە، قاتتىق ئوي ئىلكىدىن قۇتۇلۇپ ئېسىنى تاپتى، قولاق سېلىپ ئاڭلاپ تالادىن لىيۇباۋانىڭ ئىتتىك قەدەم تاشلاپ كىرىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

لىيۇ باۋا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. سوغۇقتا ئۇنىڭ ئىككى مەڭىزى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، بېشىدىكى يۇڭ ياغلىقى بىر تەرەپكە چۈشۈپ قالغان، بىر ئۆرۈم قارا چېچى ئوڭ مۈرىسىگە ساڭگىلىغانىدى. ئۇنىڭ ئادەتتە ھەمىشە غەمكىن كۆرۈنىدىغان چىرايىدىن بۈگۈن باشقىچىلا خۇشاللىق ياغاتتى، زىلۋا بەستىدىن رۇس قىزلىرىغا خاس سەھرىي كۈچ ۋە زىبالىق چىقىپ تۇراتتى،

www.uyghurkitap.com

پراگىيە ئۆز كۆڭلىدە كېلىنىنىڭ كېلىشكەن قامىتىدىن ئىختىيارسىز زوقلىنىپ كەتتى.

— قىزىم، ساڭا بىر ئەر خۇش خەۋەر بارمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى پراگىيە شىرەگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرغان لىۇباۋادىن.

— سىزگە قانداق يەتكۈزسەم بولىدىكىن، پراگىيە ئىلىئىنىچنا؟ — دېدى لىۇباۋا جۇۋىسى بىلەن ئۆتۈكىنى سالغاچ.

— گەپنىڭ ئەينىنى دېگىن.

— مەن خىزمەت تاپتىم، — لىۇباۋا ئىشىك تۈۋىدە پراگىيەدىن جاۋاب كۈتكەندەك ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى. ئۇ يېڭى پوسۇندا تىكىلگەن بەلپۈرمە كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى، كۆڭلەكنىڭ ياقىسى بەكرەك ئويۇلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ خۇددى ئويۇتۇلغان قويرۇق مېيىغا ئوخشايدىغان ئاپئاق كۆكسى سەل كۆرۈنۈپ تۇراتتى. "پاھ، بۇ قىزنىڭ يايراپ كەتكىنىنى قارا، — دەپ ئويلىدى پراگىيە خۇشاللىقىدا، — ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئۆيىمىزگە كۆنۈپ قالىدىغاندەك، قەلبىدىمۇ خۇشاللىق ئوتلىرى ياندىغاندەك تۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ، ئۇ مېنىكانىڭ پەزىلىتىنى جەزمەن كۆرۈپ يېتىدىغان ئوخشايدۇ..."

— راستمۇ؟ — سورىدى پراگىيە ھەيران بولۇپ، — قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ؟

— ئورمانچىلىق شىركىتىگە.

— نېمە ئىش قىلىدىكەنسەن؟

— گۇرۇپپا باشلىقى بوپتىمەن، تۆۋەن ئېقىندىكى ياغاچ ماتېرىيال لاپىسىدا ئىشلەيدىكەنمەن.

— ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ قالغىنىڭ نېمىسى — دېدى پراگىيە بىر-

دىنلا ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ، بىراق ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق، مەمنۇنلۇق ۋە ھەيرانلىق يېغىپ تۇراتتى. ئۇ كېيىنىدە بۇنىداق چوڭ ئۆزگىرىش بولارىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ باشتا لىۋباۋا بازارغا قايتىپ يەنە مال ساتقۇچى بولىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئەلۋەتتە ھەممىلا خىزمەت ھۆرمەتلىنىشى كېرەك، خىزمەت دېگەن بەرىبىر خىزمەت-تە. بىراق، بۈگۈنكى كۈندە مال ساتقۇچىلار ئانچە ھۆرمەتلىك ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ھۆرمەت قىلمايتتى. ئۇرماندا ئىشلەش دەرۋەقە جاپالىق ئىدى، بىراق ئېغىر ئىش بىلەن شوغۇللانغاندا كىشىنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ بولاتتى.

— قىزىم، ئۇ يەردە ئىشلەيمەن دېگىنىڭ بىلەن ھاۋا ھەرقانچە سوغۇق بولسىمۇ كۈن بويى ئۆرە تۇرۇپ ئىشلەيدىغان گەپ، جاپادىن قورقمامسەن؟

— ياق، پراگىيە ئىلئىنچنا، — لىۋباۋا خۇشاللىق بىلەن جاۋاب بەردى، — قورقمايمەن.

## 12

ئۇزاق داۋام قىلغان قەھرىتان سوغۇقتىن كېيىن، ھاۋا بارا-بارا ئىسسىپ، يىللىق شامال چىقىشقا باشلىدى. كوچىمە ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدىكى قار ئاستا-ئاستا ئېرىپ يەرگە تامچىلىماقتا ئىدى. ئىشىك لەمپىسى ئۈستىدىكى قارمۇ ئېرىپ، ئۇنىڭ قاپقارا ماي قەغىزى يالىڭاچلىنىپ قالدى. بىراق ئىككىنچى كۈنى شامالنىڭ يۆنىلىشى ئۆزگىرىپ، دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىن چىقىپ، شىمالنىڭ ئىزغى-

رىن سوغۇقىنى ئېلىپ كەلدى. لەمپىدىن چۈشۈۋاتقان تامچىلار سوغۇق تەپتىدىن بىردىنلا قېتىپ، كۆمۈشتەك يالتىراق مۇز چوكى-لىرىغا ئايلاندى، مۇز چوكىلىرى ئېسىلىپ تۇرا-تۇرمايلا ئۇشقىرتىپ چىقىۋاتقان شامالنىڭ ئۇرۇشى بىلەن يەرگە چۈشۈپ، پارچە-پارچە بولۇپ، ئاللىنەلەرگە دومىلاپ كېتەتتى. چۈشلۈك تاماق ئالدىدا توساتتىن قار يېغىشقا باشلىدى، قار تۈگۈرچەكلىرى ليۇبوكانىڭ يۈزىگە قاتتىق ئۇرۇلاتتى، شامال ئۇنىڭ مەزمۇت دەسسەپ تۇرۇشىغا ئىمكان بەرمەيتتى.

لاپاستىكى ئىشداشلار ليۇبوكانى قىزغىن قارشى ئېلىشتى. ژاركا مىتىركىنىنالا ئۇنىڭغا تۈنجى كۆنىلا تەنە قىلىۋالدى:

— ھە، سەنزە بىزنىڭ يىگىتىمىزنى ئۇندەككە كەلتۈرۈۋاپسەن-دە؟

ئۇنىڭ چىرايلىق قارا كۆزلىرىدىن بىر قاراشتا ئۆچمەنلىك چىقىپ تۇرغاندەك، بىر قاراشتا بىشەملىك چىقىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ليۇبوكا ئۇنىڭ قاراشلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى-دە، سورىغان سوئالىغا پەرۋا قىلمىدى. ژاركا كەينىگە بىر قەدەم چېكىنىپ تۇرۇپ، خۇددى چەت ئەلدىن كېلىپ قالغان غەلىتە بىرنەرسىگە قارىغاندەك، ليۇبوكاغا بېشىدىن ئايىغىغىچە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى خىجالەتتە قويىدىغان بىر گەپنى قىلدى:

— ما كاساپەتنىڭ چىرايلىقلىقىنى! ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەپ، يۈرىكىگە ئوت سالىدىكەنغۇ...

ئۇ شۇنداق دەپلا كەينىگە بۇرۇلدى-دە، غادايغىنىچە ياتىقى تەرەپكە كەتتى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ليۇبوكاغا خۇددى بۇ يەردە ئۇنداق ئادەم يوقتەك، ئىككىنچى قارىمايلا قويغاندى. بىراق

بۈگۈن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن بىر ماشىنا ياغاچ كېلىپ قالدى، ليۇبوكا ياغاچلارنى ساناۋاتاتتى، ژاركا لاپاسقا قويۇنىدەك كىرىپ كەلدى-دە، بوسۇغا تۈۋىدە ئۆتۈكىدىكى قار-لايلارنى سۈرتۈۋېتىپ، ئاندىن مەشىنىڭ يېنىدىكى كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى، خېلى ۋاقىت ئۈن چىقارماي ئولتۇرغاندىن كېيىن سورىدى:

— سەن بىزنىڭ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟

ليۇبوكا باشتا بۇ سوئالدىن تەمتىرەپ قالدى، كېيىن ئۇنىڭغا تەنە بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ئۇ مۇشۇنداق غەلىتە سوئالنىڭ قويۇلىدىغانلىقىغا كاللىسىدا ئاللىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ قويغاندەك قىلاتتى.

— مىتانى سەندىن تارتىۋالغىلى كەلدىم.

— ھىم، قارا سېنى، — ژاركا سوغۇق كۈلدى ۋە كۆڭلىدە نېمىلەرنىدۇ ئويلىغاچ ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن زەردە بىلەن، — سەن ئۇنى ھەرگىزمۇ سۆيمەيسەن، مىتانى سۆيمەيسەن، — دېدى.

ژاركانىڭ گېپى ليۇبوكاغا قاتتىق ھار كەلدى، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئاللىقانداق بىر مەخپىي سىرغا بېرىپ تەگدى، ئۇ ئادەتتە ئۆزىنىڭ غەمگە پېتىپ يۈرۈشكە يول قويمايتتىيۇ، غەمدىن بىر مىنۇتمۇ خالاس ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا ژاركانىڭ گېپىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى قات-قېتىدىن ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ ژاركاغا قەلبىدىكى ھەممە دەرد-ئەلەمنى بىر-بىرلەپ تۆكتى، ئۇنىڭ قاتتىق ئەلەم ئىچىدە ئازابلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن ژاركا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ليۇبوكا كۆزلىرىنى گۈركىرەپ شامال چىقىۋاتقان تالاغا تىككىنىچە بۇقۇلداپ يىغلايتتى ۋە ياشلىرىنى كىچىك بالىدەك ئىچىگە

يۇتاتتى. ژاركا ھېچنېمىلا دېمەي ئاستا چىقىپ كەتتى. ليۇبوكا ماغدۇرسىز قوللىرىنى شىرەگە تىرەپ، قاتتىق پەرىشانلىق ئىچىدە ئۇزاققىچە ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىدى. ئۇ ئۆزىنى گويا ھاياتىنىڭ تۈۋرۈكىنى كىمدۇ بىرى يۇلۇۋالغاندەك، كۆڭلىدە غەم يەپ كېلىۋاتقان ھەممە نەرسىنى كىمدۇ بىرى تارتىۋالغاندەك، شۇنىڭ بىلەن قەلبىدە قانداقتۇ بىر خىل سىرلىق سوغۇق ھاۋادىن باشقا ھېچنېمە قالمىغاندەك سېزەتتى.

ئۇنىڭ قەلبىدە مىتكا يوق ئىدى، ئۆزىنى قايىل قىلىشقا ھەرقانچە تىرىشىپ باقسىمۇ قەلبى مىتكاغا زادىلا ئورۇن بەرمەيتتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ ئۆزىنى نەقەدەر چۈشەنمەيتتى-ھە، ئۇ ئۆز قەلبىدە قانداقتۇ بىر يېڭى سىر پەيدا بولغانلىقىنى سەزگىنىدە ھامان ساراسىمىگە چۈشۈپ كېتەتتى. ئۇ ئىشقا چۈشكىنىمدىن كېيىن يەڭگىللەپ قالارمەن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەرمەن دەپ ئويلىغانىدى، بىراق ئۇ خاتا قىلغانىدى، ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ قويغانىدى. بۇنداق ئالدامچىلىق زادى قاچانغىچە داۋاملىشار؟ بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

مەشتە ئوت گۈركىرەپ كۆيمەكتە، تالادا بوران تېخىمۇ ئەدەپ دەھشەت سالماقتا ئىدى، دېرىزىنىڭ نېپىز، ئاجىز ئەينىكى بوراندا ھېلىدىن-ھېلىغا جاراڭ-جۇرۇڭ قىلىپ، تەبىئەتنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا قەيسەرلىك بىلەن تاقابىل تۇراتتى. تالادا ياغاچ سۆرەپ كەلگەن پاراۋوزنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، ليۇبوكا ياغاچلارنى ئۆلچەش ئۈچۈن تالاغا ماڭدى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ تۇرۇشىغا توساتتىن ئۆرگان قاتتىق بوران دەستىدىن سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ

كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ سەنتۈرۈلۈپ يۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە ئالغا ماڭدى. شامال يۆنىلىشى بىلەن كېتىۋاتقاندا توساتتىن كىمدۇ بىر كىشىگە قاتتىق سوقۇلۇپ كەتتى. ئىككىلەن تۇرالماي قارغا تەڭلا يىقىلدى. شۇ دەقىقىدە ليۇبوكانىڭ ئاللىقاچان غايىب بولۇپ كەتكەن بالىلىق مىجەزى قايتا بىخ ئۇردى-دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ باياتىنقى يىغلاشلىرىنى ئۇنتۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. يىقىلغان شوپۇر پېتكامۇ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ليۇبوكانى قاردىن يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۇ ئاغزىنى ليۇبوكانىڭ قۇلىقىغا يېقىن قىلىپ، بوران ئاۋازىنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى:

— بەللى، ليۇباۋا، مىتكا ساڭا قانداقمۇ تەڭ كېلەلىگەندۇ-ھە؟ مېنى سوقۇپ جېنىمنى ئالغىلى تاس قالدىڭ.

ليۇبوكامۇ جاۋابەن ۋارقىرىدى:

— تۆپە-تۆپىلەپ كېيىنۋېرىپ پومزەككىلا ئوخشاپ قاپسەن، سوقۇپ جېنىڭنى ئالغىلى بولامدىغان...

كېچە، ليۇبوكا ئۆزى يالغۇز ياتاتتى، ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭ كۆڭلى ئېكرانىدا بىر-بىرلەپ ئەكس ئېتىشكە باشلىدى.

...ئىككىلەن كىچىككىنە بىر تۆپىلىككە چىقتى، ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان كەڭ دالا ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى، دالانىڭ نېرىقى چېتىدىكى ئۆيلەرنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن ئىس كۆتۈرۈلەتتى. بار-يوقى 30 نەچچە ئۆيلۈك بۇ كىچىككىنە كەنتكە ئۇ يەر، بۇ يەردىكى قار دۆڭلىرى بۆلەكچە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. كەنتكە يانداشقان جىپايان ئىپتىدائىي ئورمان تەبىئەتكە ئاجايىپ گۈزەللىك بەخش ئېتەتتى. كەنتتىكى ئۆيلەرنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن چىقىۋاتقان

تۇرۇم-تۇرۇم ئىسلار، ئۈچ كىلومېتىر نېرىدىكى كەنتتىن ئاڭلىنىۋاتـ-
قان ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، تىپتىنچ ياتـقان تاغ ئارقـىـسىغا ئاستاـ-
ئاستا ئولـتۇرۇپ كېتـىـۋاتـقان نۇرلۇق قۇياش ــ مانا بۇ مەنـزىرە
كىشىدە گويا چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن دۇنيادا تۇرغاندەك تۇيغۇ
پەيدا قىلاتتى. كۆز ئالدىدىكى گۈزەل مەنزىـرىـگە مەپـتۇن بولۇپ
يايراپ كەتكەن ليۇبوكا بىردىنلا بۇ مەنزىرىـنى قاچانلاردىـدۇ بىر
كۆرگەندەك، كېيىن بولسا پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك ھېسسىياتقا
كەلدى. ئۇ بۇ مەنزىرىـنى قەيەردە كۆرگەنـلىـكـىـنى، مۇشۇنـداق
تەسىراتقا قاچان كەلگەنلىكىنى ئويلاپ كۆپ باش قاتۇردى.

ــ ليۇبا، ئەمدى ماڭايلى، ــ ۋىياچېسلاۋ شۇنـداق دەپ چاڭـغا
كالتىكىنى يەرگە قاتتىـق بىر تىـرىـدى-دە، كەڭ قارلىـق دالانىڭ
چېتىدىكى كەنتنى كۆزلەپ تېيىـلـىـپ كەتـتى. ليۇبوكا بىر خىلـدا
كۆلەتتى، ئۇنىڭ قەلبىنى بىر يېڭىچە خۇشالـلىق قاپلىـغانـدى، شۇ
تاپتا ئۇ ئۆزىدە غايەت زور شادلىـق ھېـس قىلـدى-دە، يۈرىـكى
ئويناپ يېرىلىپ كەتكۈدەك بولـدى. ئۇ چاڭـغا كالتـىـكـىـنى يەرگە
كۈچەپ بىر تىرەپ، ۋىـياچېسـلاۋ ئاچـقان يول بىلەن ئۇچـقانـدەك
سىرىلدى. ئاخىرقى پەللىدە ۋىياچېسـلاۋدىـن ئۆتـۇپ كەتـمەكـچى
بولدىيۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆتۈپ كېتەلمەي، ئىككىيلەن سوقۇلۇپ تەڭـلا
موللاق ئېتىپ كەتتى. قار يۇمشاق ھەم يىللىق ئىدى.

ۋىياچېسلاۋ تىزلىنىپ تۇرۇپ ئۆرە بولـدى. ئۇنىڭ چاڭغا تېيىلـ-
غاندا كىيىدىغان باش كىيىمى نەلەرگىدۇ ئۇچۇپ كەتـكەن بولۇپ،
سەل بۇدۇر كەلگەن قارا چېچى پاخـپـىيـىـپ، ئادەتـتە بىر خىلـدا
رەتلىك تاراقلىق تۇرىدىغان ھالىتىنى يوقاتـقانـدى. شۇ تاپـتا ئۇ
بەئەينى بىر كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالدى. بۇ كىچىك بالا ليۇبوـ

كاغا ئەجەبلىنىش نەزىرى بىلەن قارىدى، تەئەججۈپ بىلەن كۈلۈمسىرىدى. ليۇبوكامۇ ئۇنىڭغا هاياجان بىلەن قارىدى، ئۇ ۋىياچېسلاۋنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە خۇددى شۇنداق تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب قايتۇرماي تۇرالمايتتى.

ئۇلار بىپايان قارلىق دالىدا خۇددى سۇنىڭ ئېقىشى بويىچە كېتىۋاتقان قېيىقتەك تېز تېيىلاتتى، شادلىق ئىچىدە نېمىلەرنىدۇ دەپ ۋارقىرىشاتتى. ئۇلار شۇ ۋارقىراش سادالىرى ئىچىدە، بارا-بارا ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقان كەچكى شەپەق نۇرىدا نەچچە-نەچچە قېتىملاپ دومىلاپ كېتىشتى. ئۇلارغا بۇ دۇنيادا ئۆزلىرىدىن باشقا هېچكىم يوقتەك بىلىنەتتى، ئۇلار ئىككىسى بىللە تۇرغاندىكىمۇ، هەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا تەنها تۇرغاندىكىمۇ تۇيغۇدا بولاتتى. تاغ باغرىدىكى كىچىككىنە كەنت، چۆچەكلەردىكىدەك گۈزەل دۇنيا بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئۇلار خۇددى ئاشىق-مەشۇقلار ئۆيىگە ئالدىرىشىۋاتقاندەك، ئالغا قاراپ تېز مېڭىشتى. شۇ چاغدا ليۇبوكا ۋىياچېسلاۋغا يەنە بىر قېتىم تەئەججۈپ بىلەن كۆز تاشلىدى، ئۇ قەلبىدە ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سەزگىنىدە ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك هېس قىلدى.

ئىككىيلەن كەنتكە كىرگەندىن كېيىن، ساقال-بۇرۇتلىرى ئاقارغان، كۆزلىرىدىن پاراسەت نۇرى يېغىپ تۇرىدىغان بىر بوۋاينىڭ ئازادە ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ هېكايىسىنى ئاڭلىغاچ هەسەللىك چاي ئىچىشتى.

— دادام ئىككىنچى قېتىم سال هەيدىگەندىن تارتىپ مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن، — دەپ سۆز باشلىدى بوۋاي تەسىرلىك قىلىپ، — ئۇ قايسى زاماندىكى ئىش دېمەمسىلەر؟ بۇرۇنقى زاماندىكى ئىش.

ئۇ ئىشلارنى ئېسىمگە ئالالمايمەن. دادام باشتا شىركا دەرياسىدا سال ھەيدەپ، كېيىن ئامۇر دەرياسىغا كەپتىكەن. ئاتا ـ بوۋىمىز بايقال كۆلى بويىدا ياشايدىغان كازاكلاردىن ئىكەن...

بۇ پاراڭچى بوۋاي ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ئۇزاق سۆزلىدى، بىراق ليۇبوكا ئۇنىڭ ھېكايىسىگە قىزىقمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز مۇھەببىتىگە بىردىنبىر گۇۋاھچى بولالايدىغان ئادەم بولغان بولسا، شۇنىڭ ئۆزى چەكسىز بەخت ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ بوۋاينىڭ گېپىنى بۆلۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزى مۇھەببىتى توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى، باش ـ ئايىغى تۇتىشىپ كەتكەن، مەڭگۈ تۈگىمەس ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگۈسى كېلەتتى.

— ئىككىڭلارنىڭ توي قىلغىنىڭغا ئۇزاق بولدىمۇ، — توساتتىن سوراپ قالدى بوۋاي گېپىنى توختىتىپ، ئۇ ليۇبوكانىڭ ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتكەنلىكىگە، ۋىياچېسلاۋنىڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالغانلىقىغا دىققەت قىلمىدى، — ئۇزاق بولمىغاندەك تۇرىدۇ، قارىغاندا يېڭى توي قىلغاندەك تۇرىسىلەر، — دېدى بوۋاي ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ، — سىلەرنى مۇبارەكلەيمەن، سىلەرگە ئورۇن راسلاپ بېرەي، بەھۇزۇر ئۇخلىۋېلىڭلار.

بوۋاينىڭ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، قوڭۇر قوللىرى مىختا بولۇپ، چاچلىرى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەنىدى، گەپ قىلغاندا ئاۋازى جاراڭلاپ چىقاتتى. شۇ تاپتا ئۇ قولىدا داستىخانچىلىك چوڭلۇقتا بىر ئەدىيال تۇتۇپ تۇراتتى.

— ئۆي ئىشلىرىغا كېلىنىم قارىشىدۇ، — دېدى بوۋاي ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ، — ئۆزەم ئۆيدە ئاز بولىمەن، كۈنلەپ ـ كۈنلەپ ئورماندا يۈرىمەن. بىراق، ئۆيگە كەلسەملا، ئۆيىنى بىر چىرايلىق

يىغىشتۇرۇپ قويىمەن. ئوغلۇم كېلىنىم بىلەن ئالدىنقى يىلى بۆلەك چىقىپ كەتكەن...

ليۇبوكا قېشىدا بوۋاينىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇغان ھالدا ۋىياچېسلاۋغا قاراپ خۇشال كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بوۋاي بۇ ئەھۋالنى كۆردى ۋە ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. ئۇ ئاپئاق ساقىلىنى يېنىككىنە سىلىكىپ مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنداقتا ئۆزىڭىز نەدە ئۇخلايسىز، — دەپ سورىدى ئۇلار بوۋاينىڭ پۇتىغا پايپاق تاپماي ئوراۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن.

— مەن دېگەن پىل ئەمەس، — جاۋاب بەردى بوۋاي، — ئورماندا ئېزىپ قالمايمەن. ئىسسىق يەر بولسىلا يېتىپ قالىۋېرىمەن. سىلەر ئارام ئېلىڭلار.

ئىككىيلەن شىرە تۈۋىدە ئۇزاق ئولتۇرۇشتى، بۇ ئۆي ئۇلارغا چەكسىز راھەت ۋە خالىي بىلىنەتتى. ئۇلار گەپمۇ قىلىشماي، جىمجىت ئولتۇرۇشتى، ئۇلار ئۇچۇن گەپ قىلىششمۇ ھاجەتسىز ئىدى. بوۋاي ئۇلارنى ئەر-خوتۇن دەپ بىلىپ، ئىككى كىشىلىك ئورۇن راسلاپ بەرگەنىدى، ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن قورۇ-نۇپمۇ قالمىدى. ئۆزلىرىنى گويا قانداقتۇ بىر يوشۇرۇن ھەم شىددەتلىك بوران-چاپقۇندىن قۇتۇلۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى جىمجىتلىقتىن پەيز سۈرۈۋاتقاندەك ئازادە ھەم خاتىرجەم ھېس قىلاتتى.

— ئەمدى يېتىپ قالايلى، — دېدى ۋىياچېسلاۋ ئاخىر ئېسىگە كېلىپ. ئۇ ئىككىلىنىپ سەل تۇرۇۋېتىپراق ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ليۇبوكا ئۇنىڭ پولنى غارسىلدىتىپ دەسسەپ ماڭغان ئاياغ ئاۋازىنى ئاڭلىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىنى نېمىشقىدۇ بىر خىل

هەسرەت قاپلىۋالدى.

ئۇ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. ۋىياچېسلاۋمۇ ئۇخلىيالمىدى. نەچچە قېتىم سافا يېنىدىكى كىچىك ئورۇندۇقتىن تاماكىسىنى ئېلىپ چەكتى.

— داشۆدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا بىرمەزگىل ئۆگىنىش نەتىجەم بەك تۆۋەن بولدى، — دەپ گەپ باشلىدى ۋىياچېسلاۋ تۇساتتىن، — مەن قەدىمقى رۇس ئەدەبىياتىنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، بىراق ئوقۇيدىغىنىمىز ئورمان بايلىقىدىن قانداق پايدىلىنىش توغرىسىدىكى دەرسلەر ئىدى. مەن مەكتەپتىن چىقىرىلىش ئالدىدا مارىيە ئىئوسىفوۋنا بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. نەتىجىدە مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇپ قالدىم، كېيىن ئوتتۇرا ھال ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا ئۆتتۈم، بىرمەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ياخشى ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا ئۆتتۈم، فاكۇلتېت مېنى ئۆلچەمگە لايىق ئەلاچى دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. 4-يىللىققا چىققاندا مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدىم. مەن قەدىمقى رۇس ئەدەبىياتىنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرىمەن. كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەردىن بەزى پارچىلارنى يادقا بىلىمەن. ئوقۇپ بەرسەم ئاڭلامسەن؟

— ئاڭلايمەن، — دېدى ليۇبوكا ئاستا، بۇ يېقىملىق ئاۋازىڭ ۋە قار نۇرىدا ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرۈشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن تەمشىلەتتى.

— يېپىفانىيىنىڭ ۋەسىيىتىگە قاتتىق ئەمەل قىلىڭلار... — ۋىياچېسلاۋ بىمالال، جىددىي ھەم تەنتەنە بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى. ليۇبوكا يېنىك پۇشۇلدايتتى، بۇ چۈشىنىكسىز ئىبارىلەر ئۇنىڭغا تولىمۇ غەلىتە ۋە ناتونۇش بىلىندى، — پروتېستانت-

www.uyghurkitap.com

نىڭ مۆتىۋەللىسى ئاۋاكۇمنىڭ① جىنايەتلىك قولى بىلەن يېزىلغان...

— ھەي، ئوقۇغىنىڭىز نېمە ئۇ؟ — جەيىنكىنى كارىۋاتقا تىرەپ يېرىم ئۆرە بولۇپ سورىدى لېۋبوكا ۋىياچېسلاۋنىڭ ئاي نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان غەملىك چىرايىغا تەئەججۇپ ھەم خۇشاللىق بىلەن قاراپ.

— چوڭ مۆتىۋەللى ئاۋاكۇمنىڭ ئەسىرى، — دەپ جاۋاب بەردى ۋىياچېسلاۋ ئاستا، — قەدىمقى رۇسلار ئارىسىدا مۇشۇنداق بىر ئادەم ئۆتكەن، لېۋبا، كارامەت ئادەم. ئۇ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. بۇنداق پاجىئە شۇ زاماندىكى دىن تارقاتقۇچىلار ئۈچۈن ئەجەبلەنگۈدەك ئىش ئەمەس.

لېۋبوكانى ئىختىيارسىز قورقۇنچ باستى، بايا ئاڭلىغان گەپكە ئېيتقىلى بولمايدىغان قانداقتۇ بىر خىل يوشۇرۇن كۈچ يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇ كۈچ ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەندى. ئۇ بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىگەن بولسىمۇ، مۇشۇ ئاخشام ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ناتونۇش ھەم يېقىملىق بولغان بۇ غەلىتە گەپ ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن مەڭگۈ ئۆچمەس ئورۇن ئېلىپ قالدى...

ئەتىسى ئىككىيلەن سەھەر تۇرۇپ كەنتتىن چىقتى-دە، بىپايان دالىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. قامەتلىك بوۋاي بىر قولىنى چېكىسىگە

---

① ئاۋاكۇم (1620 - ياكى 1621 — 1682) — پروتېستانتنىڭ مۆتىۋەللىسى، يازغۇچى، چوڭ پوپنىڭ دىنىي ئىسلاھاتىغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن گۇناھقا تارتىلىپ سۈرگۈن قىلىنغان، تۈرمىگە ئېلىنغان، ئاخىرىدا چار پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

ئالغىنىچە ئۇلارنى ئۇزاقىچە ئۇزىتىپ تۇردى، ئۇنىڭ قويۇق ساقال-بۇرۇتى ئارىسىدىكى كالپۇكلىرى ئەتراپىدا مېھرىبانلىق ھەم خۇشاللىق تەبەسسۇمى ئەگىيتتى. بىراق لىيۇبوكانىڭ قەلبىدە تۇنۇگۇنكى بەخت تۇيغۇسى ئەمدى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئورنىنى قانداقتۇ بىر خىل ھىجرانلىقنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ئوي-پىكىر ئالغانىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا قارىدى، يىراقتا بوۋاي ئۇلارنى ھېلىھەم ئۇزىتىپ تۇراتتى. لىيوبوكا شۇ دەقىقىدە بۇ كەنتنى ۋە بۇ بوۋاينى قاچانلاردۇر بىر كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالغاندەك قىلدى-دە، ئۇزاق ئۆتمۈش كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. بىر دەقىقە ئۆتۈپ كەتتى، ئۆتكەن ئىشلار خىيال دېڭىزىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە يەنە كۆمۈلۈپ قالدى، لىيۇبوكا ئۆز يولىغا كېتىۋەردى.

## 13

— لىيۇباۋا، ئۇقتۇڭمۇ، جىڭلى ئوۋچىلىرىمىزنىڭ يېڭى يىل ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلىپتۇ، — دېدى پىراگىيە ئىشىكتىن كىرىپلا، — ئەجەب ئوبدان بوپتۇ، شۇنداقمۇ؟ يېگور پۇرۇشاكىن بولسىتۇرمۇ شۇنداق قىلماقچى بولغان، بىراق ھاۋا رايى ياخشى بولماي، ئىشمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئاشماي قالغانىدى.

توقۇلما توقۇشنى ئۆگىنىۋاتقان لىيۇباۋا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىگىزنى تىزىغا قويدى-دە، پىراگىيەگە مۇنداقلا قاراپ، ئاستا: "ھە، شۇنداق ئىكەن-دە" دەپ قويدى. بۇ گەپنى دەۋەتكەنلىكىگە ئۆزىمۇ ئىشەنمەي قالدى ۋە ئۆزىچە ئالاقزادە بولۇپ ھۆپپىدە

قىزىرىپ كەتتى. ليۇبوكانىڭ ئۇسال ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ دىققەت بولغان پراگىيە: ليۇباۋا نېمىدېگەن تەرسا ـ ھە، زادى نېمشقا ئوغلۇم مىتكادىن شۇنچىۋالا بىزاردۇ دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭدا ئوغلى ئۇچۇن ھەسرەت چېكىۋاتقانلىقىغا قارىماي، ليۇباۋانىڭ قەيسەرلىكىگە نىسبەتەن ئىختىيارسىز ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغالدى. ئۇ: "ليۇباۋانىڭ مىتكاغا بىرلا كۆڭلى چۈشۈپ قالدىمۇ، بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك سادىق خوتۇنى بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق خوتۇنلار بۇدۇر چاچلىق چىرايلىق يىگىتلەرگە مەيلىنى بېرىپ قويمايدۇ، ئۇنداقلارنىڭ كەينىدە پىرقىراپ يۈرمەيدۇ. بۇ كۇندىكى ياشلارنىڭ تەنتەكلىكىنى كۆرمەمدىغان، ئەسلىدە قانداق بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق يۈرگىنى يۈرگەن، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان كىشىلەرچۇ، ئۇلار ھامان ئۆزىنى ئۆزى قەدىرلەيدۇ، كەلسە ـ كەلمەس ئادەملەر بىلەن ئۆزى بىلگەنچە داد ـ مۇئامىلە قىلىپ يۈرمەيدۇ" دېگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈردى.

— توقۇشنى ئۆگىنىۋالدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى پراگىيە ليۇبوكانىڭ قېشىغا كېلىپ يېڭى باشلىغان پايپاقنى قولىغا ئېلىپ، — چىڭراق توقىغىن، بولمىسا بەك بوش بولۇپ قالىدۇ.

پراگىيە شۇنداق دېدى ـ دە، ئادىتى بويىچە قولى بىلەن ئېگىدەكنى تىرىگىنىچە ليۇباۋانىڭ ئۇدۇلىدىكى شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ۋە ھەسرەتلىك ئۇھسىندى.

— ليۇباۋا، — دېدى ئۇ بىردىنلا ئويچانلىق بىلەن بوشقىنا، — ماڭا گېپىڭنى ئوچۇق دە، مىتكانى زادى نېمىشقا ياخشى كۆرمەيسەن؟ چىرايىڭ ھېچقاچان ئېچىلىپ باقمايدۇ، مەھەللىدىكىلەر كۆرسە سەت ئەمەسمۇ. ھېلىمۇ ياخشى ژاركا مېتىركىننا دۇكاندا ياخشى

گېپىڭنى قىلىپ قويۇپتۇ، ئۇنىڭغا رەھمەت. بىراق خەقنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغىلى بولمايدۇ-دە. ئۇنداق قىلما، لىيۇباۋا. سەت تۇرىدۇ. بىز شانوتروسوۋلار ئائىلىسى ماكاروۋكىدا ئەزەلدىن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئائىلە ئىدۇق، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خەقنىڭ كۈلكىسىگە قېلىۋاتىمىز... ئۇنى سۆيمىسەڭ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلۈك بولۇشقا نېمە دەپ رازىلىق بەرگەن، ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەگكەن؟ مىتكا تاغ-ئورمانلاردا يۈرۈپ چوڭ بولغان ساداقەتمەن يىگىت، ئۇنىڭ ساڭا كۆزى چۈشكىنى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، ئۆزەڭمۇ كېلىشكەن قىز-دە. بىراق، سەن ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتىسەن؟

لىيۇباۋا ئۈن چىقارمىدى. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مۇشۇنداق بىر سۆھبەتنىڭ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ قويغانىدى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ پىراگىيەنىڭ سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتى.

— مەن ئەجەبمۇ تەلەيسىز ئىكەنمەن، — پىراگىيە لىيۇباۋانىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا، سۆزىنى ئېچىنىش بىلەن داۋام قىلدى، — ئۆيىمىزدىن ئۈچ ئەر جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولدى. مەن تېخى مۇشۇ تىكەندەك ئوغلۇم مىتكا ئاخىرقى ئۆمرۈمگە شادلىق ئېلىپ كېلىدۇ، ئوبدان بىر خوتۇن ئالسا، خوتۇنى بىر توقاي نەۋرە تۇغۇپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭمۇ مېھرىبان مومايلارغا ئوخشاش غەمگۇزارلىرىم بولىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئەمدى ماڭا بۇنىڭدىن ئۈمىد يوقتەك قىلىدۇ. ماڭا نېمە كۈن بۇ؟ — پىراگىيە بېشىنى چايقىدى، — ئېھتىمال ئۆمرۈمدە قانداقتۇ بىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان بولسام كېرەك، شۇڭا كۈتۈنۈپ بىخارامان ياشاش ماڭا نېسىپ بولمايۋاتسا كېرەك. بىراق مەن ھېلىمۇ ئۆيدە تىنىم تاپماي

www.uyghurkitap.com

ئىشلەپلىۋاتىمەن. بىزنىڭ بۇ يەردە ئۆيدە بىكار يېتىپ كۈتۈنۈۋاتقان ھېچكىم يوق. ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشالمىغىنى بىلەن ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ تۇرىدۇ، ئېيتقىنا، ليۇباۋا. نېمىشقا مەنلا شۇنداق بىتەلەي؟ ئۇنى ياراتمىساڭ، ئىككىڭلار چىرايلىقچە ئاجرىشىپ كېتىڭلار، بۇمۇ ئەيىب ئەمەس، قانۇندا نىكاھ ئەركىنلىكى بەلگىلەنگەنغۇ...

— ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن، — دېدى ليۇباۋا ئاستا ۋە پراگىيەگە ئامراقلىق بىلەن ئىختىيارسىز قاراپ.

— شۇنداقمۇ، قىزىم؟ — دېدى پراگىيە ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، — مۇھەببەت دېگەندە ۋەدە بېرىپ قويۇش بىلەنلا سۆيگۈ پەيدا بولىدىغان ئىش نەدە بار؟ مەنغۇ ئاڭلاپ باقمىغان...بىراق، ئوغلۇمنىڭ زادى نەرىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ھېچلا بىلەلمەيۋاتىمەن. ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەيىب-قۇسۇرى يوق؛ خۇددا ئۇنىڭغا يامان كۆزدە قاراپ باققان ئەمەس، ئۇنىڭغا قەددى-قامەت ئاتا قىلغان، چىرايىمۇ بىر ئوبدان. مەككار-شۇم ئادەملەرگىمۇ زادى ئوخشىمايدۇ...

— ئۇ ياخشى يىگىت، — ليۇباۋا قەددىنى رۇسلىدى، — ئۇ بەكمۇ ياخشى يىگىت، پراگىيە ئىلئىنىچنا، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن ئۇنىڭ بىلەن بەختلىك ئۆتەلەيمەن. راست گېپىم شۇ، پراگىيە ئىلئىنىچنا، سىزنى ئالدىمايمەن. بىراق، ئالدىرىماي تۇرۇڭ، يەنە بىرئاز سەۋر قىلىڭ...

شۇنىڭدىن كېيىن ليۇباۋا بۇ ئائىلىدە خېلى ئېچىلىپ-يېيىلىپ يۈرۈيدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئارىلاپ-ئارىلاپ كۈلكە ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىدىغان بولدى، بىركۈنى تېخى پراگىيەنى كۈلدۈرۈپمۇ

www.uyghurkitap.com

تاشلىدى. ئۇ كۈنى لىۈباۋا سىير سىغىۋاتاتتى، توساتتىن سىير پۈتىنى چىلەكـكە سىلىۋالدى، لىۈباۋا ھودۇقۇپ كىتىپ ئۆيگە قىچىسىپ كىردى، ئۇنىڭ يەڭـپەشلىرى ۋە يۈز ـ كۆزلىرىگە ساپلا سۈت چاچراپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەينەككە قاراپ، كۈلۈپ تىپىلىقسىپ قالدى، پراگىيەنىمۇ كۈلدۈرۈۋەتتى. كىلىنىنىڭ كۈلكىسى نىمىدىگەن جاراڭلىق ھەم يىقىملىق ـ ھە!

لىۈباۋانىڭ روھىي ھالىتىنى كۆرگەن پراگىيەنىڭ قەلبى خۇشاللىق ۋە ئامراقلىقتىن يايراپ كەتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئورماندىن قايتىپ كىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

## 14

10 ـ ئاينىڭ كىينكى يىرىمىدا ياغقان دەسلەپكى قاردىن كىيىن، بۇلغۇنلار تاغ قىرلىرىدىن چۈشۈپ، ۋىرخوزىنكا دەرياسى بويىدىكى ئوزۇقلۇق تىپىلىدىغان جايلارغا ماكانلاشتى. شۇ چاغدىن تارتىپ مىتكا ئۇچۇن ئالدىراش پەسىل باشلاندى. بۇ يىل يىل ئوبدان كىلىپ، يىمەكلىك مول بولغاچقا، بۇلغۇنلار يەم ئىزدەپ سىرتقا چىقمىدى، شۇڭا قارلىقتا ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى ئۇچرىتىشقا بولمايتتى. مىتكا بىر ئامال بىلەن ئۇلارنى ئۇۋىسىدىن چىقارماقچى بولدى. ئۇ ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ ئوۋچىلىق رايونىغا كەلدى ـ دە، بۇلغۇننىڭ يىڭى ئىزىنى تاپتى ۋە شۇ ئىزىنى بويلاپ ئۇنىڭ ئۇۋىسىغىچە باردى، ئاندىن ئۇۋىنىڭ ئاغزىغا يوغان بىر تورنى يايدى (بۇلغۇن ئادەتتە دەرەخ كامارلىرىنى ئۇۋا قىلاتتى)، ئاندىن بۇلغۇننى ئۇۋىسىدىن چىقارماقچى بولدى. بۇلغۇن تولا چاغلاردا

ئۆزىنى ئوڭايلىقچە تورغا تۇتۇپ بەرمەيتتى، ئۇنىڭ ئۇۋىسىغا ئىس قويۇپ بېرىشكە توغرا كېلەتتى. مىتكا كۈن بويى مۇشۇ ئىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ ھالىدىن كېتەتتى-دە، ناھايىتى كەچ قايتىپ كېلەتتى.

مىتكا قىشلىق كەپىسىنى رەتلىك قىلىپ بىر ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇۋالغانىدى، بۇنچىلىك ئەپلىك سەرەمجانلاشتۇرۇش بىر ئۆيگە باش بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئايالنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيتتى. يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخلەرنىڭ شىرىنىسىغا چىلاپ پىشۇرۇلغان قاپقانلار تاختاي تامغا قاتار ئېسىقلىق تۇراتتى. ئوۋ مىلتىقى بىلەن نەپىس غىلاپلىق ئوۋ پىچىقى (ئۆتكەن قېتىم رازدرونويې كەنتىدىن سېتىۋالغان) ئېلىشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە قويۇلغانىدى. بۇلۇڭدىكى مەشىنىڭ ئۈستىگە چۆگۈن قويۇلغان، مەشنىڭ يېنىغا يېرىلغان ئوتۇنلار رەتلىك تىزىلغانىدى، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ رادىئو بىلەن قول چىرىغى دېرىزە تەكچىسىگە تولىمۇ يارىشىپ تۇراتتى. قىسقىسى، بۇ ئۆيدىكى چوڭ-كىچىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، جاي-جايىغا قويۇلغانىدى. بىراق مىتكانى ئوۋغا چاقىرىپ قالسا، ئۇ بەش مىنۇت ئىچىدىلا جابدۇنۇپ بولاتتى، ھېچنېمىنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئۇنىڭغا بۇنداق ماھارەتنى ھېچكىم ئۆگەتكەن ئەمەس، ئۇ ئەسلىدىنلا مېڭىسىنى ئىشقا سېلىشقا ماھىر، ھەممىلا ئىشنى پۇختا ئويلىنىپ قىلىدىغان تۇغما خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى.

مىتكا ئوۋدىن قايتىپ كېلىپلا مەشكە ئوت يېقىپ، قېنىق چاي دەملەپ، ئۇنى خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئىچىپ ئولتۇراتتى. چايغا قېنىپ ئىسسىق باسقاندىن كېيىن ئۇماچ قاينىتىشقا باشلايتتى.

ئۇماچ ۋاراقلاپ قايناۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇۋلاپ كەلگەن بۇلغۇنلىرىنى سويۇشقا كىرىشەتتى. ئۇ بۇلغۇننى شۇنداق ئەپلىك ۋە شۇنداق ماھىرلىق بىلەن سوياتتى. بۇ مىتكانىڭ بىر كۈنلۈك ھاياتىنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك مىنۇتلىرى ھېسابلىناتتى. ئۇ ئىش قىلىۋېتىپ ئوۋچىلىق جەريانىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى، قايسى جانىۋارنى نەدە تۇتقانلىقىنى بىرمۇبىر ئەسلەپ چىقاتتى. ئۇنىڭ ئوۋچىلىقىدا ھەيران قالارلىق، ئۇنتۇلماس ئەھۋاللار ئۇچراپ تۇراتتى. يېقىندا مىتكا دەريا قولتۇقىدىكى كاچكۈل بويىغا قاپقان قۇردى، بىر سۇ بۇلغۇنى قاپقانغا چۈشۈپ قالدى. بۇلغۇن ئارقا پۇتىنى ئېلىشىغا ئۇنىڭ بىر پۇتى قاپقانغا تېگىپ كەتتى ـ دە، قاپقان ۋاققىدە چەتلىپ، بۇلغۇننىڭ قورسىقىنى قىسىۋالغىلى تاس قالدى. مىتكا كاچكۈل بويىغا بېرىپ قارىسا، بۇلغۇن بىر تال بېلىقنى چىڭ چىشلىگىنىچە يېتىپتۇ. ئۇ بۇلغۇننى قاپقاندىن ئاجراتتى، بىراق بۇ جانىۋار ئاغزىدىكى بېلىقنى قويۇۋەتمەي تۇرۇۋالدى. مىتكا بۇنداق غەلىتە ئەھۋالنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغاندى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ بۇ بۇلغۇننى ئۆلتۈرمىدى. بىراق، شۇ ئاخشىمى بۇلغۇن قۇيرۇقىنى خادا قىلدى، مىتكا ئۇنى تەرەپمۇتەرەپ ئىزدەپ ھېچنەدىن تاپالمىدى.

مىتكا ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن شىرەگە يېقىن كېلىپ ئولتۇردى ۋە يېنىۋاتقان شامنى ئالدىغىراق تارتىپ قويۇپ خىيالغا كەتتى. ئۇ دېرىزە ئەينىكىگە چۈشۈپ تۇرغان سايىسىگە بىرە ـ بىرە قاراپ قويۇپ، ئۇزاق ئولتۇردى. ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يانتۇ كاتەكچىلىك مەشق دەپتىرى بىلەن قېرىنداشنى ئېلىپ، ليۇباۋاغا خەت يېزىشقا كىرىشتى. ئارىدىن بىر ـ ئىككى سائەت ئۆتتى، ليۇباۋاغا دەيدىغان گەپلىرىنى تېخى يېزىپ بولالمىدى، ئۇنىڭ

كاللىسى ھەرنە خىياللار بىلەن تولغاندى. يېزىۋېرىسىپ قوللىرىمۇ تالدى. چۈنكى خەت يېزىشقا ئۇ كۆنۈك ئەمەس ـ تە. ئۇ يېزىشىنى توختىتىپ تالاغا چىقتى.

ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. ئورماننىڭ كەينىدىن مەغرۇرانە كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاينىڭ نۇرى مىتكانىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى يورۇتتى. دەريانىڭ خەتەرلىك دۆمبىلىدىن سۇ شاۋقۇن سىلىپ ئېقىپ تۇراتتى، ئۇ يەردە قەھرىتان قىش كۈنلىرىدىمۇ مۇز قاتمايتتى. ئورمان شۇ قەدەر جىمجىت ئىدىكى، مىتكانىڭ تىنىقلىرىمۇ ئۆزىگە ئوچۇق ئاڭلىناتتى؛ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بەزى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى يېرىلىپ كېتەتتى، شاخلارنىڭ قاراسلاپ يېرىلغان ئاۋازى شۇنداق قاتتىق بولاتتىكى، گويا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك يەر ـ زېمىننى بىر ئالاتتى.

مىتكا بەدىنىگە سوغۇق ئۆتۈپ مۇزلاشقا باشلىغاندىن كېيىن قايتىپ كىردى ـ دە، خېتىنى داۋاملاشتۇردى:

"ليۇباۋا، بولغۇن قىممەتلىك نەرسە. بىراق سەن ئۇنىڭ مىجەزىنى، ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلىشىڭ كېرەك. بەزى ئەخمەقلەر بىر قىشتا بولغۇندىن 40 نەچچىنى تۇتۇۋېتىدۇ، ئۇلار كېيىنكى يىلدا بىرنىمۇ تۇتالمايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. مۇنداق قىلىش كېرەك: تىيىن دەمسەن، سۇ بولغۇنى دەمسەن، ھەرقايسىسىدىن ئازراقتىن قالدۇرۇپ قويۇش كېرەك، تۈلكىنىمۇ بەك كۆپ تۇتۇۋەتمەسلىك لازىم. شۇنداق قىلساڭ، ئوۋچىلىق رايونىدا ھايۋان مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ.

ئالدىنقى خېتىمدە ساڭا بۇركان دۆمبىلى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە ۋەدە قىلغانىدىم، بىراق گېپىمنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي-

www.uyghurkitap.com

ۋاتمەن. سىنى سىغىنىش ئوتىدا كۆيمەكتىمەن، لىيۇباۋا. بۇرۇن-لاردا ئۇۋغا چىقىش مەن ئۈچۈن ئەڭ خۇشاللىق ئىش بولاتتى، بىراق بۇ يىل ماڭا ھاشاردىنىمۇ ئېغىر تۇيۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. مەن سىنى كۆرۈپ كېلەي دەپ ئىككى قېتىم قاچماقچىمۇ بولدۇم، بىراق، ئۇنداق قىلسام ھەمراھلىرىم ئالدىدا بەك سەت بولارمىكىن دەپ بۇ نىيىتىمدىن ياندىم. ئەمدى بىردىنبىر ئۈمىدىمنى يېڭى يىل بايرىمىغا قويۇپ بەرگەن چاغقا باغلاۋاتىمەن. مۇبادا بولتۇر-قىدەك، قويۇپ بېرىمىز دەپ تۇيۇقسىز يېنىۋېلىشىمۇ قايتىمەن. ۋاقتى كەلگەندە مېنى ھېچنېمە توسۇۋالالمايدۇ. سېنىڭ كەچلەردە ئۆيدە يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىڭنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدا، سىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندەك بولىمەن...»

مىتكا ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ھېلىدىن ھېلىغا بىر ئۇ يان-بىر بۇ يان ئۆرۈلەتتى، ھەربىر ئۆرۈلگىنىدە كارىۋات غاچىلداپ كېتەتتى. ئۇ ياتالماي ئاخىر ئورنىدىن تۇردى-دە، شامنى يېقىپ، بىر ئاخشام يازغان سالام خەتنى يېنىشلاپ-يېنىشلاپ ئۇزاق ئوقۇدى.

بىركۈنى يېرىم كېچىدە مىتكا ئۆيدىن چىقىپ، ئورماندا يولنىمۇ پەرق ئەتمەستىن مېڭىپ يۈردى. ئاسماندا قارا بۇلۇتلار لەيلىشىپ يۈرەتتى، بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئارىلاپ يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى. مىتكا دەرەخلەرگە قىرو بولۇپ ئورناپ قالغان قارلار ئىزغىرىن شامالدا بويىنىغا چۈشۈۋاتسىمۇ سەزمەيتتى. ئۇ ئۆيدىن ئىككى كىلومېتىرچە نېرىغا بارغاندىن كېيىن ئاندىن ئېسىگە كەلدى. ئۆزىنىڭ پۇتىغا پىيمىسنى سىپىۋالغان، يالاڭباش، كۆڭلەكچان ھالەتتە قويۇق ئورمان ئارىسىدا داڭقېتىپ تۇرغانلىقىنى

بىلدى. ئۇ ئورمانغا قانداق قىلىپ كىرىپ قالغانلىقىنى ۋە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭدا گويا ليۇباۋا ئورماندىكى قايسىبىر دەرەخنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئۆزىگە قول ئىشارىتى قىلىۋاتقاندەك، ئۆزىنى چاقىرىۋاتقاندەك، ئارقىسىدىن مېڭىشقا دەۋەت قىلىۋاتقاندەك ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇ بار ئىدى.

مىتكا يەردىن بىر چاڭگال قارنى ئېلىپ يۈزىگە سۈرتتى-دە، كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى. لېكىن كەينىگە قايتىش يولىدا قانداقتۇ بىر خىل پەرىشانلىق ئۇنىڭغا خۇددى سايىدەك ئەگىشىۋالدى، ئۇنىڭغا هامان ليۇباۋا مۇشۇ ئورماندا باردەك، كەينىدىن قاراپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

كېچىدە مىتكا قازناقتىن بىر شىشە هاراق ئېلىپ چىقىپ، رومكىغا تولدۇرۇپ قويدى-دە، گۈپپىدە ئىچىۋەتتى. هاراقتىن كېيىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قىزىپ كەتتى. ئۇ بېرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى-دە، بىردىنلا يىغلاپ كەتتى. يىغلاشنى خىجىللىق هېس قىلماي، ئەكسىچە خۇشاللىق هېس قىلدى. كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان ياش ئوتتەك مەڭزىنى بويلاپ تاراملاپ ئېقىپ ياستۇققا تۆكۈلەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ گويا كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇر هاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك، ئازابلىق خىياللار ئىچىدە سوقۇۋاتقاندەك، پارە-پارە بولۇۋاتقاندەك ئىدى...شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا هاياتىدىكى هەممىگە ئايان بولغان قىسقا كەچۈرمىشى نامايان بولدى. ئۇ 1947-يىلى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىردى، جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ئوقۇپ يۈرۈپ، تەستە 7-سىنىپنى پۈتتۈرۈپ ماشىنسازلىق مەكتىپىگە چىقتى. ئۇ كۈن بويى پولات-تۆمۈر بىلەن هەپىلىشىشكە رەغدى تارتمىغاچقا ئوقۇشتىن چىقىۋالدى. مىتكا

كۆڭلىگە ياقمىغان نەرسىنى ئوقۇمايتتى. ئۇ ئىككى يىل ئورمانچىلىق مەيدانىدا دەرەخ چاتىدى، ئانىسىغا قاراشتى. 16 ياشقا كەلگەندە ئوۋچىلىق قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلى تىنىدى، ئوۋچىلىق ئۇنىڭ جانجان كەسپى بولۇپ قالدى، ئۇ مۇشۇ كەسپىتە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ قالدى ــ دە، باشقا كەسپنى خىيال قىلمايلا قويدى.

مىتكا 17 يېشىدىن باشلاپ كۆلۈبقا بارىدىغان بولدى. ئۇ نە كىنو كۆرمەيتتى، نە كۇتۇپخانىغا كىرمەيتتى، چوڭ كىشىلەرگە ئوخشاش جامائەتچىلىك پائالىيەتلىرىدە بولاتتى. ھەممەيلەن ئۇنى ئۆز ئادىمى قاتارىدا كۆرەتتى. ئۇنىڭ كۆلۈبتىكى ئىپادىسى باشقىلارنىڭكىدىن بۆلەكچە ئىدى، قىزلار بىلەن ئوڭايلىقچە ئالاقە قىلمايتتى، بەلكى جاھىللىق بىلەن تۇيدۇرماي پەيت كۈتەتتى. ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن مىتىركىننا ئائىلىسىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى ژاركا شۇ يەرنىڭ تىرناقتا توختايدىغان گۈزەل-لىرىدىن بولۇپ قالدى. يىگىتلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا خۇددى ئايىنى قورشىغان يۇلتۇزلاردەك پىرقىراشقىلى تۇردى، بەزىدە تېخى ئۇنى تالىشىپ مۇشتلىشىپمۇ كېتەتتى. مىتكا بۇنداق ئىشقا قىزىقمايت-تى. شۇنداق قىلىپ ژاركا ئۇنى ئۆزلۈكىدىن ئىزدىدى. مىتكا: پېشانەمگە پۈتۈلگەن قىز شۇمۇ نېمە، بىردىنبىر ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم ئىزدەپ كەلدىمۇ نېمە، دەپ ئويلاندى. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى ئۈستىدە ئويلانغىنىدا ئۇنىڭدا قىلچە قىزىقىش، قىلچە تەسىرات دېگەن نەرسە بولمىدى. ئەگەر ئۇ ھېلىقى دۇكانغا تاسادىپىي كىرىپ قالمىغان بولسا، گۈزەل، خۇش چاقچاق قىز ژاركا بىلەن توي قىلىپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپ قالغان

بولاتتى.

## 15

تىك ئۇچار ئايروپىلان ئۇۋچىلارنى يوقلىغىلى كەتكەن كۈنى تاڭ ئېتىش بىلەنلا بازاردىكى ئاياللار ئالدىرىشىپ كېتىشتى. ئۇلار تىك ئۇچار ئايروپىلان ئۇلارغا تولا ئىنتىزار بولۇۋاتقان خەۋەرلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلدىمىكىن دەپ، ھېلىدىن-ھېلىغا تالاغا چىقىپ ئاسمانغا قارىشاتتى. پراگىيە مۇشۇ يەكشەنبىنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن ئالايىتەن يوغان بىر بېلىق قاتلىمىسى پىشۇردى. ئۇ ھە دېگەندە قۇلىقىنى بېسىپ تۇرغان ياغلىقىنى قايرىۋېتىپ، جىددىي كەيپىياتتا جىمجىت تۇرۇپ، تالادىكى ئاۋازغا قۇلاق سالاتتى.

— ئايروپىلاننىڭ ئاۋازى كېلىۋاتامدۇ نېمە، لېۋباۋا؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەنسىزلىك بىلەن.

بايراملىق يېڭى يوپكا كىيىپ ئولتۇرغان لېۋباۋا ئىشىنى توختىتىپ پراگىيەگە تەسەللى بەردى:

— ياق، ئۇ كولوبوكوۋلارنىڭكىگە ئوتۇن ئېلىپ كەلگەن پېتكاننىڭ ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى.

— مىتكاغا ئايروپىلان بىلەن ئەۋەتىلگەن يېمەكلىكلەر چېچىلىپ كەتمىگەندۇ.

— چىڭ چىگىۋەتكەن، چېچىلمايدۇ...

بازاردىكى كۈلۈبنىڭ يېنىدىكى بوش يەردە ئايروپىلان چۈشىدىغان جاي راسلانغانىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە قىزىل رەڭلىك كىچىك بىر تىك ئۇچار ئايروپىلان ئۆگزىلەرنىڭ ئۈستىدىن

www.uyghurkitap.com

پەس ئۇچۇپ ئۆتۈپ، ھېلىقى بوشلۇققا ئەپچىللىك بىلەن قونىدى. پراگىيەنىڭ جىددىيلىشىپ ۋە ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىدىن تەسىرلەنگەن ليۇباۋا قولىدىكى يىڭنە ئىشنى قويۇپ، چاپىنىنى كىيىدى-دە، تالاغا ماڭدى ۋە چىقىپ كېتىۋېتىپ دېدى:

— مەن چىقىپ باقاي، پاتلا يېنىپ كىرىمەن.

ليۇباۋا تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ ئالدىغا بارغاندا، بىر توپ خوتۇنلار ئەرلىرىدىن كەلگەن خالتىلىرىنى ئاللىقاچان ئېلىپ بولغانىدى. شۇ تاپتا ئۇلار ئۇچقۇچى بىلەن پۇرۇشاكىندىن ئەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى، نېمىگە ھاجەتمەن ئىكەنلىكىنى بەس-بەستە سوراشماقتا ئىدى.

ليۇباۋا جىگىلىنىڭ قولىدىن بىر خالتىنى ئالدى-دە، نېمە قىلارىنى بىلمەي ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— بۇنى مىتىكا ئەۋەتتى، — دېدى پۇرۇشاكىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەلۋەتتە، ئۇ يەنە ساڭا سۆيۈپ سالام دېدى.

— ئۇ ئوبدان تۇرۇۋېتىپتۇمۇ؟ — دەپ سورىدى ليۇباۋا ئاستا.

— ئۇ ئۆينى بەكمۇ سېغىنىپتۇ، — دېدى پۇرۇشاكىن رەسمىي ھالدا، — شۇ تاپتا ئۇ قايتىپ كېلىشكە تەقەززا. ئۇ ئوۋچىلىقتا ئالاھىدە نەتىجە يارىتىپتۇ.

ليۇباۋانىڭ يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى، ئۇ پۇرۇشاكىنغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆيىگە قاراپ چاپتى، ئاياللار قىزىقسىنىپ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى...

خالتىدا نەپىس ئويۇلغان كىچىككىنە ياغاچ قورچاق، پراگىيەگە يېزىلغان بىر پارچە، ليۇباۋاغا يېزىلغان ئىككى پارچە خەت بار ئىدى. پراگىيە خەتنى شىرە ئۈستىدە قويۇپ، قورچاققا ئۇزاق قاراپ

تۇرغاندىن كېيىن، بوش كۆلۈپ مۇنداق دېدى:
— ئۇ سېنى ئويۇپتۇ ليۇباۋا، قارىغىنا.

ليۇباۋا قورچاقنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ راستلا ئۆزىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ ھەيرانلىقتا بىر پراگىيەگە، بىر قورچاققا قارىدى، خىجالەت بولغانلىقىدىن مەڭزى ئوتقاشتەك قىزىرىپ كەتتى.

— ئەمدى خەتنى ئوقۇيلى، — دېدى پراگىيە ۋە ئوغلىنىڭ خېتىنى ئېلىپ ئوچاق يېنىغا كەلدى، ئوچاقتىكى بايراملىق گۆش نان پىشاي دەپ قالغانىدى.

ليۇباۋا ئۆزىگە يېزىلغان ئىككى پارچە خەتنى پاتلا ئوقۇپ بولدى. ئوقۇپ بولۇپ، قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ، دېرىزىدىن تالاغا قاراپ، ئۈن-تىن چىقارماي، مىدىر-سىدىر قىلماي، ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئاندىن خەتنى يەنە قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى ئۆزىنى قاتتىق چۆچۈتىدىغان ۋە ھاياجانغا سالىدىغان قۇرلارنى باشقىدىن ئوقۇشقا باشلىدى.

مىتكا خېتىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: "بىركۈنى كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتتىم، دەريا قېلىن مۇز تۇتۇپ كەتكەنىدى. ليۇباۋا، بۇنداق كاچكۇللاردا قۇندۇز كۆپ بولىدۇ. مەن كاچكۇل بېشىغا قاپقان قۇرۇپ قاراپ تۇراتتىم، ئېھتىياتسىزلىقىمدىن توساتتىن كاچكۇلغا چۈشۈپ كېتىپ سۇغا چۆكۈپلا كەتتىم، مۇز تېگىدە سۇ ناھايىتىمۇ تېز ئاقاتتى. سۇغا چۆكۈپ كەتكەن ئەھۋالدا قانداق قىلىپ كاچكۇل ئېغىزىدىكى مۇز قاتلىمىنى تۇتۇۋالغانلىقىمنى ئۇقماي-مەن. سۇ ئېقىمى مېنى ھەدەپ تۆۋەنگە تارتاتتى، پۈتۈم تۆۋەندە، گەۋدەم كاچكۇل ئېغىزىدا تىركىشەتتى. قەدىرلىكىم ليۇباۋا، مەن

جېنىمنى ئاخىر مۇشۇ كاچكۇل ئېلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ دېگەننى ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئويلىدىم. قۇندۇز تۇتىمەن دەپ ئۆزۈم بالاغا قالىدىغان بولدۇم دەپ قالدىم. بىلىكىمدە كۈچ قالمىدى، قوللىرىم مۇزلاپ قىپقىزىل بولۇپ كەتتى. جانسىز قوللىرىم ھە دەپ پەسكە تېيىلاتتى، پەقەت بىرنەچچە بارمىقىملا مۇزغا ئىلىنىشىپ تۇراتتى. مەن ئەمدى سۇ بىرلا ئېقىتىپ كەتسە تۈگىشىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىدىم. شۇ دەقىقىدە كۆز ئالدىمدا سىنىڭ رۇخسارىڭ پەيدا بولدى. قەدىرلىكىم ليۇباۋا، راست دەۋاتىمەن، ئەينەن پەيدا بولدى. سەن ماڭا قاراپ، بېشىڭنى چايقاپ تۇرۇپ مېنى ئەيىبلەۋاتقاندەك، ماڭا: "ساڭا نېمە بولدى، مىتكا، جېنىڭنى شۇنداق ئاسان بېرىپ قويماقچىمۇ سەن؟ سەندە ئاز-تولا بولسىمۇ جان تىكىپ ئېلىشىدىغان غەيرەت يوقمۇ؟" دېگەندەك قىلاتتىڭ. ليۇبا، ئىشىنەمسەن، شۇ چاغدا ۋۇجۇدۇمدا تۈگىمەس كۈچ پەيدا بولدى. كاچكۇل قىرىنى بار كۈچۈم بىلەن قاتتىق قاملىدىم، بارماقلىرىم يېرىلىپ قىپقىزىل قانغا بويالدى. ئېڭىكىمنى مۇزغا تىرەپ، ئاستا-ئاستا يۇقىرىغا سىلجىدىم، سىلجىپ يۈرۈپ، كاچكۇلدىن ئاخىر چىقىۋالدىم-دە، مۇز ئۈستىدە يېتىپ قالدىم، كىيىملىرىم بىر قەۋەت مۇز بولۇپ قاتتى، قوپاي دېسەم ماغدۇر يوق. خۇداغا شۈكۈر، بارا-بارا ھوشۇمغا كەلدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم. مۇز بولۇپ قاتقان كىيىملىرىم خۇددى ئەينەكتەك جالدىرلاپ تۇراتتى.

ليۇباۋا، سەن ھەر كېچىسى چۈشۈمگە كىرىسەن. ئويغانسام سەن يوق، شۇندا تولىمۇ بىئارام بولىمەن. كۈندۈزى ئورماندا چېپىپ يۈرۈپ كۈننىڭ پاتراق كەچ بولۇشىغا، چۈشۈمدە سېنى

يەنە كۆرۈشكە تەشنا بولمەن. سەن مېنىڭ ئوبدان ئايالىمسەن ليۇباۋا، بەكمۇ يېقىن كىشىمسەن...“

ليۇباۋانىڭ ھالسىز قوللىرى شىرەگە تاشلاندى، ئۇ خەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىدى، مىتكانىڭ سۆزدا تىركىشىپ-تىرمىشۋاتقانلىقىنى، قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغان ئادەم چىقمىغانلىقىنى شۇنداق ئېنىق كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ مىتكا ئۈچۈن ئىختىيارسىز ئىچ ئاغرىتتى ۋە قايغۇردى. ئۇنىڭ كۆكرىكى ئېگىز-ئېگىز كۆتۈرۈلەتتى، يەلكىسى توختىماي تىترەيتتى. ئۇ مىتكاغا ئورۇنسىز ئازار بەرمىسەم بوپتىكەن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن ئايلاردا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي يامان قىلىپتىمەن دەپ ئويلىدى-دە، قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلاندى. پىراگىيەگە بىر قارىۋېتىپ، ئۇنىڭغا تۇيدۇرماي خەتنى لېۋىگە تەگكۈزدى.

”ئورماندا غەلىتە ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، — دەپ يازغاندى مىتكا ئىككىنچى خېتىدە، — قىشلىق ئۇيقۇسىنى ئۇخلىماي، مەن ئوۋچىلىق قىلىدىغان جايدا قاتىراپ يۈرۈيدىغان بىر قارا ئېيىق بار. بىركۈنى قاپقانلارغا قاراپ باقاي دەپ ئوۋچىلىق رايونىغا باردىم-دە، ئەتراپىنى كۆزىتىپ تۇردۇم. ئورمان تىمتاس ئىدى، تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ قاخشال دەرەخنى چاكىلدىتىپ چوقۇلاۋاتقان ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى، ئارىدا نەدىندۇ بىر تىيىن پەيدا بولدى-دە، ماڭا قاراپ چىر — چىر قىلىپ چىرقىراپ قويدى. يەرنى يېڭى ياغقان قار قاپلىغان بولۇپ، يول مېڭىش تەس بولغاچقا بىرئاز ھايال بولۇپ قالدىم. سائەت بەش بولۇپ قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغاندا ئۆيگە قايتتىم. چاڭغام قالدۇرغان ئىز بىلەن قايتىپ ئون مېتىر ماڭا-ماڭمايلا كۆزۈمگە بىر ئىز

چىلىقتى. ھېلىقى ئۈيقۇ خالىمايدىغان قارا ئېيىقنىڭ چاڭغامنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپ، توپتوغرا ئىشكىمنىڭ ئالدىغىچە بارغانلىقىنى بىلدىم. قارىغاندا، ئۇ ئۆيۈمنى بېقىپ بەرگىلى بارغاندەك قىلاتتى. ئۇ گويا ئۇۋچىلارغا قارشىدىغان پەسىللىك ئىشچىدەك، ئارقامدا بىر ھەپتە يۈردى.

ئىچىمدىكى گەپلىرىمنى دەپ تۈگىتەلمەيمەن، لىۋباۋا. سېنى سۆيىمەن، بەكمۇ سۆيىمەن، سېنى خويمۇ سېغىندىم. بۇنداق قىلىشىم دۇرۇسمۇ، يوق، ئۇقمايمەن. سەنمۇ مېنى ئەسلىدىڭمۇ، يوق، تاسادىپەن، بىرنەچچە قېتىم بولسىمۇ ئەسلەپ قالدىڭمۇ، يوق، شۇنىلا بىلسەم بولاتتى، ئۆزەمگە كەلسەم...“

ياندىكى ئۆيدىن پراگىيەنىڭ كارىۋىتىنىڭ غاچىلدىغان ئاۋازى كېلىۋىدى، لىۋباۋا ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى مىتكانىڭ تۆكۈپ بولالمىغان دەردلىرىدىن قاتتىق مۇجۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ بارماقلىرى بىلەن چېكىسىنى چىڭ بېسىۋالدى، ئۇنىڭ شىرەگە تاشلانغان گەۋدىسى ئىختىيارسىز ھالدا بوش لىڭشىيتتى، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى...

## 16

بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق ھەم ئىنتايىن تىنىق ئىدى. قۇياش سوغۇقتا مۇزلاپ قاتتىق قېتىپ كەتكەن يەردىن مىڭ تەسلىكتە كۆتۈرۈلدى. مىتكا مېھرىلىك قۇياشنىڭ يەردىن ئايرىلىپ بوشلۇققا قاراپ ئاستا-ئاستا يۇقىرى ئۆرلەۋاتقانلىقىغا مەپتۇنلۇق بىلەن قاراپ تۇردى. پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل كۈن-ھە! مىتكا ئۆمرىدە

بۇنداق گۈزەل كۈننى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ چېچىنى چالا-بۇلىلا ئۆچتى-دە، بوغچىسىنى ھەش-پەش دېگۈچە يىغىشتۇرۇپ بولىدى. شۇ تاپتا ئۇ تىك ئۇچار ئايىروپىلان چۈشىدىغان يەرگە بارىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، قەلبىنى قانداقتۇ بىر خىل بەخت قاپلىدى-دە، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئىختىيارسىز ناخشا ئېيتتى. ئۇ ناخشىنى ئەمدىلا باشلاپ، ئۆز ئاۋازىدىن چۆچۈپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بەكلا غەلىتە ئىدى، شۇڭا ئۇ ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ چاڭغىسىنى تېپىلىپ ئورماندا ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

بۈگۈن ئەتىگەن ئورماندىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا خۇشاللىق بەخش ئېتىپ تۇراتتى: بىر تىيىن ئۇنىڭ بېشىدا شاختىن-شاخقا سەكرەپ ئوينايتتى؛ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاپئاق قار ئۈستىدە خىلمۇخىل جانىۋارلارنىڭ ئىزى تۇراتتى. مىتكانىڭ ئۇلارغا قاراشقا مەيلى يوق ئىدى. مىتكا مەلۇم بىر يەرگە كەلگەندە قۇشقاچتىن چوڭراق، ئالا-يېشىل كەلگەن، چىرايلىق بىر قۇشنىڭ ئىخلاس بىلەن ئۇۋا ياساۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ماۋۇ ئەخمەقنى قارا، دېدى مىتكا ئەجەبلىنىپ ۋە قەدىمىنى توختىتىپ، ھېلىقى قۇش بىر توپ قېيىننىڭ ئۇچىدا ئىنچىكە شاخلاردىن پۇتۇن كۈچى بىلەن ئۇۋا ياساۋاتقان ئىدى. بىردەمدىن كېيىن ئاچ قىزىل رەڭلىك ئەركەك قۇش خۇشال-خۇرام يېتىپ كېلىپ يېنىككىدە يۆتىلىپ قويۇپ، مەشۇقىنىڭ ئۇۋا ياسىشىغا ياردەملىشىشكە باشلىدى، ئۇ قالپاق ياساپ، ئۇۋا ئۈستىگە كىيدۈردى، "راست ساراڭ ئىكەن-دە بۇلار" دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە ۋە مىلتىقنى يەنە بىر مۈرىسىگە يۆتكەپ بىرئاز راھەت ھېس قىلدى-دە، ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

www.uyghurkitap.com

ئورمان نېمدېگەن ئەركىن-بەھۇزۇر، نېمدېگەن پايانسىز-ھە! ئۇنىڭدىكى ئەتىۋارلىق ۋە چىرايلىق نەرسىلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. ھېلىقى قۇشقاچلار كۆز ئالدىدىكى كۆكۆل خۇشلۇقىنى بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا، باللىرىنى نېمە بىلەن باقار؟ بىراق، ىتكا ئۇلارنىڭ ئۆز باللىرى ئۈچۈن ئاللىقاچان ئوزۇق تەييارلاپ بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ پىلان قۇرۇشقا ئۇۋچىلىق كوپىراتىپىنىڭ بوغالتىرلىق بۆلۈمىدىنمۇ ماھىر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ھېلىقى سكرىبكىن دېگەن مەككار، لولا، تولكە نەرسە ئۇۋچىلىق كوپىراتىپىغا باشلىق بولغان چاغلاردا ئۆيگە قايتىشنى خىيال قىلىشىڭ مۇمكىنمىدى؟ ئۇخلاپ چۈشىڭ! ئۇ: "ۋەتىنىمىز تېرىسىگە موھتاج، ۋەتەنگە تېرە تەقدىم قىلىش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز" دەپ چىرايلىق سۆزلەپ، ئەمەلىيەتتە بولغۇن تېرىلىرىنىڭ ياخشىسىنى پوتونلەي ئۆزى ئېلىۋالاتتى. ئۇ ئىش باشقۇرغان بەش يىل داۋامىدا ئورمانغا بىرەر قېتىممۇ بېرىپ باقمىغانىدى، شۇڭا ئورمان دېگەننىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيتتى. يېگور پۇرۇشاكىن جىڭلى بولغاندىن كېيىن ئىش باشقىچە بولۇپ كەتتى. ئۇ رايون مەركىزىگە ھەربىر بارغاندا شىرەنى مۇشتلاپ، ۋارقىراپ-جارقىراپ، ئۇۋچىلار ئۈچۈن سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ ئورمانچىلىقتىكى مەشغۇلات شارائىتىنى ياخشىلاپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. ئۇ ئۇۋچىلارغا بايرامدا ئۆيگە قايتىشقا رۇخسەت قىلىدىغان بولدى، يەنە ھەربىر ئۇۋچىغا بىردىن سىمسىز تېلېفون تەييارلاپ بەردى. بۇ ئىشنى قىلىش ئاسان ئەمەس ئىدى، بىراق ئۇ چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىر باشقا چىقاردى، ئۇۋچىلار ئۈچۈن ئورمانلىقتا تېلېفون بولمىسا قىيىن بولاتتى.

مىتكا ئورمانلىقتا ئۇچقاندەك ئېيىلىپ باراتتى. ئۇ يول بويى نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدى، لېكىن نېمىشقىدۇ لىۇباۋا ھەققىدە ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. لىۇباۋانىڭ چىرايىنى ۋە غەمكىن كۆزلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا ۋۇجۇدىدا ئۆز خىيالىنىڭ داۋاملىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان قانداقتۇ بىر خىل يوشۇرۇن ئاڭ پەيدا بولاتتى، بىراق لىۇباۋانىڭ كوچىدا قوللىرىنى كۆكسىگە ئالغىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ھالىتى بولسا ئۇنىڭ ئېسىدە ھېلىمۇ شۇنداق ئېنىق ئىدى. ماشىنا يەنە بەش مىنۇت كېچىكىپ ماڭغان بولسا، بەلكىم ئۇ بۇنداق قاتتىق ئازابقا قالمىغان، ھېسسىيات جەھەتتىمۇ بۇنداق ئېغىر ئەلەم چەكمىگەن بولاتتى. بىراق ماشىنا ئاللىقاچان قوزغىلىپ كەتكەندى، شۇنىڭ بىلەن مىتكا دوقمۇشقا كەلگەن چاغدا لىۇباۋانىڭ زىلۋا بويىنى، پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان بىر تۇتام قاپقارا چېچىنى ۋە ئاپئاق ھەم چىرايلىق بوينىنى غىل-پال كۆرۈپ قالدى، دېمەك، مىتكا لىۇباۋانى پەقەت نەچچە سېكۇنتلا كۆرۈپ قالدى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوبرازى مىتكانىڭ خاتىرىسىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. مىتكانىڭ تەسىراتىدا لىۇباۋا ھامان ئەنە شۇنداق ھالەتتە تۇرغاندەك ئىدى.

مىتكا دەريانىڭ ئىككىگە ئايرىلىدىغان يېرىدىكى سايلىققا كەلگەندە توختاپ دەم ئالدى ۋە چاڭغىسىنى چىڭىتتى، ئاندىن ئەتراپىدىكى مەنزىرىگە نەزەر سالدى، كۆز ئالدىدا نەچچە ئون كىلومېتىر كەڭلىك-تىكى بىپايان ئورمان ۋە قارلىق دالا تۇراتتى، بۇ يەردە تەجرىبىلىك ئادەممۇ ئادىشىپ قالمايمەن دېيەلمەيتتى، يېڭى كەلگەن ئادەمغۇ ئادىشىپ كەتمەي قالمايتتى، ئۇنىڭ ئەتراپقا تاشلىغان نەزەرلىرى تۇتاش كەتكەن چوڭقۇر-چوڭقۇر جىلغىلارغا يەتكەندە، نەلەرگىدۇ

غايىب بولاتتى، ئۆزى قويۇق يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمانغا كىرگەندە، يولدىن ئېزىپ، ئاپئاق قار دۆۋىسىگە پېتىپ قالاتتى، مىتكا تاغ باغرىدا ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆردى-دە، كوركانىڭ ئىككى ئۇچار ئايروپىلان چۈشىدىغان جايغا كېلىپ ئوت سىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلدى، ئۇ خۇشاللىقىدىن ھەتتا دىمىنىمۇ ئالالماي قالدى، چۈنكى ئۇ تاكى ئالدىنقى مىنۇتلارغىچە ئايروپىلان كېلىدىغان كۈننى خاتا بىلىپ قالدىمۇ، قانداق دېگەن گۇماندا تۇراتتى، ھەتتا ئايروپىلاننىڭ بىزنى ئېلىپ كېتىشى بىر شېرىن چۈش بولسا كېرەك دېگەن گۇماندىمۇ تۇراتتى. ئەمدى بولسا، ئىش ئېنىق ئايدىڭلاشقاندى، ھەممە ئىش راست بولۇپ چىققاندى، خۇدا بۇيرۇسا، ئۇلار بۈگۈن ئۆيىگە بارالايتتى.

مىتكا قەددىنى رۇسلىدى-دە، تاغ تۆپىسىدىن جىلغىغا قاراپ خۇددى يادىن ئايرىلغان ئوقتەك ئۇچتى، ئۇ نۇرغۇن يوغان-يوغان تاشلاردىن ۋە ئۇ يەر-بۇ يەردە ئۆسكەن دەرەخلەردىن ئەپچىللىك بىلەن ئۇچقاندەك ئەگىپ ئۆتتى. چاڭغىسىنىڭ كەينىدىن ئاسمانغا قار توۋرۇكى كۆتۈرۈلەتتى. بويىنغا ئورىۋالغان قىزىل شارپىسىنىڭ ئۇچى ئۇنىڭ كەينىدە بىر خىلدا لەپىلدەيتتى.

— جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟ — كوركا مىتكانىڭ ئۇچقاندەك كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، — ئارقاڭدا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قارنىڭ ئېگىزلىكىنى قارا! گويا ھاك پۈركىگۈچتىن پۈركىلىۋاتقان ھاك سۈيىدەك.

— جانمۇ كېرەك ئەمەس، كوركا، — جاۋاب بەردى مىتكا خۇشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي، ئۇ بوغچىسىنى تاشلاپ، چاڭغىسىنى يەشتى، پۈتىنى ئۇ ياق-بۇ ياققا ھەرىكەتلەندۈرۈۋالغاندىن كېيىن

كوركاغا قول بەردى، — ياخشىمۇ سەن ئۇۋچى، كەلگىنىڭگە خېلى ئۇزاق بولدىمۇ؟

— سېنى كۈتۈۋاتقىنىمغا بىر سائەت بولاي دېدى، مەن تېخى سېنى ئۆيگە قايتماي جاڭگالدا قالىدىغان ئوخشايدۇ، دەپتىمەن.

بەستلىك ۋە قەددى ـ قامەتلىك بۇ ئىككى يىگىت كۈلۈشكىنىچە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى، ئۇلار گويا تونۇگۇنلا ئايرىلىشقاندەك، قاراڭغۇ كېچىلەردىكى يالغۇزلۇقنىڭ ئازابىنى تارتمىغاندەك، كۈندۈزلىرى تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ ئوۋچىلىق قىلىشنىڭ مۇشەققەتلىرىنى چەكمىگەندەكلا كۆرۈنەتتى.

ئىككىيلەن ئوت ئىسسىنىپ ئولتۇرۇپ ئاسمانغا قارىشىپ قوياتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ خۇش ياقار ـ ياقماس گەپ قىلىشىپمۇ قوياتتى.

گۈگۈم چۈشۈپ، يىگىتلەر ئۈمىدسىنى ئۈزۈپ تۇرغاندا تىك ئۇچار ئايروپىلان كېلىپ قالدى. پۈرۈشاكىن ئايروپىلاندىن بىرىنچى بولۇپ چۈشۈپ كەلدى ـ دە، ئوۋچىلار بىلەن خۇشال قول ئېلىشتى، ئارقىدىن ستىپان ماتىۋېيېۋ بىلەن توركا ئوستروۋژىنلارمۇ چۈشتى.

— ھە، باتۇر شۇڭقارلار، — دېدى ستىپان بوغۇق ئاۋازى بىلەن سەمىمي كۈلۈپ، — يۈرۈڭلار، ئۆيۈڭلەرگە بېرىپ راسا بىر ئوينىۋېلىڭلار، قانداق؟

تىك ئۇچار ئايروپىلان تاغ تۆپىسىگە كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭ پىلدىرلىغۇچى بارغانسېرى تېز پىرقىراپ، سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلىشىشكە باشلىدى.

شۇ ئاخشىمى مىتكا ئېسىل تاماقلار بىلەن تولغان داستىخان يېنىدا قورۇنۇش ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى، ئانىسىنىڭ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سىلىۋاتقان پارىڭىنى ئاڭلىغاچ، ھېلىدىن ـ ھېلىغا

ليۇباۋاغا ئوغرىلىقچە كۆز تاشلاۋالاتتى.

— مىتكا، — دېدى پراگىيە كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇۋغا كەتكىنىڭدىن كېيىن بىز سېنى خويمۇ سېغىندۇق، ئادەمنىڭ كۆڭلىدىن ھەخىل خىياللار كېچىدىكەن، جاڭگال دېگەندە ھەر قىسما كۈتۈلمىگەن ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ يەردە ئۆزەڭ تىكەندەك يالغۇز تۇرساڭ، قارا، يۈزۈڭدە يەنە بىر تاتۇق پەيدا بولۇپ قاپتىغۇ، نېمە قىلدىڭ؟

— ھېچنېمە، — دېدى مىتكا دۇدۇقلاپ ۋە ئارا بىلەن سىپسىلىق، ئاپئاق موگۇدىن بىرنى قولى قولاشمىغان ھالەتتە سانجىپ ئالدى.

— ياق مىتكا، — پراگىيە جىددىي تۇردە قوشۇمىسىنى تۈردى، — ئېيتمىساڭ بولمايدۇ.

— ھەي، ...دەپ بەرگۈدەك ھېچقانچە ئىش يوق، — مىتكا ئارىنى قويۇپ بىر ئۇھسىندى.

— دېگىنە مىتە، — ليۇباۋا بوش ئاۋازدا يېلىندى ۋە ئۇنىڭ مەڭزىدىكى تاتۇقنى سىلاپ-سىلاپ قويدى، مىتكا نېمىشقىدۇ چۆچۈپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى، ئورۇندۇقتا ئۇ يان-بۇ يان سۈرۈلۈپ ئولتۇرالماي قالدى. مىتكا ليۇباۋانىڭ يۇمران قوللىرىنىڭ يۈزىگە تېگىشىدىن ۋە قىزىقىش ھەم قورقۇنچ ئارىلاش قارىشىدىن تەمتىرەپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ھاياجىنىنى بېسىپ، سەل كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سوقۇر ئېيىق بىلەن ئۆپۈشۈپ كەتتىم، بۇ شۇنىڭ قالدۇرغان يالدامىسى، — دېدى.

— سوقۇر ئېيىق بىلەن؟ — ليۇباۋا قاتتىق قورقۇپ كەتتى ۋە پراگىيە بىلەن ئۈنتىك بىر قارىشىۋالدى، — ئۇ نېمە دېگىنىڭ، مىتە؟ ئېيتقىنا.

— بىركۈنى تاشلىغان يەملىرىمنى چىل قۇشلار يېدىمىكىن دەپ قاراپ باقتىلى بارغانىدىم، — مىتكا ھېكايىسىنى شۇنداق دەپ خالار-خالىماس باشلىدى، — ئەلۋەتتە يېنىمدا قوش ئاتىدىغان مىلتىقىم بار ئىدى. ئەتىگەندە جاھان خۇددى گۈگۈم ۋاقتىدىكىدەكلا قاراڭغۇ ئىدى، مەن قارسىز يولدا جاڭگال تەرەپكە قاراپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيىنى بويلاپ ماڭدىم، كاللامدا بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالارمەن دەيدىغان خىيال زادىلا يوق ئىدى. ماڭا-ماڭا، بىر يەرگە كەلگەندە توساتتىن جاڭگالدا كىمدۇ بىرى ماڭا قاراپ تۇرغاندەك بىلىندى، شارتتىدە كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىسام، ھېلىقى ئەبلەخ مەندىن ئون نەچچە مېتىر نېرىدىلا تۇرۇپتۇ، مىلتىقىمغۇ 3-نومۇرلۇق قوغۇشۇن ئوق بىلەن ئوقلاقلىق ئىدى، ئەخمەقلىقىمنى قارىماسىلەر، مەن تېخى ئىككىمىز چىرايلىقچە ئايرىلىپ، ئۆز يولىمىزغا كېتەرمىز دەپ ئويلاپتىكەنمەن، نەدىكىنى، ئۇ كاساپەت ياۋا چوشقىدىن بىرنى يىقىتىپ، راسا مەززە قىلىپ يېگىلى تۇرۇپتىكەن ئەمەسمۇ، ئۇنى مەندىن قىزغىنىپ، قانغا تولغان ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، چىشلىرىنى كاراسلىتىپ، شۆلگەيلىرىنى ھەر تەرەپكە چاچرىتىپ، ھۆركىرىگىنىچە كېلىپ ئېتىلدى، ئۇ راستلا غەزەپكە كەلگەنىدى! مەن قوش ئاتاردىن تەڭلا ئوق چىقاردىم-دە، كۆزىنى يارىدار قىلدىم، شۇ چاغدا ئۇ ئارقا پۇتلىرى بىلەن تىك تۇردى-دە، مىلتىقىمنى تارتىۋېلىپ، تەمەچنى سىندۇرغاندەك سىندۇرۇپ نەلەرگىدۇ چۆرۈۋەتتى، مەن پىچىقىمنى چىقىرىپ شارتتىدە ئۇنىڭ كۆزىگە تىقىۋەتتىم.

— ۋايجان، — دەۋەتتى لىۋباۋا چوڭ بىر تىنىپ، ئۇ نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، بېشىنى مىتكانىڭ يەلكىسىگە قويۇ-

www.uyghurkitap.com

ۋالغانىدى. ئاڭلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە پراكسىيەنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ھېكايىگە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي، رەسمىي قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى.

— ئۇ قارا سوقۇر مېنى بېسىۋالماقچى بولۇپ ئېتىلدى، — دەپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى مىتكا، — بىراق ئۇ مېنى بېسىۋالالمىدى، بېسىۋېلىپ قالىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاستىدا تىتما-تىتما بولۇپ كەتمەيتتىممۇ، ئۇ ماڭا شۇنداق يېقىنلاپ كېلىشگە پىچىقىمنى زەرب بىلەن بىرلا ئۇردۇم-دە، قارنىنى يېرىۋەتتىم. ئۇ ھۆركىرەپ، بوينۇمغا قاتتىق بىر شاپىلاق سېلىۋىدى، ئۈچ مېتىر نېرىغا ئۇچۇپ كەتتىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ يېقىن بارسام ئۇ تولغىنىپ-دومىلاپ، جان تالىشىپ يېتىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بارغاندا ئاندىن مېنى سۇر باسقىلى تۇردى. ئېيىقنىڭ تېرىسىنى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا سويۇۋېلىشىم كېرەك ئىدى، بىراق سويۇۋالالمىدىم، قوللىرىم توختىماي تىترەيتتى...

مىتكا بىر تىنىۋېتىپ، دېرىزىدىن تالاغا قاراپ نېمىنىدۇ ئويلاۋاتقاندەك گەپ قىلماي تۇرۇپ قالدى.

— تەلىيىڭ بار ئىكەن، — دېدى پراكسىيە ئۇھسىنىپ، — بۇنىڭدىن كېيىن بەكرەك ئېھتىيات قىلغىن مىتكا، ئۆيۈڭ بارلىقىنى ئۇنتۇما...

كېچە، ليۇباۋا چۈشىدە قورقۇنچلۇق بىر قارا ئېيىقنى كۆردى. ئېيىق قان تېمىپ تۇرغان ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە دەريا بويىدا ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى ۋە قوغلاپ تۇتۇۋالاي-تۇتۇۋالاي دەپ قالغانىدى، ليۇباۋا خەۋپ ئاستىدا تۇراتتى، ئاخىر ئۇ مىتكاغا دەرھال يېقىنلاشتى-دە، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئېيىق نەلەرگىدۇ غايىب بولدى.

# 17

يېڭى يىلدا ماكاروۋكا بازىرىنىڭ كۇلۇبىدا كۆكۆل ئېچىش كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرۇلدى. سورۇنغا بايراملىق ئارچا جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇيۇننى قىزىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئادەتتىن تاشقىرى ئاۋاق نۇرۇز بوۋايمۇ كەلگەنىدى. كۆپچىلىك پاتىفون قويۇپ تانسا ئوينىدى، مەكتەپنىڭ ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات-سەنئەت گۇرۇپپىسى كونسېرت قويدى. كۆكۆل ئېچىشقا بوۋاقلار ۋە قېرى بوۋاي-مومايلاردىن باشقا ھەممەيلەن كەلگەنىدى.

پراگىيە سامساننىخا موماي بىلەن بىرىنچى قاتاردا ئولتۇرۇپ كونسېرت كۆرۈۋاتاتتى. باللار كونسېرتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويدى، ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ناخشا ئېيتتى، دېكلاماتسىيە ئوقۇدى، زالدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ دەستىدىن سەھنىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى، بىراق ئۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭ تاماشا كۆرۈشكە دەخلى قىلمايتتى، كونسېرتتىن كېيىن ئورمانچىلىق شىركىتىنىڭ جىڭلىسى سەھنىگە چىقىپ كۆپچىلىكنى تەبرىكلىدى، مۇنەۋۋەر خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلىدى. پراگىيە تەقدىرلەنگۈچىلەرنىڭ ئىچىدە سەككىزىنچى ئورۇنغا، باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇلغانىدى. ئەمگەكتە ياخشى بولغاچقا، ھەر يىلى تەقدىرلىنىپ كېلىۋاتقان پراگىيە ئۈچۈن بۇ ئىش ئادەتتىكىچە بىلىنىدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ تەقدىرلىنىدىغانلار قاتارىدا ئىسمى ئاتالغاندا قەلبى يەنىلا قانداقتۇ بىر خىل لەززەتكە تولدى-دە، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سامساننىخا مومايغا ئىختىيارسىز

www.uyghurkitap.com

هالدا لاپپىدە بىر قاراپ قويدى. جىڭلىنىڭ ئارقىسىدىن پۇرۇشاكىن سۆزگە چىقىپ، كۆپچىلىكنى قۇتلۇقلاپ ئازراقلا سۆزلىگەندىن كېيىن، ئىلغار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىسملىكىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى مىتكا ئىدى.

ـ قېرىنداشلار، ـ دېدى پۇرۇشاكىن مىتكا سەھنىگە چىققاندا، ـ بۈگۈنكى كۈندىكى بۇ بايرامدا دىمىتىرى شانوتروسوۋلار ئائىلىسى ئۈچۈن توي ئۈستىگە توي بولدى، ئۇ بۇلتۇرقى نەتىجىسىگە ئاساسەن، شەرەپ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئىگىلىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن مېدالغا مۇيەسسەر بولدى، شۇنىڭغا رۇخسەت قىلغايسىزلەركى...

پراگىيەنىڭ خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. ئوۋچىلار كۈچلۈك قوللىرى بىلەن گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. ھەييار كوركا بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ سەھنە ئالدىغا كەلدى.

ـ مىتكانى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاتايلى، ـ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ شوخلۇق بىلەن، ئوۋچىلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە سەھنىگە چىقىشتى ـ دە، مىتكانى كۆتۈرۈۋېلىپ كەينى ـ كەينىدىن يۇقىرىغا ئاتتى. پراگىيە ئوۋچىلارنىڭ مىتكانى بېشىغا ئېلىپ ئېگىز ـ ئېگىز ئېتتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەم خۇشال بولدى، ھەم قورقتى.

مىتكادىن كېيىن باشقا يىگىتلەرمۇ سەھنىگە تەكلىپ قىلىندى، بىراق ئۇلار مىتكادەك ئالىي شان ـ شەرەپتىن بەھرىمەن بولالمىدى، پراگىيە كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئارقا تەرەپتە ئولتۇرغان مىتكا بىلەن لىيۇبوكاغا قاراپ قويدى ۋە ئۇلار ئۈچۈن تەنتەنە قىلدى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئىناقلىق بىلەن بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ ئولتۇراتتى. لىيۇبوكا پراگىيەگە قاراپ يىللىق كۈلدى ۋە قولىدىكى مېدال سىيلە.

غان قىزىل قوتىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويىدى.

"ئەمدى ئوبدان بولدى، — دەپ ئويلىدى پراگىيە ئىچىدە، — خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئامراق بولۇشۇپ قالار، ياخشىسى پاتراق نەۋرە كۆرسەم، كۆڭلۈم تىنىپ خاتىرجەم بولۇپ قالاتتىم. ليۇباۋا شۇ كۈنلەردە باشقىچە بولۇپ قالدى. دەرۋەقە ئۇ تېخى بەك ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ يۈرىدىغان بولۇپ كەتكىنى يوق، شۇنداقتىمۇ ھەر ھالدا بۇرۇنقى ياۋىلىقىدىن ۋە تەرسا ـ لىقىدىن قالدى، ئويۇن ـ كۈلكە، تاماشا دېگەنگە كەلسەك، ئۇ قانچى ـ لىك ئىش ئىدى، كۈن راۋۇرۇس ئۆتسىلا بولدى، ئادەم دېگەن كۈن بويى ھې ـ ھې، ھا ـ ھا بىلەن كۈلۈپ ئويناپلا يۈرسىمۇ بولمايدۇ ـ دە."

— قارىغىنا، خانىم كەلدى، — دېدى سامسانىنخا موماي پراگىيەنى ئوقۇشلاپ.

دېگەندەك ژاركا مېتىر كىننا سەھنىگە چىقىپ كەلدى ۋە كوممۇ ـ نىستىك ياشلار ئىتتىپاقى نامىدىن سۆز قىلدى. ئۇنىڭ مىجەزى ئاتىسى كاراسكانىڭ مىجەزىنى زادىلا تارتمىغانىدى، ئۇ ھەممىلا جەھەتتىن مەرھۇم ئانىسىنى تارتقانىدى. ئۇنىڭ ئانىسى مارىيەمۇ غەيرەتتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئايال ئىدى، ئەپسۇسكى دۇنيادىن ۋاقىتسىز كېتىپ قالدى.

"ژاركا ئۆيىمىزگە كېلىن بولۇپ كىرگەن بولسىمۇ ئوبدان كېلىن بولۇپ قالار ئىدى، — دەپمۇ ئويلىدى پراگىيە ئىچىدە، — بىراق ئاتىسى كاراسكانىڭ مىجەزى ئۇنىڭدىمۇ توساتتىن كۆرۈلۈپ قالىدىغان بولسا چاتاق بولاتتى ـ دە. كاراسكا دېگەن خەقنىڭ ئەدىبىنى بېرىشكە كەلگەندە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان ئەبلەخ تۇرسا،

دەرۋەقە، خەقنى ئۇنداق يامان چاغلاپ كىشىنىڭ ئۆزىمىغۇ بىر گۇناھ. بىراق ئىش راستلا پەرىزىمدىكىدەك بولۇپ چىققىنىدا پۇشايمانى ئالغىلى قاچا تېپىلماي قالغان بولاتتى، مىتكا دېگەن قوينىڭ قوزىسىدەك بىر بالا. ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلىۋالغان ئايال ئۈچۈن، ئۇنى تىزگىنگە ئېلىش بىر يۇتۇم سۇ ئىچكەندىنمۇ ئوڭاي ئىش.

يىغىننىڭ تاماملانغانلىقى جاكارلاندى، بالىلار پەردىنى يېپىپ تىنچلاندى، ياشلار ئورۇندۇقلارنى چەتكە تارتىپ، تانسا ئوينايدىغان ئورۇن چىقاردى، سامساننىخا پراگىيەنى تالاغا تارتتى، پراگىيە ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ خېلى بىرھازاغىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ مىتكا بىلەن لىيۇباۋانىڭ تانسا ئويىنىغىنىنى كۆرگۈسى بار ئىدى، ئۇ ئۇۋچىلارنىڭ مىتكانى ھاراق ئىچىش ئۈچۈن بۇفېتقا باشلاۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەكرەك كۈچەۋاتقىنى يەنە شۇ كوركا ئىدى. بىراق مىتكا لىيۇباۋادىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمايتتى، بارالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قول ئىشارىسى قىلاتتى. بۇ قىلغىنىڭ دۇرۇس، ھاراق ئىچكۈڭ كەلسە، ئۆيگە بارغاندا قانغۇدەك ئىچىۋالامسەن.

كۆپچىلىك ۋالىسقا چۈشتى، لىيۇباۋا مىتكانى تانسىغا تارتتى، پراگىيە لىيۇباۋانىڭ بىربىلىكنى مىتكانىڭ كەڭ يەلكىسىگە يېنىككىنە قويۇپ، مىتكانىڭ بولسا بىر قولى بىلەن لىيۇباۋانىڭ بېلىنى ئېھتىيات بىلەن تۇتۇپ ۋالىسقا پىرقىراۋاتقانلىقىغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ ئولتۇردى. لىيۇباۋانىڭ چىرايىدىن قانداقتۇ بىر خىل ئويچانلىق چىقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭدا يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە ھەسرەت ئالامەتلىرى باردەك قىلاتتى (بەلكىم بۇ قىزنىڭ مىجەزى تۇغۇلۇشىدىنلا شۇنداق بولسا كېرەك؟). ئۇ پۇتلىرىنى تېز-تېز يۆتكەپ مىتكانىڭ قەدىمىگە بىرمۇبىر

يېتىشىپ ماڭاتتى. پراگىيە ئەتراپقا نەزەر سېلىپ، بۇ بىر جۇپ تانسا-
چىنىڭ تانسىسىدىن ياشقىلارنىڭ ھۇزۇر ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭ-
لىدە بەكمۇ خۇشال بولدى. ئىش بولمىسا، بۇ يەردە ئۇنىڭغا نېمە بار،
ياشلارنى قورۇندۇرۇپ. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىچى-قارنىنى ئېچىۋالغاندىن
كېيىن، بولدى ئەمدى، ئۆزەمنى ئۆزەم سوراي دېگەن يەرگە كەلدى.

پراگىيە كۈلۈپتىن چىقىپ ئاستا ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، ئاسمانىنى
قاپلىغان يۇلتۇزلار خۇددى ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدىكىدەكلا چاقناپ
تۇراتتى؛ يەردىكى قارمۇ ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئىلگىرىكىدەكلا غاچىلا-
دايتتى، يىللار ئۇنىڭغا ھايات بەخش ئېتىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى
خاتىرجەم ئۆتكۈزسۇن دەپ، ئالدىرىماي، ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك
ئىدى.

پراگىيەنىڭ كۆزلىرىگە بىردىنلا ياش كېلىپ، كۆز نۇرى خىرە-
لەشتى. شۇ دەقىقىدە ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ مەڭزىنى بويلاپ
ئېقىپ چۈشتى، بۇ نېمە ئىش؟ نېمىشقا ئۇنىڭ كۆزىدىن توساتتىن
ياش چىقىپ كەتتى، بۇنىڭ سەۋەبىنى پراگىيەنىڭ ئۆزىمۇ بىل-
مەيتتى، ئاياغ ئاستىدىكى قار غاچ-غاچ غاچىلدايتتى، ئاسماندىكى
يۇلتۇزلار بىر خىلدا پارلاپ تۇراتتى. نېمىدېگەن گۈزەل ئاخشام،
نېمىدېگەن ياخشى كۆڭۈل، بۇنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش تەس.

## 18

روژدېستۋو بايرىمىنىڭ ئالدى-كەينىدە قەھرىتان سوغۇق چېكىگە
يەتتى. شانوتروسوۋلار ئائىلىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كاچكۇل بىر كېچە-
دىلا قېلىن مۇز تۇتۇپ كەتكەنىدى. مىتكا چېلەكلىرىنى كاچكۇل

يىنىدا قويۇپ، ئۆيدىن لوم تۆمۈر ئېلىپ چىقتى. مۇزنى لوم تۆمۈر بىلەن خېلى ئۇزاق چوقۇپ، ئىككى پۇت پاتقۇدەك قىلىپ ئەيچىلىگىنە ئويۇپ چىقتى. شۇ ئويمانغا مەزمۇت دەسسەپ تۇرۇپ سۇ ئېلىش ئوڭايغا چۈشەتتى. مىتكا شۇنىڭدىن كېيىن كاچكۇل ئېغىزىنى ئىككى چېلەك پاتقۇدەك چوڭلۇقتا ئاچتى، ئاندىن ئۇششاق-ئۇششاق مۇز پارچىلىرىنى ئېلىپ شىلدىرلاپ ئېتىلىپ ئېقىۋاتقان سۇنى بىر پەس تاماشا قىلدى.

مىتكا ئىككى چېلەككە لىق سۇ ئالدى-دە، قەدىمىنى مەزمۇت بېسىپ تۆپىلىككە قاراپ يۈرۈپ كەتتى، ئۇ چېلەكتىكى سۇدىن بىر تېمىمۇ ئېقىتماي سىلىق ماڭاتتى. ئۇ بۇنداق ئىشلارنى ئىنتايىن رازىمەنلىك بىلەن قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۆينىڭ ئېغىر ئىشلىرىنى جايى-جايىدا قىلىپ تۈگەتتى. ئۇ شۇنداق قىلسام مەن كەتكەندىن كېيىن ئانام بىلەن لىۋباۋا خېلى ۋاقىتقىچە جاپا تارتىپ قالمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئەتىلىككە يەنە ئورمانغا قايتىدىغانلىقى توغرىسىدا بولسا ئىمكان قەدەر ئويلانمايتتى. ئۇ قۇرىغان ئوت-چۆپلەرنى بىر ئارا-بىر ئارىدىن كالا ئېغىلىغا يۆتكىدى؛ ئوتۇن ياردى؛ سىيىرنىڭ ئوقۇرىنى ئوڭشىدى. ئەتە سەپەرگە ئاتلىنىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى.

پراگىيە مىتكاغا توقۇۋاتقان ئىسسىقىنا بىر جۈپ يۇڭ پايپاقنى توقۇپ بولالماي دەپ قالدى. ئۇ دېرىزە تەكچىسىدىكى گۈل لوڭقىسىنى چەتكە ئېلىۋېتىپ، دېرىزىدىن ئوغلىغا تەبەسسۇم بىلەن قارايتتى. ئىشىك ئالدىدىن ئېھتىمال رايوننىڭ بولسا كېرەك، ناتونۇش بىر ماشىنا گۈركىرەپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەتراپنى جىمجىتلىق باستى، پەقەت مىتكانىڭ غاراسلىتىپ ئوتۇن يېرىۋاتقان

ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى.

— ئەھۋالىڭ قانداق، ياخشىمۇ سەن بويتىقىم!

كوركانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان مىتكا ئىشىنى توختىتىپ ئۆزىنى رۇسلىدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ سەممىي كۈلدى.

— ئوتتۇننى 100 يىل يەتكۈدەك جىق يېرىۋېتەي دەمسەن نېمە؟

كوركا يېپيېڭى جۇۋا كەمىزۇل كىيىۋالغان بولۇپ، يانچۇقىدىن هاراق شىشىسىنىڭ بوينى چىقىپ تۇراتتى.

— يېرىپ قويسام كېيىن ئەسقاتىدۇ-دە، — دېدى مىتكا، — يىراققا بارماقچى ئوخشىمامسەن؟

— ئىشىم يوق. بۈگۈن ئاخىرقى كۈن، شۇڭا ئويىنىۋالاي دەيمەن.

— بوپتۇ، بارغىن.

— ئەتە كۆرۈشەيلى.

كوركا غادىيىپ، قەدىمىنى چوڭ-چوڭ تاشلاپ يۈرۈپ كەتتى، مىتكا ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

بۈگۈن هاۋا سوغۇق بولسىمۇ، قىشنىڭ تازىمۇ ئوچۇق كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئېلېكتر سىملىرىنى قىرو باغلىغان، شاننوتروسوۋلار ئائىلىسىنىڭ دېرىزىسى تۈۋىدىكى چېتىن دەرىخىنىڭ شاخلىرىنى ئاپئاق تۇمان قىروسى قاپلىغانىدى. ليۇباۋا چۈشلۈك تاماققا قايتىدىغان ۋاقىتقىچە مىتكا بىر تالاي ئوتتۇننى يېرىپ بولدى. ئۇ ليۇباۋانىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدى. ليۇباۋا بېشىغا ئاپئاق يۇڭ ياغلىق چىگكەن، ئۇچىسىغا يارىشىملىق خۇرۇم پەلتو، پۇتىغا قاپقارا پىيما كىيگەن هالەتتە كوچىدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. مىتكا كېلىۋاتقان مېنىڭ ليۇباۋامىمۇ ياكى باشقا ناتونۇش ئايالمۇ دەپ

ئايرىۋالالماي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىردىنلا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ لىۋباۋاسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى-دە، يۈرىكى شادلىق ۋە بەخت تۇيغۇسىغا تولۇپ، ھاياجان ئىلكىدە ھەرىكەتتىن توختاپ قالاي دەپ قالدى، شۇ ئاندا ئۇ ھەرقانداق بالا-قازا ۋە بەختسىزلىك ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن ھەممىگە تەييار تۇرۇشقا بەل باغلىدى؛ يەنە بىردىنلا كۆزلىرى چوڭ-چوڭ ئۇ گۈزەل قىزنىڭ ئۆزىنىڭ لىۋباۋاسى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغىنىدا بولسا روھى بەك چۈشۈپ، قوللىرى ئىختىيارسىز لاسسىدە ساڭگىلاپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇ ئىچىدە: مۇشۇنداق ئازاب ھەممىلا ئادەمنىڭ بېشىدا بارمىدۇ ياكى مەنلا شۇنداق تۇغما بەختسىزدۇرمەنمۇ دەپ ئويلاپ قالدى.

— بۈگۈن ژاركانى ماشىنا بىسۇۋەتكىلى قىل قالدى، — دېدى لىۋباۋا تاماق ئۈستىدە، — كوركا ماشىنىنى كەينىگە ياندۇرۇۋاتاتتى، ئىشچىلارنىڭ ياغاچ تىزىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇۋاتقان ژاركا يان تەرەپتىن كەلگەن تراكتورنىڭ سىگنالىنى ئاڭلىمىدى. شۇنىڭ بىلەن تراكتور ئۇنى سوقۇۋەتتى. كوركا ئەھۋالنى تۇيۇپ، ماشىنىنى غاچچىدە تورمۇز بېرىپ توختىتىۋالدى.

— تاس قاپتۇ-دە، — دېدى پراگىيە ئەندىكىپ، — قىزىم، ئۆزەڭنى بەك ئاۋايلىغىن. ئىلاھىم ۋەقە چىقمىسۇن، راستىلا بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالىدىغان بولسىزە، مىتكا بىلەن ئىككىمىز تۈگىشىپ كېتىسىمىز جۇمۇ.

مىتكا ھە دەپ شورپا ئىچىۋاتاتتى، لىۋباۋا تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭغا ئىتتىك بىر قاراپ قويدى. مىتكا ئۇنىڭ كۆز نۇرىنى ۋە تەبەسسۇمىنى سەزگەندەك قىلىپ بېشىنى كۆتۈردى، ئىككىسىنىڭ

كۆزلىرى ئۆزئارا ئۇچراشتى. لىيۇباۋا مىتكانىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئاق قەلبىنى ۋە ئۆزىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى تۇنجى قېتىم كۆردى. شۇ چاغدا قانداقتۇ بىر ئىسسىق ئېقىم ئۇنىڭ يۈرىكىگە شۇررىدە ئېقىپ كىردى، ئۇ هارارىتى ئۆرلەپ ئوتتەك قىزىپ كەتكەن يۈزىنى ئىككى قولى بىلەن ئىختىيارسىز ئېتىۋالدى.

دەل شۇ ۋاقىتتا كىمدۇ بىرى ئۇلارنىڭ دېرىزىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدى. دەرۋازىنىڭ غاچچىدە ئېچىلغان ئاۋازىدىن كېيىن، پەلەمپەيدىن ئاياغ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن ئىشىك بوش چېكىلدى.

— كىرىڭ، — دېدى پراگىيە بىلەن مىتكا تەڭلا ۋە ئىشىك تەرەپكە قارىدى. ماكاروۋكادا ئۆيگە ئىشىكنى چېكىپ كىرىدىغان ئادەت يوق ئىدى، ئىشى بارلار ئىشىكنى ئېچىپلا كىرىۋېرەتتى.

مېھمان ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇچىسىغا چىرايلىق پەلتو، بېشىغا توشقان تېرىسىدىن تىكىلگەن چىكىلەكلىك قۇلاقچا كىيگەن بەستلىك ئادەم بولۇپ، چىرايىدىن قانداقتۇ بىر چۈشىنىكسىز تەبەسسۇم ئەكس ئېتەتتى. مىتكا بىر قاراپلا ئۇ ئادەمنى قايەردىدۇ بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدى، ئۇ ئادەمنىڭ كىشىگە يېقىملىق تۇيۇلىدىغان تەبەسسۇمىمۇ مىتكاغا تونۇشلۇقتەك بىلىندى. بىراق، شۇ چاغدا مىتكانىڭ يۈرىكى نېمىشقىدۇ توساتتىن قارتتىدە قىلىپ، بىرقىسما بولۇپ كەتتى. ئۇ ماتورلۇق قېيىق بىلەن يۈركان دۆمبىلىدىن ئۆتكەندە، يۈرىكىنىڭ خۇددى هازىرقىدەك قارتتىدە قىلىپ كەتكەنلىكىنى بىردىنلا ئېسىگە ئالدى.

— كىمنى ئىزدەيسىز، — دەپ سورىدى پراگىيە مېھمانغا مىختەك تىكىلىپ قاراپ.

www.uyghurkitap.com

— ئۇ مېنى ئىزدەيدۇ، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ليۇباۋا. ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان بولۇپ، كۆكرىكى ئېغىر-ئېغىر كۆتۈرۈلۈپ پەسلەيتتى. ئۇ ھەسرەتلىك مۇلايىم كۆزلىرىنى مېھمانغا تىككىنىچە جايىدا قىمىرلىماي بىر پەس تۇردى، ئاندىن، — مەن بىر دەمدىلا يېنىپ كىرىمەن، — دېدى-دە، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تالاغا ماڭدى، ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق ئاستا چىقتىكى، ئاساەن ئاڭلانماي قالدى.

— كەچۈرگەيسىزلەر، — دېدى مېھمان پراگىيە بىلەن مىتكاغا يەنىلا چۈشىنىكسىز كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن ليۇباۋانىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى.

— چاپىنىنىمۇ كىيمەيلا چىقىپ كېتىپ قالدى، — دېدى پراگىيە بىرئازدىن كېيىن ئېسىگە ئېلىپ، — سوغۇق تېگىپ قالمىغىدى...

ليۇباۋا ۋىياچېسلاۋنىڭ چىرايىغا جىددىي ھەم ئاغرىنىش نەزىرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ۋىياچېسلاۋنىڭ چىرايىدىن نېمىنىدۇ ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى، شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى بايقىدى.

— ليۇبا، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى ۋىياچېسلاۋ.

— نېمە ئىشنى دەيسىز؟

— خوشلاشماستىنلا، تۇيۇقسىز كېتىپ قاپسەن. بىرەر چاتاق چىققان ئوخشايدۇ، دەپ قالدىم...

— ھېچ ئىشقۇ بولغىنى يوق... — دېدى ليۇبوكا كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا، ئۇنىڭ كۆز نۇرى قارلىق تاغنى، مۇزلۇق دەريانى، يىراقتىكى ئۇپۇق سىزىقىنى يېرىپ ئۆتتى.

— مارىيە ئىئوسىفوۋنانىڭ ھەققى يوق... — دەپ ئىزاھ بېرىشكە باشلىدى ۋىياچېسلاۋ پەرىشانلىق ئىچىدە، بىراق ليۇبوكا ئۇنىڭ

گىپىنى بۆلۈپ مۇلايىملىق بىلەن دىدى:

— ياق، ۋىياچىسلاۋ ئىۋانوۋىچ، ئۇ ھەقلىق، — ئارقىدىن يەنە تەكرارلىدى، — ئۇ شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق.

ۋىياچىسلاۋ ھەيرانلىقتا ئۇنىڭغا بىر قارىدى-دە، بىشىنى سىلىپ، ئاستا دىدى:

— ماڭا بىرەر پارچە خەت بولسىمۇ يىزىپ قويساڭ بولمايتتىمۇ... قاتتىق ئەنسىرەتتىڭغۇ ئادەمنى.

— گىپىڭىز شۇمىدى؟ — دەپ سورىدى ليۇبوكا جىددىيلىشىپ.

— بۇ نىمە دىگىنىڭ؟ — ۋىياچىسلاۋ ليۇبوكانىڭ گىپىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىدى.

— سىزدە ئەنسىرەشتىن باشقا ئىش بولمىدىما؟ — ليۇبوكا سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى.

— ليۇبا... — ۋىياچىسلاۋ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

— ئەمدى گەپ قىلىشقا ئورۇن قالمىدى، — ليۇبوكانىڭ بەدىنى بىردىنلا سىلكىنىپ كەتتى، ئۇ ۋىياچىسلاۋغا چىڭ تىكىلدى. ۋىياچىسلاۋ شۇ تاپتا كۆز ئالدىدا پۈتۈنلەي باشقا بىر ليۇبوكا — ئۆز ئىززىتىنى بىلىدىغان، مۇستەقىل كىشىلىك غۇرۇرىغا ئىگە ليۇبوكا تۇرغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. ليۇبوكا ۋىياچىسلاۋغا يەنە بىر قارىۋىتىپ، كەينىگە شاققىدە ئۆرۈلدى-دە، ئۆيگە ئىتتىك كىرىپ، ئىشىكنى چىڭ ياپتى.

## 19

ئەتىگەندىلا شامال چىقىپ، يەردىكى قارلارنى پۇرقىرىتىپ

ئۇچۇرۇشقا باشلىدى. مەرۋايىتتەك پارقىراق قار ئۇچقۇندىلىرى يولدا شامال بىلەن تۇرۇم-تۇرۇم تۇرۇلۇپ كېلەتتى. بىردەمدىلا تام تۈۋلىرى ۋە بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا ئۇششاق-ئۇششاق قار دۆۋىلىرى ھاسىل بولدى. بىراق، ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، سۈپسۈزۈك كۆك ئاسماندا بىر ساۋامۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. ئاسماندا يېڭى ئاي خىرە نۇر چېچىپ تۇراتتى.

بىر توپ قۇشقاچ قىش كىرگەندىن بۇيان تونجى قېتىم ئورماندىن ماكارووكىغا ئۇچۇپ كېلىشتى. بۇ قۇشقاچلارنىڭ يۇمران پەيلىرى پاكىز قىزغۇچ رەڭ ئالغان بولۇپ، بېشىدا كىچىككىنە پەيتاجى بار ئىدى. ئۇلار چېتىن دەرىخىگە قوندى-دە، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ھۆسنىنى كۆز-كۆز قىلىشقا باشلىدى. كەنت ئاسمىنىدا ئۇلارنىڭ سۈزۈك، ياڭراق، ساپ ھەم لەرزان ناخشىسى ياڭرايتتى، ئۇلارنىڭ ئاۋازى گويا گوتسىرنىڭ① ئاۋازىدەك ئاجايىپ يېقىملىق ئىدى...

— مىتكا، چاپسان بول! — ماشىنىغا چىقىپ بولغان ئوۋچىلار ئۇنى چاقىردى، — خوشلىشىش مۇراسىمىنى تېز تۈگەت، ماشىنىدىن قالساڭ، بوران چىقىپ كەتسە چاتاق بولىدۇ. يەنە بىر ھەپتە تۇرۇپ قالىسەن.

مىتكا ھەمراھلىرىنىڭ ۋارقىراشلىرىغا پەرۋا قىلمايتتى، ئۇ ليۇباۋانىڭ پارلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە پەرىشان ھەم بىچارە ھالەتتە قارىغىنىچە، ئۇنىڭ چىرايىدىكى چۈشىنىكسىز تەبەسسۇمغا سەپسالماس-

---

① رۇسلارنىڭ كۆپ تارلىق قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ سامتۇر دېگەن چالغۇ ئەسۋابىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

لىققا تىرىشاتتى. ئۇ يولغا چىقىپ كېتىشتىنمۇ، ليۇباۋانىڭ قېشىدا قېلىشتىنمۇ قورقاتتى.

— ماڭمىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى، ليۇباۋا، — دېدى ئۇ ئىلاجى-سىزلىقتىن كىمدۇ بىرىدىن پاناھلىق تىلەۋاتقاندەك ھالەتتە كۆلۈمسىرەپ ۋە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

— شۇنداق، ماڭىدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى، — دېدى ليۇبا-ۋامۇ، — ماڭىدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى، ماڭغىن، مىتە، قارا، ئۇۋچىلار سېنى كۈتۈپ قالدى. ماڭىدىغان ۋاقتىڭ بولدى، ئەمدى ماڭغىن، ماڭغىن مىتە، — ئۇ نېمىنىدۇ ئويلاۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى مىتكاغا تىككىنىچە ماڭىدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى دېگەن گەپنى يېنىشلاپ-يېنىشلاپ دېدى.

— ئۇنداقتا مەن كەتتىم، ليۇباۋا...

— ماقۇل، ماقۇل... توختاپ تۇرغىن!

ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇپ، قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرى بىلەن مىتكانى سۆيدى. چوككىدە قىلىپ سۆيگەن ئاۋاز شۇنداق بوش ئىدىكى، مىتكا يا ليۇباۋانىڭ نەپەس ئاۋازى ئىكەنلىكىنى، ياكى سۆيگەن ئاۋازى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي قالدى. ليۇباۋا مىتكانى بىرنى سۆيۈپلا ئۆزىنى شاققىدە چەتكە ئالدى، ئۇنىڭ چىرايىدا مىتكانى تەشۋىشكە سالىدىغان تەبەسسۇم يەنە پەيدا بولدى...

— ماڭغىن... بارغاندىن كېيىن ئۆزەڭگە كۆپرەك پەخەس بول...

مىتكا ماشىنىسىنىڭ كۇزۇپىغا كۆچەپ تۇرۇپ ئارتىلىشىغا ماشىنا ئوت ئېلىپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ جايىدا قېتىپ تۇرۇپ قالغان ليۇبا-

ۋانى، ئۇنىڭ تەبەسسۇملۇق چىرايىنى بىرنەچچە سىكۇنتقىچە كۆرۈپ تۇردى. ماشىنا دوقمۇشتىن قايرىلغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىتكا-نىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب بولدى.

لىۋباۋا ئۆيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆيدە ئۇ ياندىن بۇ يانغا مېڭىشقا باشلىدى، ئۇ پراگىيەنىڭ گۇمانىي نەزەر بىلەن قاراشلىرىغا دىققەت قىلمايتتى. شۇ تەرزدە بىرھازاغىچە مېڭىپ يۈرگەندىن كېيىن چىلەكنى قولىغا ئالدى-دە، تالاغا ماڭدى.

— نەگە بارىسەن، يىراقمۇ؟

— سۇغا.

— سۇ بار.

— يېڭى سۇ ئېپكېلەي.

دەريادا شامال قارلارنى ئۇچۇرتۇپ تېخىمۇ ئەدەپ چىقىۋاتاتتى، بىراق كاچكۇلدىكى سۇ يەنىلا بىر خىلدا سۈزۈك ئىدى، كاچكۇل ئەتراپىدىكى مۇز شۇنداق تۈپتۈز، تەكشى چوقۇلغان ئىدىكى، گويا مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇراتتى. لىۋباۋا چېلەكنى قويۇپ، يىراقتىكى تاغقا ۋە تاغ ئارىسىدىكى شۇنچىكى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان چىغىر يولغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاراپ تۇردى. ئاندىن چېلەكلىرىگە تولدۇرۇپ سۇ ئېلىپ كەينىگە بۇرۇلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى چۆمۈچ ئېلىپ كېلىۋاتقان پراگىيەگە چۈشتى، لىۋباۋانىڭ كېلىۋات-قانلىقىنى كۆرگەن پراگىيە قەدىمىنى توختاتتى.

— قارا، — دېدى پراگىيە بىر تىنىۋېلىپ، — كاچكۇل توڭلاپ مۇز تۇتۇۋېلىپ ئېتىلىپ قالغان بولسا، سۇ ئالالمايۋاتامدىكىن دەپ چۆمۈچ ئېلىپ كەلگەنىدىم.

— مىتكا ئەتىگەندە بىر ئوبدان چوقۇپ قويۇپتۇ، — دېدى

لىۇباۋا كولۇپ تۇرۇپ. "مىتىكا" دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۇنداق يېقىملىق چىقتىكى، بۇنى ئاڭلىغان پراگىيەنىڭ يۈرەكلىرى يايراپ كەتتى.

— ھە، مۇنداق دېگىنە، — دېدى پراگىيە تىترەڭگۈ ئاۋازدا، — مەن كۈتۈۋاتۇرۇشۇپ بېرەي.

— ياقەي، ئانا، — دېدى لىۇباۋا پىسىڭگىدە كۈلۈپ. ئۇ "ئانا" دېگەن سۆزنىڭ ئاغزىدىن شۇنداق تەبىئىي چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.

كاچكۇلدىكى تىنىق، سۈپسۈزۈك سۇ بۇ دۇنيادىكى ھېچقانداق ئىشقا پەرۋا قىلماي ۋە ئەجەبلەنمەي بىر خىلدا شىلدىرلاپ ئاقاتتى. تىنىق ئاسماندىكى يېڭى ئاينىڭ قىرىدا بىر ساۋام ئاق بۇلۇت لەيلەپ تۇراتتى.

(«ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى»
ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: سابىر ئېلى
تەرجىمە تەھرىرى: غۇلام غوپۇرى

www.uyghurkitap.com

**花　坛**

(18)

(苏联小说选译)

(维吾尔文)

民族出版社编辑出版　新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本:850×1168毫米1/32　印张:9 1/2

1989年1月第1版

1989年1月北京第1次印刷

印数:0001—1,500册　定价:1.90元

ISBN 7—105—00557—2/I·108

民文　(维4)

ISBN 7—105—00557—2/I·108
民文 （维4） 定价： 1.90元